# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ
# ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى

(ئىلمىي ماقالىلەر)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىمىنجان ئەخمىدى،
ئىسمائىل تۆمۈرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى











# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 86 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ 54 - يىللىقىدا شائىرنىڭ يۇرتى، گۈزەل ئۈزۈمزار شەھەر — تۇرپاندا 1987 - يىل 13 - مايدىن 17 - مايغىچە بەش كۈن داۋام قىلدى.

يىغىننى ئۆتكۈزۈش تەشەببۇسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن 1985 - يىلى كۈزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. تەشەببۇس تېزلا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېگە بولدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1987 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىغىننى، ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۆتكۈزۈش ئى-

شىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. يەنى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گورۇپپا باشلىقلىقىنى ئابدۇشۈكۈر تۇردى (ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقلىقىنى يۈسۈپ ئەيسا (سابىق تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى)، ئابلىز نازىرى (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى) ئۆز ئۈستىگە ئالدى. گورۇپپا ئەزالىرى تېيىپجان ئېلىيوپ (جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ئىمىن ئەخمىدى (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، قۇربان نىياز (تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىيسى)، ليۇبىن (ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى) ۋە مىجىت تۆمۈر (تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) يولداشلاردىن تەركىب تاپتى. ھەمدە رەھبەرلىك گورۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى.

مۇشۇنداق بىر يىغىننى ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئىمۇ ھەممەيلەننىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئۇ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات يۈزى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، خەلق ئۇزۇننىڭ بۇ سۆيۈملۈك شائىرى ۋە ئۇنىڭ يالقۇنلۇق شېئىرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قەلب دەپتىرىدە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، خۇددى شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئاتاپ يازغان شېئىردا تەسۋىرلىگىنىدەك، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە بىر يۈكسەك مۇنار تىكلىگەن بولۇپ، بۇ مۇنار ئالدىدا تۇرپان مۇنارى بەك

تۆۋەن ئىدى. 1947 - يىل ئىيۇلدا، تۇنجى قېتىم روزى قا-
دىرى، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە شائىرنى
جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ «باردۇر»، «ئىستىمەس»
ماۋزۇلۇق ئىككى شېئىرىنى ۋە «باقى ئاكىنىڭ دەردى» نامىلىق
ھېكايىسىنى (مەخمۇت ئەكبەر تەرىپىدىن تەييارلانغان) ئېلان
قىلغان. مەرھۇم شائىرنىڭ دوستى ئەكبەرخاننىڭ ئوغلى، شا-
ئىرنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ، قەلب دەپتىرىدە ساقلاپ
كەلگەنلەرنىڭ بىرى بولغان مەخمۇت ئەكبەر شائىرنىڭ شې-
ئىرلىرىنى ئايرىم توپلام قىلىپ 1956 - يىلى شۇ چاغدى-
كى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تاپشۇرغانىدى. لېكىن
«سول» چىل لۇشيەنىنىڭ كاساپىتىدىن بۇ توپلام ئېلان قى-
لىنماي قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شائىر، تۇرغۇن ئالماس، ئەر-
شىدىن تاتلىق، پەتتارجان مۇھەممەدى يولداشلار كەڭ
خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ۋەكىللىك قىلىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئە-
سەرلىرىنى ئىزلەش ۋە توپلاپ نەشر قىلىش توغرىسىدىكى
تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئىگە
بولدى. ئۇلار تۇرپانغا چۈشۈپ، شائىر ئەسەرلىرىنى توپ-
لاپ نەشرگە تەييارلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. مەخمۇت
ئەكبەر، ئابدۇراخمان باقى يولداشلارنىڭ خالىسانە ياردىمى
بىلەن 1979 - يىلدىن باشلاپ شائىرنىڭ 70 پارچىگە يې-
قىن شېئىرى «تارىم»، «بۇلاق»، «شىنجاڭ گېزىتى» سەھىپىلىرى-
دە ئېلان قىلىنىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنىڭ بى-
لەن بىللە، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا شائىرنىڭ ھايا-

تى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەقرىز ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

يۇقىرىقىلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە ئومۇميۈزلۈك توغرا باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىنى ئەمەلىيەتكە ۋە تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھالدا مۇقىملاشتۇرۇش ۋە شۇ ئاساستا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر يىغىننىڭ ئېچىلىشى زۆرۈر ئىدى.

يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمىتى پۇختا ئىشلەندى. يىغىن ھارپىسىدا يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى خادىملىرى ئىلمىي ماقالىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، بېكىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. شۇنداقلا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، يىغىن ئىلمىي ماقالىلىرىنى ياخشى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

يىغىن ھارپىسى ۋە يىغىن مەزگىلىدە يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى ھەر خىل نۇقتىدىن يورۇتۇپ بەرگەن 40 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسلىمىنى تاپشۇرۇۋالدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامۇت، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇ‍ـ

ئاۋۇن قوماندانى، شائىر ئەزىزوپ قاسىم ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى، ئىلمىي خادىم، يازغۇچى، شائىرلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇھەررىر، ئوبزورچىلار ۋە باشقا خادىملاردىن بولۇپ 80 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ئېچىلغان كۈنى يولداش يۇسۇپ ئەيسا ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتىدا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر ئىش بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۆۋەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شائىرنىڭ يۇرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشتا ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ قېلىش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى كۈللەندۈرۈشتە زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

يولداش يۇسۇپ ئەيسا مۇنداق دېدى: بىزگە مەلۇمكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر، يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى. ئۇنىڭ ئۆلمەس شانلىق ئەسەرلىرى ئۇلۇغ جۇڭخوا مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - 30 -، يىللاردا شېئىرنى جەڭگىۋار قورال قىلىپ، زۇلمەتلىك كونا دۇنيانى رەھىمسىز پاش قىلغان ۋە

ئۇنىڭدا شىددەتلىك ئوت ئاچقان، خەلقنى ئويغىتىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان قەيسەر ئىنقىلابىي تەشۋىقاتچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغالغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى، فېئودالىق، كونىلىقنى، دىنىي خۇراپاتلىقنى، خەلق ئىچىدىكى ناچار ئەخلاق، يامان ئادەت، قالاق ـ چىرىك ئىللەتلەرگە، نادانلىق، مەدەنىيەتسىزلىككە مۇرەسسەسىز قارشى تۇرۇپ، تۇرپاندا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشقا تىرىشقان مەرىپەتپەرۋەر جەڭگىۋار ئىدى». يولداش يۈسۈپ ئەيسا ئۆز سۆزىدە يەنە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگىنىمىزدە، شائىرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا كۆڭۈل بۆلگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

يولداش ئىمىنوپ ھامۇت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ شائىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دەۋر ئۆز خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن مەملىكىتىمىزدە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باشلانغان ۋە راۋاجلىنىۋاتقان دەۋر ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى باشلاپ بەرگەن مەشھۇر ۋەكىللەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ 30 ـ يىللاردا ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنى تىل، ئۇسلۇب، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن يېڭى يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدىغان ئاجايىپ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان. ئۇ-

نىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىدىيىسى ۋە يادروسى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلاب بىلەن خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى ... شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇلۇغ ئىدىيە ۋە يېڭىلىقلارنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىپ، زوراۋانلىققا، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرغان، قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى ئەيىبلىگەن، رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار بولغان، ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى شائىرانە تۈيغۇ بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكىلىرى ئارقىلىق دېھقانلار تۇرمۇشىنى كۈيلىگەنىدى. يولداش ئىمىنوپ ھامۇت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، يولداشلارنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنى، ئەدەبىي مىراسلارنى ئېچىش - تەتقىق قىلىش ئىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكوم شۇجىسى ئاۋۇت توختى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گوۋاڭلار ئۆز ئورۇنلىرىغا ۋەكالەتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى. يولداش ئاۋۇت توختى ئۆز سۆزىدە، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا 45 يىل توشقان بۈگۈنكى كۈندە ئېچىلغان بۇ يىغىننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «پارتىيىمىز ئەزەلدىن توغرا ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ

تۇرۇپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىق شارائىتى ۋە دېموكراتىيە - ئىناقلىق كەيپىياتى ئاساسىدىكى نورمال ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەسكە سايراش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقاتتا دادىل ئىزلىنىشكە ۋە ئەركىن مۇنازىرىگە يول قويىدۇ. مۇشۇنداق پاكىت قويۇش، قائىدە سۆزلەش يولى بىلەن ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە ئىلمىي ئېقىملارنىڭ ئەركىن مۇھاكىمىسىنى قانات يايدۇرغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلىنىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ.» يولداش جاڭ گۇيتىڭ تەبرىك سۆزىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شائىرغا ئاتاپ يازغان شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى.

يىغىن مەزگىلىدە ئىلمىي ماقالە، ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىن داۋامىدا يەنە ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم، سىراجىددىن زەپەر قاتارلىق ئون نەچچە يولداش سۆزگە چىقىپ شائىرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى تۈرلۈك نۇقتىدىن بايان قىلىپ ئۆتتى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى ۋە قۇربان نىيازلار يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلىپ يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى. يولداش قۇربان نىياز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تۇرپان مۇنارى ئەتراپىغا سەيلە - ئىستىراھەت بېغى بىنا قىلىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسىنى شۇ يەرگە يۆتكەپ، مەقبەرە

تىكلىمەكچى ھەمدە تۇرپان شەھرىدە يېڭىدىن ياسالغان ياش ئۆسمۈرلەر باغچىسىغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزماقچى* بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، يىغىن ئەھلى ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭراتتى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان تۇنجى قېتىملىق يىغىن بولۇپ، يىغىنىنىڭ تۇرپان خەلقىگە ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا بەرگەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى. يىغىندىن كېيىن «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ بىر سانىنى يىغىنغا مەخسۇس بېغىشلىدى. «تارىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرناللىرىمۇ يىغىن خەۋىرىنى ۋە يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللاپ باستى. ئومۇمەن، ھەممە بىردەك: بۇ يىغىن مۇشۇ كەمگىچە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئىچىدە تەسىرى بىرقەدەر زور، ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولغان، ئىلمىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەنگەن يىغىن بولدى، دەپ قاراشتى.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرىنى مەخسۇس توپلام قىلىپ نەشر قىلىش تەلىپى يىغىن مەزگىلىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندى. تۇرپان ۋىلايىتى بۇ ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرقانچە قېتىم ئۈرۈمچىگە ئادەم چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەسئۇللىرى ۋە بۇ ئاكادېمىيە قارمىقىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن-

لەر ئاكادېمىيىسى يېزىقىنى تەشكىللىگەن باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن قوشۇلۇشى ھەمدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ نەشرىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ قوللىشى بىلەن يېزىقىمىزنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈش ئىشىدا مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل بولۇشىنى بەلگىلىدى. نەشرگە تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، توپلامنى كۆزدىن كەچۈرۈش- پېكىتىش خىزمىتىنى يولداش ئابلىمىز ئازىرى ئىشلىدى.

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورۇ- نى» ناملىق بۇ ماقالىلەر توپلىمى، ئاساسەن، تورپان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ئەسلىمە- لەردىن تەركىب تاپتى. توپلامنى نەشرگە تەييارلاش ئىشى جىددىي تۇتۇلۇپ، تېز ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن ماقالىلەرنى تال- لاش - ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى بې- تىشىسىزلىكلەردىن، تەبىئىي، خالىي بولالمىدۇق. كىتابخانلارنىڭ كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا بىزگە سەممىي ياردەمدە بولۇ- شىنى سورايمىز.

1987 - يىل، ئۆكتەبىر

# مۇندەرىجە


نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.............. 1

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسى توغرىسىدا...............تېيىپجان ئېلىيوپ 1

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى...............ئابدۇشۈكۈر تۇردى 18

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز.......................ئىبراھىم مۇتىئى 34

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا..........ئىمىن تۇرسۇن 42

شائىر ئابدۇخالىقنىڭ تەخەللۇسى توغرىسىدا......................ئابدۇسالام ئاباس 46

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا ......ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 55

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا...........تۇرغۇن ئالماس 78

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا...........خېۋىر تۆمۈر 88

غورۇرلۇق ئىنساندىن غايىلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ.......................ئابدۇكېرىم راخمان 92

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى فېئوداللىق - خۇراپاتلىققا قارشى روھ.........نۇر مۇھەممەت زامان 105

زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى........
.................. مۇھەممەد پولات 117
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇ-
زىگە خاسلىقى ..................مەھمۇد زەيدى 140
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئاساسچىسى بولالامدۇ؟......ئىسمائىل تۆمۈرى 153
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىنىڭ دەۋر بۇلبۇلى...ئىمىنجان ئەخمىدى 173
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك توغرىسىدا..........
.......................جاپپار ئەمەت 189
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن مە-
رىپەتپەرۋەرلىك روھ توغرىسىدا.......مۇھەممەت شاۋۇدۇن 201
ئىنقىلابىي مەرىپەتپەرۋەر شائىر...مۇھەممەتجان سادىق 217
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى جەڭگىۋار
رېئالىزم...........ئابدۇۋەلى كېرەم 228
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك
مەنىۋى مىراس..........ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 243
شېئىرنى قورال قىلغان جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى.....
....................مۇھەممەت شانىياز 259
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا
.......................خەلچەم رىشىت 266
ئىزدىنىش..............ئىمىن ھاسىل 276
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىي
ئەمۇنە..........ئەنەيتۇللا قۇربان 285

ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن .........
ئابدۇراخمان ئابدۇساتتار ھاجى.......... 300
كۆيۈمچان ئاكا، تەلەپچان ئۇستاز................
ئابدۇراخمان ھاجى خېلىچمخان.......... 307
مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن
نىيازى ئېزىز................... 311
ئۇنتۇلماس خاتىرە............ئابدۇكۆلى ئابدۇللا 315

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسى توغرىسىدا

## تېيىپجان ئېلىيېۋ

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادىغا مەنسۇپ مۇھىم ۋەكىلى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەنئەنىۋى تېمىلىرىنى، ئىدىيىلىرىگە ھەم بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۈرىشى داۋامىدا بىخ ئۇرغان دېموكراتىك ئىدىيىلەرگە ھەمدا بولۇش، خەلققە يېقىن، ئاممىباپ ئەدەبىي تىلنى جارى قىلىش ھەمدە بەدىئىي شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىش ئىزدىنىشى ئاساسىدا شەكىللەندى. بىز بۇ خۇسۇسىيەتنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرىمىز.

شائىر ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىل، شىنجاڭ رايونىدا مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلار تەختتە ئولتۇرغان، فېئوداللىق مۇستەبىتچىلىك، جاھالەت ۋە مىللىي كەمسىتىش خەلقنى بىزار قىلغان،

شۇنىڭدەك بۇ خىل چىرىك ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشمۇ جىددىي رېئاللىققا ئايلانغان دەۋر ئىدى، بۇ — مۇشۇ دەۋردىكى ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن زېمىن. بۇ كۈچلەر ئەينى زاماندا شىڭخەي ئىنقىلابى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن مەدەت ئېلىش ھەمدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي ئىدېيىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىدە يېڭى دېموكراتىك ئىدىيىۋى ئېقىمغا مەنسۇپ ئامىللارنى يېتىشتۈرگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئەنە شۇ ئامىلنىڭ جانلىق بەدىئىي دەلىلى.

ھازىر قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيىتىنى مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىلەن باشلىغاندەك تۇرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ باشلىنىشتا (يىگىتلىكتە) بولۇشقا تېگىشلىك ئىشقىي ھېسسىياتنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى. بىز بۇ شېئىرلاردا بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىشقىي قوشاقلار ئەنئەنىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى ھېس قىلىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭدا بۇ تېمىغا مۇناسىپ ھېسسىيات ۋە ئۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىجادىي روھمۇ خېلى گەۋدىلىك.

شائىر رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىگە چوڭقۇر كىرىش، بىلىم ئاشۇرۇپ، يۇرت كېزىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەريانىدا، شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئۆز ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاكتىپ ئىزدىنىشكە كىرىشكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە بۇرۇنراق ۋە ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈلگەن مۇھىم بىر ئىدىيە — دىنىي خۇراپاتتىن ئىبارەت جاھالەتنى سۆكۈپ، مەرىپەتنى تەرغىپ قىلىش.

ئاڭلىق جامائەتكە مەلۇمكى، دىنىي خۇراپات ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ھادىسە ۋە ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى. ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى مىللىتىمىزنى غەپلەت ئەللىيى بىلەن ئۇخلىتىپ، زامانىۋى يېڭى ئاڭنىڭ ئويغىنىشىغا يول قويماي، قالاقلىق ئاسارىتىگە باغلاپ، تەرەققىي قىلىشقا «ئىجازەت» بەرمەي كەلگەن ئالدامچى، مۇتىھەم، ھۆكۈمران كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغان مىللەتنىڭ ئۆزىنى، دەۋرنى، دۇنيانى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي، مىللىي ھوقۇقىنى، بۇرچىنى جارى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ھەرقانداق زوراۋان رەزىللىك ئۆزىگە قارشى كۈشەندە تۇغدۇرىدۇ. زوراۋان دىنىي خۇراپاتنىڭ رەزىللىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرۈپ قاتتىق ئازابلانغان، ئىلغار ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىدە ئىسيانكارلىق روھىنى يېتىشتۈرگەن ئىلغار كۈچلەر، جۈملىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ رەزىللىككە قارشى تىغ كۆتۈرۈشكە پېتىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ «غەزەپ ۋە زار» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، «كاپىر ـ جەدىد» دەپ قاغشىدى،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارمەن.»

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبۇ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.»

«ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت،
خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز تۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن؟»

بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، پەن - مەنىۋىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئارقىدا قېلىپ قالغان مىللەت (يەنى ئۇيغۇر خەلقى) بىلەن تەرەققىي قىلغان مەدەنىي مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئېچىنىشلىق سېلىشتۇرمىدىن تۇغۇلغان ئەلەملىك پىغانىنى، مىللەت ئالدىدا ئۆزلىرى ئەڭ چوڭ گۇناھكار بولۇپ تۇرۇقلۇق مىللەتكە نىجاتلىق بەخش ئەتكۈچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئىلىم - پەنگە ئىنتىلگۈچىلەرنى چوڭ گۇناھكار ساناپ جازالايدىغان مۇتەئەسسىپ جاھالەتپەرەستلەر دەستىدىن ئۆرتىنىپ ئاتەشكە ئايلانغان قەلبىنىڭ ئىسيانكار ساداسىنى ئاڭلايمىز.

مەلۇمكى، دىنىي خۇراپات ۋەكىللىرىنىڭ چوڭ دەستىكى بېشىدىكى سەللە، ئۇستىدىكى تون - پەرىجە، قولىدىكى تەسۋى، تەرغىپ قىلىدىغىنى تۇلاچىلىق، كۆزلەيدىغىنى خەلقنى ئالداپ ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ھارام مەنپەئەتكە ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشىش. بۇ خىل رىياكارلىق مۇناپىقلىقنى نەپرەت بىلەن سۆكۈش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئەنئەنىۋى تېمىسى ئىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇشۇ ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە زاماندىش بولغان دىنىي خۇراپات ۋەكىللىرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى چۈۋۈشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا:

«يوغان سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرۈشكە زاھىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك»

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا ئاچچىق تەنە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ، رەزىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنى سىنچىلاپ ئوقۇغىنىمىزدا شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە، دىنىي خۇراپات مۇستەقىل - يەككە ھادىسە بولماي، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتىن مەنپەئەتتار بولغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئىجتىمائىي تايانچى ۋە شېرىكى (بۇ نۇقتىنەزەر ئۇنىڭ «دىيەجۇجى-مەجۇجى» دېگەن شېئىرىدا ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن). مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دىنىي خۇراپاتقا قارشىلىقىنى ئادەتتىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك دېپلا باھالاش كەملىك قىلىدۇ، مېنىڭچە، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ بىر ئىپادىسى.

دېموكراتىك ئىدىيە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئۆچمەنلىكىنى جاكارلىغان شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ ياشىغان دەۋردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە قارىتا مىللىي زۇلۇمنىڭ تېخىمۇ ياۋۇز، ھېلىگەر ۋارىسى ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ قوشلاپ زۇلۇم چەككەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسىغا، كۈرەش ئەمەلىيىتىگە ئايلانغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىرقانچە قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى، جۈملىدىن، خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ ئاشۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىغا قارشى خەلق غەزىپىنىڭ شىددەتلىك پارتلىشى ئىدى. خەلق بىلەن قەلبداش بولغان، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردىن، شۇنىڭدەك ئۆكتەبىر

ئىنقىلابىدىن روھىي مەدەت ئېلىپ، ئۆزىدە مەلۇم ئىنقىلابىي ئاڭ يېتىشتۈرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى. بولۇپمۇ قەلەم سېپىدە تۇرۇپ كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز زامانىغا بولغان نارازىلىقى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى غەزەپ - نەپرىتى خېلى بۇرۇنلا ئويغانغان. بۇ ئۇنىڭ «ھار» دېگەن شېئىرىدىكى:

«راست تېپىلماس بۇ جاھاندا، ھەممە ئىش يالغانىڭكى،»
«ھاكىمى مۇتلەق بولۇپ پارە يەپ، يامبۇ قويۇپ،
ئەينى تۇڭگۇزدەك سەمرەك يامۇلدا ياتقانىڭكى.»

دېگەن مىسرالىرىدا ناھايىتى كەسكىن، ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇنىڭ قەلبى كۈرەش بورىنىغا تەققەزا، شۇڭا جەمئىيەتتىكى زۇلۇمغا بولغان سەۋر - تاقەت، كۈرەشكە ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق خاھىشى ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ، بۇ ئازابىنى «ئىستىمەس» دېگەن شېئىرىنىڭ:

«سىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىب، ئىڭرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس»

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا چوڭقۇر ھەسرەت، كۈچلۈك ئىنتىلداش ئىچىدە ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك «باردۇر» دېگەن شېئىرىدا؛

«ئىت ئۆرگانىنى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى ئەلنىڭ،
لويى، ئامبالۇ، دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.»

دېگەن تەنە ئارقىلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ياخشىچاق بولغۇچىلارغا نەپرەت تىغىنى سانجىيدۇ. «ئويغان» دېگەن شېئىرىدا بولسا، خەلققە بىۋاستە خىتاب قىلىپ، بوراندىن شەپە بېرىپ، ئويغىنىش ـ تەۋرىنىش سىگنالىنى چالىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز دەۋرىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ «يەجۈجى ـ مەجۈجى» دېگەن شېئىرىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. بىز بۇ شېئىردىن شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ نەزەرىدە، گەرچە خانلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مىلىتارىستلارنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىقى، سۇن جۇڭشەن تەلىماتىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغانلىقى، ئەلدە پارچىلىنىش يۈز بەرگەنلىكى — قەبىھ ئاپەت، شۇنىڭدەك ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىمۇ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىمۇ ئەنە شۇ قەبىھ ئاپەتنىڭ شىنجاڭ نۇسخىسى. بىز بۇنىڭدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تار مىللىي ـ مەھەللىۋى ھېسسىيات بولماي، بەلكى مەملىكەتنىڭ ئورتاق تەقدىرىگە ئالاقىدار ئىنقىلابىي روھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىزچىل ئىسپاتلاپ كەلگەن شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ھەرقانداق مۇستەبىت ھاكىمىيەت خەلققە زۇلۇم سېلىشتا قانچە غالجىرلاشسا، ئۇ ئۆز ھالاكىتىنى شۇنچە تېزلىتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ياڭ زېڭشىن

دائىمىيلىشىنىڭ. شۇنىڭدەك ئادىمى ئالداشقان بىلەن يولى- تىرژۈمى ئالمايدىغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى- نى مۇشۇ دەۋر ھەقىقەت ئەينىكىدىن كۆردى. كېيىن زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتلەر ھەر خىل تۈگۈشمەسلىكلەرگە، دەھشەتلىك زەربىلەرگە ئۇچرىدى. ئاخىر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تىكلىدى. بىز شائىرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن شېئىرلىرىدا ئىزھار قىلىنغان تەشۋىش — شىكايەتلەردىن ئۈمىدسىزلىكنى ئەمەس، بەلكى ئازادلىققا ئېرىشىش يولىنىڭ ئەگرى — توقاي، جاپالىق يول ۋە ئازادلىق جەڭچىسىنى سىنايدىغان مۇشكۈل- ئىمتىھان ئىكەنلىكىنىڭ ھەمدە، ئىشەنچ ۋە پىداكارلىق زەپەر ھەمنىشىلىككە يېتەكلەيدۇ دېگەن ئىدىيىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى كۆرىمىز. يۈرەك كۆيىگە ئايلانغان بۇ پىكىرلەر ئۆز ۋاقتىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشىغا كۈرەش ئىرادىسىگە كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكە بولغان.

ئاخىر چوڭ بوران يېتىپ كەلدى: 1930 - يىللارنىڭ بېشىدا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، كۆپ ئۆتمەي، تۇرپانمۇ زىلزىلىگە كەلدى. 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇرپان خەلقى ئەكسىيەت- چىل ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ زور زىلزىلە ئابدۇخالىق- ئۇيغۇر قەلبىگە چوڭقۇر سۆيۈنۈش بەخش ئەتتى. ئۇ ئۆزى- نىڭ «ئوزلامدى» دېگەن شېئىرىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ جاسا- رىتىگە، غەلىبىسىگە بولغان ئالقىشىنى ئىپادىلەپ، شادىيانە ناغرىسىنى چالدى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئالاقزادىلىكىنى كۆرۈپ، ھەجۋىي كۈلكىسىنى ياڭراتتى. تەبىئىكى، خەلق

بىلەن قەلبىداش بولغان شائىر خەلق بىلەن بىللە يىغلايدۇ، خەلق بىلەن بىللە كۈلىدۇ.

ئەپسۇسكى، تۇرپان خەلقىنىڭ بۇ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئەكسىيەتچىلەر قورال كۈچى ئىشلىتىپ ۋە ھەر خىل ساختىپەزلىك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، بۇ قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك ھالدا باستۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قوزغىلاڭ تەشكىلاتچىلىرى قاتارىدا پاجىئەلىك ھالدا قەتل قىلدى. بىراق بۇ باستۇرۇش خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي روھىنى دەپنە قىلىۋېتەلمىدى. قاتىللارنىڭ قىلىچى شائىرنىڭ ھايات رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەلق قەلبىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىنقىلابىي روھىي رىشتىسىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ پاك ئېتىقادىغا ئاخىرقى نەپەسكىچە سادىق بولۇشنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئەجەل سائىتى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان پەيتتىمۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ چىگىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە داۋاملىق باش قاتۇردى. «ئىنچ پۇشۇش» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئۆز ھەققى - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىنىڭ جىنايەت بولۇپ قالغانلىقىغا، ئىزگۈ ئىستەكلەرنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنغانلىقىغا بولغان ھەقىقانىي غەزىپىنى ۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنى يۈرەكنى تىترىتىدىغان بىر قاتار رېتورىك سوئاللار ئارقىلىق ياڭراتتى:

«گۇناھسىز بىز، ئەيىبسىز بىز، بۇ شۇملار ئالدىدا نېچە،
ۋە پاكى بىز ئۆلۈپ چىققان ئۇرۇپ تاشلاشقا قامغانمۇ؟

بولالماي ئاھ تارتىپ، ئەپلەدىم پەريادى ۋاۋەيلا،
ئېغىزدىن كۆككە چىققاي ئوت، بۇ ئىش دەردىمگە ئابغاقمۇ؟»

بۇ شېئىردىكى سوئاللارنىڭ ئۆزىدە جاۋابىمۇ بار، لېكىن، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شائىر بۇ سوئاللارغا بىر — بىرلەپ ئېنىق جاۋاب بېرىشنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئويلىنىشىغا، ئىزدىنىشىگە تاپشۇرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئازادلىق ئۈچۈن، ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن—كى كۈرەشتە ئەينەك قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، دېموكراتىك غايىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى (مەسىلەن، ئۆز كۈمىچىگە چوغ تارتىش، خۇشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، تەپرىقىچىلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى) سۆكۈش ئارقىلىق، مەنىۋى گۈزەل—لىكنى تەرغىپ قىلىشمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېماتىك مەزمۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە تولۇقلىمىسى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسىدىكى ئاكتىپ ئىدىيىۋى خاھىش بىزنىڭ ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئالدىنقى ۋەكىلى دەپ مۇئەييەنلەش—تۈرۈشىمىزگە تولۇق ئاساس بېرىدۇ، لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش—مىز كېرەككى، ئۇنىڭ بەزىبىر مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقارىشى—دا بىر تەرەپلىمىلىك، پاسسىپ ئامىللارمۇ مەۋجۇت، بۇنىڭ سەۋەبىنى تارىخىي چەكلىمىلىكتىن ئىزدەش كېرەك. بىز ئۇنىڭدىن ھەممە جەھەتتە بولغىنى ئالا - سەۋىيىنى تەلەپ

قىلالمايمىز. شۇنىڭدەك بۇنى ئۇنىڭغا زورمۇ زور تاڭالمايمىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ئىلگىرى سۈرگەن بىر قاتار ئىلغار پىكىرلەر ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ ئاكتىپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى بەزىبىر كۆز قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمۇ بىرقانچە تارىخىي باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ تىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈشىدە «ھەبىبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») نىڭ ئاپتورى ئەھمەت يۈكنەكى بىر بوسۇغا بولسا كېرەك. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا، بۇ تىلنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈشىدە، بىر بوسۇغا ياكى باشلامچى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا ھەمدە كلاسسىك يازما ئەدەبىيات (يەنى چاغاتاي ئەدەبىياتى) تىلى ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، خەلققە، جانلىق تىلغا يېقىنلىقىدا، ئاممىبابلىقىدا. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەتبۇئات كۆرمەيمۇ خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ، يادلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسى يازما ئەدەبىياتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلى

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسى-
دا ھەمدە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شەكلىنى ئىجادىي تەدبى-
بىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ
شېئىرى ئارۇز ۋەزنىدە، (ئاساسەن ھەزەج ۋە رەمەل بەھرى-
لىرىنىڭ بىرقانچە ئارماق شەكلىدە) ھەم غەزەل، مەسنەۋى،
مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، رۇبائىي، قىتئە قاتارلىق
بېيىت شەكىللىرىدە يېزىلغان. ئۇ بۇ شەكىللەرنى ئاممىباپ
تىلدا ئەركىن جارى قىلالىغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان
لىرىك جۇشقۇنلۇققا باي، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ھېسسىيات
جانلىق تەسەۋۋۇر بىلەن قاناتلانغان. ئۇ — زورۇقۇشنىڭ
ئەمەس، بەلكى تەبىئىي تۇغۇلغان، پارتلىغان ئىلھامنىڭ
مەھسۇلى. ئۇ يۈرەك سۆزىنى كۆيگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ياكى
پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىنى
ياراتتى. مىسال ئۈچۈن، ئۇنىڭ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق
ئەمەس» دېگەن شېئىرىغا نەزەر سالايلى. بۇ شېئىر مۇنداق
باشلىنىدۇ:

«بەزىلى مەقسەت ئۇزاق، تېز ماڭىدى مىنگەن ئۇلاغ.»

قارىماققا، بۇ مىسرا ئۇزاق سەپەرگە چىققان، بىراق
ئۇلىغىنىڭ ناچارلىقىدىن يولى ئاۋۇمايۋاتقان يولۇچى — سە-
پەرچىنىڭ نالە-زارىدەك سېزىلىدۇ. لېكىن چوڭقۇرلاپ
كىرىپ، مەجازى پەردىلەرنى قايرىپ تىڭشىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ
دىن ئازادلىققا ئىنتىلگەن، بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن
ئوڭۇشسىزلىق، توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ، غەلىبىگە ئېرىشەلمەي-
ۋاتقان جەڭچىنىڭ ھەسرەتلىك تەقەززاسىنى ئاڭلايمىز. ئۇ
يەنە بۇ ئىنتىلىشىنى ئۆز ھەركىتىگە يۆتكەپ ۋە ئۇنى

دېگىنى ئىچىدىكى كېمىگە ئوخشىتىپ:
«بىر چۆكۈپ، بىر چىقىمەن، بىر تۇنجۇقۇپ، بىر تىنىمەن. كۆرۈنەر ساھىل قاچان دەپ كۆزلىرىم كەتتى قاماپ.»
دەپ، كۈرەش يولىنىڭ مۇشەققىتىنى، ئازابىنى، غەلىبىگە بولغان ئۈمىد ۋە تەنتەززاسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ.
«كۈگۈل خامىشى» دېگەن شېئىرىدا شەيئىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا ماھىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ:
«تاغ ئېگىزلىكتىن چىقارماس ئات، پەقەت ئۇ كان بىلەن. سۇ ئىرەنلىكتىن چىقارماس نام، شۆھرىتى مارجان بىلەن.»
دەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سىرتتى دەبدەبىگە بېرىلمەي، ئىچكى دۇنيانى بېيىتىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدۇ.
«ئۈمىد كەبەم» دېگەن لىرىكىسىدا مەشۇقىنىڭ دەردى، پىراقىدا ئارامىنى يوقاتقان ئاشىقنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندە:

«ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە
يادىڭ بىلەن مەن ئويغاق،
ئاسماندىكى يۇلتۇزلار
بۇ ھالىم ئۈچۈن ئايغاق»

دەپ يازىدۇ. بىز بۇ يەردە يۇلتۇزلارنىڭ تۈندىكى بىدارلىقىنىڭ گۇۋاھچىسىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ بىدار كۆزنىڭ يۇلتۇزغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ تەسۋىر نازۇك ھېسسىياتقا كۈچلۈك جۇلا بەرگەن.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرىيىتىدە خەلق ماقال-

تەمسىللەرنى ئىجادىي تەدبىق قىلىشىنىڭمۇ ياخشى ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. ئالايلۇق، نەقىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ»، «شىر ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن»، «جاندىن كەچمەي، جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر شائىر شېئىرىدا ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئىدىيىگە شۇنداق تەبىئىي سىڭىپ كەتكەنكى، بۇنىڭ تەسىرىدىن ئادەم ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ ماقال - تەمسىللەر مۇشۇ شېئىر بىلەن بىللە تۇغۇلغانمۇ ياكى ئۇلار مۇشۇ شېئىرلار ئۈچۈنلا يارىتىلغانمۇ دېگەن ھېسسىياتتا بولۇپ قالىدۇ.

ھەجۋى ۋە يۇمۇر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە جىلۋىلىنىدىغان مۇھىم بىر بەدىئىي شوخلۇق. ئۇنىڭ «مۇزلىدى» دېگەن شېئىرىدىكى ھەجۋى خەلق ھۇجۇمى قورشاۋدا قالغان ئەكسىيەتچىل چېرىكلەرنىڭ ئالاقزادىلىكىگە قارىتا كۈچلۈك مەسخىرە قوزغايدۇ. شائىر بۇ يەردە قوراللىق ئەكسىيەتچىلەرگە رەھىمسىز كۈلكە تىغىنى سانجىيدۇ، شۇنداقلا «قىزىدى» دېگەن شېئىرىدىكى تۇرپاننىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى پەيدا قىلغان ھالەتلەرنىڭ يۇمۇرلۇق ئىپادىسى ئادەمگە زوق بېغىشلايدۇ، كۈلكە بىلەن ھۇزۇر بېرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى سۆز ئويۇنى سەنئىتىنىڭ ۋارىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا جىن شۇرېننىڭ فامىلىسىنىڭ جىن بىلەن ئاھاڭداش بولغانلىقى ئۈچۈن سۆز ئويۇنى ياساپ، «ئېتى «جىن»نىڭ ئۆزى جىن، جىننىڭ كۈنى بولغاي قىيىن، ئېتىبارى بىر تىيىن، قىلغانىنى قاملاشمىدى» دەپ، جىن شۇرېن ئۈستىدىن ئاچچىق

مەسخىرە قوزغايدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، جىنمۇ ئېتىبارسىز، جىن شۇرىنىمۇ ئېتىبارسىز. شۇنداقلا ئۇ ئۆز شېئىرىدا سانە ئويۇنى ياسىغان، مەسىلەن، «ئايلىناي» دېگەن شېئىرىدا:

«بىر كۆرۈپ ئىككى كۆزۈڭدىن،
ئۈچ بېشىڭدىن ئايلىناي،
تۆت كۆرۈپ قانداق چىداي،
جاندىن كېچىپ بەش ئايلىناي ...»

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالارنى تۈزۈپ، ئىشقىي ھېسسىياتىنى، بىر قاتار رەقەملەرگە باغلاش ئارقىلىق جىلۋىلەندۈرگەن، سېفىرلاردىن شېئىرىي مەنتىقە ياسىغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى توغرۇلۇق سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا دائىر مىساللارنى ناھايىتى كۆپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن باشقا مىللەت ئەدەبىياتى (خەنزۇ ئەدەبىياتى، تاتار، ئۆزبېك، رۇس ئەدەبىياتى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى) نەمۇنىلىرىدىنمۇ ئوزۇقلىنىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ بارغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن بولغان مەنىۋى - بەدىئىي مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئابدۇللا توقاي ئۇنىڭ مەرتىپەتچىلىك ئىدىيىسىگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقلا بۇ ئىككى شائىر بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن خېلى يېقىن. شۇڭا

بولۇپمۇ مۇشۇ ئىككى جەھەتتە (مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى،
بەدىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتتە) ئابدۇللا توقاي
تاتار دېموكراتىك ئەدەبىياتىدا قانداق مۇھىم ئورۇن تۇت-
قان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى تارىخىدا شۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. لېكىن
شۇنىمۇ ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇي-
غۇر دېموكراتىك ئىدىيە تەرغىباتچىسى بولۇپلا قالماي، بەل-
كى فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئىنقىلابىي ھەرى-
كەتنىڭ مەنىۋى بايراقدارى ۋە كۈرەش سېپىنىڭ ئاۋانگارد
جەڭچىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈرەشچانلىق داستانىنى پاك قېنى
بىلەن يېزىپ تاماملىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۈرەشچان ھاياتى
ۋە يالقۇنلۇق ئىجادىيىتى دەۋرىنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىدىمۇ
ئالاھىدە سەھىپە ئىگىلەيدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — يېڭىلىق ياراتقۇچى سۈپىتىدە
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىز ئاچقان شائىر.
ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدە نەشىر قىلىنىش
ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى
بىلەن ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشەلمىدى. كۆپتىن بېرى مېنىڭ
يۈرىكىمنى شۇنداق بىر ھەسرەتلىك ئارمان تاتىلاپ كېلى-
ۋاتىدۇ: مۇبادا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرى قانداقتۇر بىر
سەۋەب بىلەن ئۆز ۋاقتىدا نەشىر قىلىنىپ كەڭ تارالغان
بولسا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى
خەلقچىللىق، مىللىيلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە تېخىمۇ
ياخشى تەرەققىيات ئىزىدا يۈكسەلگەن بولاتتى. ھېلىمۇ
ياخشى، ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى يوقالماي كەتمەپتۇ. مەرھۇم
ئەكبەرخانغا ئوخشاش مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر-

مىز بۇ مىراسنى يۈرەك قېتىدا ساقلاپ كەلگەچكە، گەرچە كېچىكىپ قالغان بولساقمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا كەڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. ب. مىراس بىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمىزغا زور تۈرتكە ۋە روشەن ئەھنەك بولىدۇ.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى

ئابدۇشۈكۈر تۇردى

بۈگۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل كەسپىي ئالاھىدىلىككە ئىگە خادىملار، يەنى يازغۇچى - شائىرلار، تەتقىقاتچى خادىملار، تەقرىزچى، مۇھەررىر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۇرتى تۇرپاندا جەم بولۇپ، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز.

بۇنداق بىر يىغىننى ئېچىش ھەممەيلەننىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى، چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى باشلاپ بەرگۈچى شائىرلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇ، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، تەقرىزچى - تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەندى. لېكىن شائىرنىڭ سىياسىي پائالىيىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى بىرقەدەر تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ جەھەتتىكى پىكىرلىرىمىزنى، تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى ئورتاقلىشىدىغان، شائىرغا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىدىغان مۇشۇنداق بىر سورۇن

ئۇيۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەنىدۇق. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەمەلىيلەشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئىشلىرىمىز مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىۋاتقان، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى تەنتەنە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى ياخشى ۋەزىيەتتە بۇ يىغىننى ئېچىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇ ھال ھەممەيلەننى چوڭقۇر سۆيۈندۈرىدۇ.

يىغىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»، «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»، «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنى ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن كەڭ - كۇشادە مۇھاكىمە قىلىنغان، بىر نىشان ئۈچۈن ئورتاق تىرىشقان ئوبدان يىغىن بولدى. بۇ يىغىن پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىقىنى، ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنداقلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي مىراسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق يازغۇچى - شائىرلارنى يېڭى ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەن بىر يىغىن بولدى. يىغىنىمىزدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ غايە ۋە بەدىئىي جەھەتتە ياخشى مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى راۋاجلان-

دۇرۇش روھى ۋە خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى ئىزدىگەن تەرەپلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يىغىنىمىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك غەربلەشتۈرۈش» دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىدىغان يىغىن بولدى، دەپ ئېيتىشقىمۇ تامامەن ھەقلىقمىز.

* * *

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دۇنيادىن ئۆتكىنىگە 54 يىل بولدى؛ مۇشۇ جەرياندا شائىرنى ئەسلەش، ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسىنى توپلاش ھەمدە ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ۋە ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. شائىر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاشكارا نەشر قىلىنمىغان، چۈنكى، ئابدۇخالىق شېئىرلىرى ئەينى زامان ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە قارشى روھتا بولغانلىقتىن، ھۆكۈمران سىنىپ قولىدىكى مەتبۇئاتنىڭ ئۇنى ئېلان قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شائىر قەتل قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سىياسىي جىنايەتنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە مۇسادىرە قىلىنىپ يوق قىلىۋېتىلگەن، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاش ياكى كۆچۈرۈۋېلىشمۇ جىنايەت سانىلىپ قاتتىق تەقىپ قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر ياشىغان دەۋرگە ئائىت بىرەر قول يازما - مەجمۇئەمۇ بىزگە تولۇقى بىلەن يېتىپ كەلمىگەنىدى. شائىرنىڭ كېيىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان قىسمەن شې-

ئېرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ-
نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئىجادىي مىراسىنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى زامانداشلىرىنىڭ ئەسلىمىسى ۋە خاتىرىسى،
كېيىنكىلەرنىڭ كۆچۈرۈۋېلىشى ۋە توپلىشى ئارقىلىق يېتىپ
كەلگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى
تولۇق توپلاپ، ئەسلى قىياپىتى بويىچە رەتلەپ چىقىشقا
ئاھايىتى زور قىيىنچىلىق كەلتۈرگەنىدى. لېكىن شۇنىسىمۇ
باركى، خەلق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شائىر ھامان
خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بولسا، خەلقنىڭ
ئۆز مۈلكىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا
قالىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن كلاسسىكلىرىمىز مىراسىنىڭ ساقلى-
نىشىدا رول ئوينىغان بۇ ھەقىقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شې-
ئىرلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىدىمۇ ئاساسىي سەۋەب
بولۇپ قالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ زامانداشلىرى ئەس-
لىمىسىدىن ۋە خاتىرە نۇسخىلاردىن توپلانغان دەسلەپكى
يازما توپلىمى 50 - يىللاردىلا مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ
يولداش مەھمۇد ئەكبەر توپلاپ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە
تاپشۇرغان نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخا ئەينى يىللاردا مەلۇم
دائىرىدە زور قىزىقىش قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن سولچىل
لۇشيەنىڭ كاساپىتىدىن ئېلان قىلىنماي، جامائەتچىلىك
بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. لېكىن بۇ سەۋەب بىلەن شائىر-
نىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازى ئۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن، ئەدەب ۋە تەت-
قىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئابدۇخالىق ئىجادىيىتى بىلەن قايتا يۈز
كۆرۈشۈش ئارزۇسى ھامان ئۇلغىيىپ باردى. پەقەت پار-

تىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى يارىتقان ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ ئېلان قىلىش رېئاللىققا ئايلاندى. 1979 - يىلدىن باشلاپ، مەرھۇم پەتتارجان مۇھەممەدى ۋە باشقا بىرمۇنچە يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «تارىم»، «بۇلاق»، «شىنجاڭ گېزىتى» سەھىپىلىرىدە شائىر شېئىرلىرىدىن تاللانغان نۇسخىلار ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ھەققىدە، تەقرىز ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، شائىرغا دەسلەپكى قەدەمدە باھا بېرىلدى ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى بىرقەدەر مۇۋاپىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، بۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بەردى. شۇنداقتىمۇ بۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى قەدىمى، بىرىنچى باسقۇچى ئىدى. شۇڭا بۇ باسقۇچتا شائىرغا بولغان چۈشەنچىمىز تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭقۇر بولمىغان، نەزەرىيىۋى ۋە ئىلمىي جەھەتلەردىكى يەكۈنىمىز تېخى تازا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

1983 - يىلى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش بىلەن بىر قاتاردا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىش كۈنتەرتىپكە قويۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دەۋرلەرگە ئايرىش، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، شائىر توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز يەنە بىر بال-

داقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرىسى-دىكى تەتقىقاتنىڭ يەككە بىر شائىرنىڭ تەتقىقاتى بولماي بەلكى ئۇ ۋەكىللىك قىلغان پۈتۈن بىر دەۋر ئەدەبىياتى، يەنى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى بىلەن زىچ باغلىنىش-لىق بولغان بىر تۇتاش، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات ئىكەنلىكىنى، شائىرنىڭ بولسا، پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا دەۋردىن دەۋرگە ئاتلاش مەزگىلىدىكى ئىككى دەۋرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى ئىنتايىن مۇھىم سىما ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتۇق؛ نەتىجىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىنى شائىر ياشىغان پۈتكۈل ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ۋەزىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، دۇنيا قارىشىنىڭ يۈكسىلىشى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيىتى ھەمدە ئىجادىي تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئا-كادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى مەخسۇس كۈچ ئاجرىتىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىدى.

بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆمۈر تارىخى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تۇرپان رايونى ۋە ئۈرۈمچىدە خېلى كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، دەسلەپكى ماتېرىياللى ۋۇجۇدقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئابدۇخالىق ئۇي-

ئۆرنىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا زامانداشلىرى خاتىرىسى ھەمدە كېيىنكىلەرنىڭ ئەسلىمىسىدە ساقلانغان شېئىرلىرىنى توپلاپ سېلىشتۇرۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشىردىن چىقاردى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى گەرچە شائىرنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە پۈتۈن ئىجادىي مېۋىسىنى تولۇقى بىلەن مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئەھمىيەتلىك بىر ئىلمىي خىزمەت بولدى. چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى بىرقەدەر تولۇق جەملىگەن مۇشۇنداق بىر توپلام ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا يىغىنچاقلانغان بىر باھا بولماي تۇرۇپ، شائىر توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، مەركەزلەشتۈرۈشكە بولمايتتى.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر دەپ بېكىتىپ، ئىشخانا نامىدىن ھۆججەت تارقاتقانلىقى، شائىر قەبرىسىنىڭ رېمونت قىلىنىپ قايتا تىكلەنگەنلىكى ۋە بۈگۈنكى يىغىنىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەييارلىقى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۈگۈن بىز ئېچىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇش بىلەن بىللە، بۇ تەتقىقاتنىڭ بۇندىن كېيىنكى يېڭى يۈكسىلىشكە يۈزلەنگەن نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى تەبىئىيدۇر.

* * *

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۆستىمدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي نۇقتىنەزەرلەر ۋە سۆزلەنگەن نۇتۇقلار شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە ھەم تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھالدا زور-زور خۇلاسىلەرگە كېلىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللار شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە زور داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان دەۋر ئىدى. بىر تەرەپتىن، فېئودال كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بولغان ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇمنى جېنىنىڭ بارىچە ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى فېئوداللىق ئاسارەت ئىلكىدە، نادانلىق ۋە قاششاقلىقتا قالدۇرۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى شىڭخەي ئىنقىلابى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ھەمدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىپ، ئازادلىق - دېموكراتىيە يولىدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىگە قارشى كەسكىن كۈرەشكە ئاتلانغان، سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن بىر پەيت ئىدى. شىنجاڭدىكى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى كۈرەش، ئاساسەن، ياڭ زېڭشىن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك ھاكى-

مىيەتلىرىگە قارشى قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ھەمدە فېئوداللىق ئاسارەتكە ۋە خۇراپاتلىققا قارشى، ئازادلىق — دېموكراتىيە ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. مانا بۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دەۋردە پارتلىغان سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ تۈپ ھەرىكەت ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەر ئۆز ئالدىغا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، جەمئىيەتنى دېموكراتىك ئىنقىلاب يولى بىلەن تۈپتىن ئۆزگەرتىش تەلىپىنى قويغانىدى. بۇ تەلەپ ئەينى زاماندا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ كۈرەشلەر نەتىجىسىدىلا ئەمەلگە ئاشاتتى، ئەلۋەتتە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەڭ ئالدى بىلەن، دېموكراتىيە — ئازادلىق يولىدا فېئوداللىزمغا ۋە فېئودال مۇستەبىتلىككە ارشى ھەر تەرەپلىمە ئېلىپ بېرىلغان ئاشۇنداق جاپالىق ۋە مۇرەككەپ كۈرەشنىڭ تەشكىلاتچىلىرىنىڭ بىرى. بۇ كۈرەشنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى سۈپىتىدە دېموكراتىك ئىنقىلاب تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇ، كۈرەشنىڭ كەسكىنلىكىدىن قورقمىغان، جاپا ۋە خەۋپ - خەتەر ئالدىدا ئىككىلەنمىگەن، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى يولىدىكى بۇ كۈرەشتە ئاخىرى ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. شۇنداقلا ئۇ، ئەينى زامانىدىكى دېموكراتىيە — ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنى يېتەكلەيدىغان ئىلغار ئىدىيىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەدەبىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق كەڭ تەشۋىق قىلغان، فېئوداللىق ئاسارەتتىكى خۇراپاتلىققا قارشى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنى، يېڭى

مەدەنىيەت ۋە ئويغىنىشنى ئاكتىپ تەرغىپ قىلغان ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر جەڭچىسى بولغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، ھەقىقەتەن، كەڭ ۋە كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى فېئودالىزمغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ باشلامچىسى بولالىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى كۈرەش مەقسىتىنى ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىنتىلىشلىرىنى ئۆز ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېڭى بىر دەۋر يارىتىشتا ئاساسلىق رول ئوينىدى ۋە بۇ يېڭى دەۋر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئوينىغان بۇ رولى ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىلىغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك بىر پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىشىدا ئاساس يارىتىپ بەرگەنلىكىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەلۇمكى، بىرەر يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ تارىخىي ئورنى ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىنى مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تۆھپىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى باشقا نامايەندىلەرگە ئوخشاش، دەۋر ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئەدەبىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق چىقالىغانلىقىدا، ئۆز دەۋر ئەدەبىياتىنى يېڭى يۈزلىنىش

ۋە يېڭىچە يۈكسىلىشكە ئىگە قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىر مۇنچە زامانداش-
لىرى ۋەكىللىك قىلغان 20 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 30 -
يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاۋۋالقى
دەۋرلىرىدىن ئىدىيىۋى خاھىش، مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل
جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدىغان يېپيېڭى دېموكراتىك
ئەدەبىيات دەۋرى ئىدى. ئەدەبىياتىمىزدا مۇشۇنداق بىر يېڭى
دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زامانداش-
لىرىنىڭ ھەممىسى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ھەر-
قايسى ئۆز ئالدىغا مەلۇم تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئەمما
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولى ھەممى-
دىن گەۋدىلىكرەك، كۆرسەتكەن تۆھپىسى ھەممىدىن كۆپرەك.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى، ھەممىدىن
ۋۋال، ئۇنىڭ ئەينى زامان ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر ئىدى-
ى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئابدۇخالىق
يغۇر شېئىرىيىتى ئىدىيە جەھەتتە دەۋرنىڭ ئىلغار قاتلى-
مىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرىدۇ. ئۇ
ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمى
ئورنىغا خەلقنىڭ ئەركىنلىكى بولغان دېموكراتىك تۈزۈمنى
ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ
زۇلۇم ۋە ئاسارىتىگە قارشى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئىدى-
يىسىنى ئىلگىرى سۈردى، فېئودال خۇراپاتلىق، دىنىي مۇتە-
ئەسسىپلىك ۋە قاششاقلىققا قارشى ئىلىم مەرىپەت ۋە
يېڭىلىق يارىتىشنى تەرغىب قىلدى، مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز-
ئارا نىزالىرى ۋە بۇلغۇنچىلىققا قارشى ئاسايىشلىق، ئىت-
تىپاقلىق ۋە بىرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. ئابدۇخا-

لىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيىتىدە فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇ بار-
لىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەرەزلىرىنى
رەھىمسىزلەرچە پاش قىلدى، رېئاللىقتىكى دېموكراتىك ئىما-
گىرىلەشلەرگە توسقۇن بولىدىغان ھەرخىل ئىللەتلەرنى ئېچىپ
كۆرسىتىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا، كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى
ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا چاقىردى. مەرىپەت، ئىلىم -
پەن ئارقىلىق دىنىي خۇراپاتلىقنى، مەنىۋى قۇللۇقنى يې-
ڭىشنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار غايىلىرىگە يېتىش
ئۈچۈن ئويغىنىشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، بەلكى جان
تىكىپ كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى
ئۆتكۈر ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئەينى دەۋردىكى دېموك-
راتىيە - ئازادلىق ئۈچۈن بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ مەركىزىي
ئىدىيىسى ئىدى.

شائىر زامانىسىغا نىسبەتەن ئەنە شۇنداق ئىلغار ئىدى-
يىلەرنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغانىكەن، ئۆزىنى ئەينى زامان
رېئاللىقىغا قارشى قويۇشى، ئۆز غايىسى بىلەن مەۋجۇت رې-
ئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئىچىدىن ئىجادىيەت تې-
مىسى ئىزدىشى ۋە بۇ تېمىلارنى مۇۋاپىق بىر ئۇسۇلدا
ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى مۇقەررەر ئەھۋال. شۇڭا شائىر
ئۆز ئىجادىيىتىدە باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت رېئاللىقنى ئىن-
كار قىلىش، فېئوداللىق تۈزۈمنى پاش قىلىش ۋە بۇ تۈزۈم
بارلىققا كەلتۈرگەن كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەرەزلىرىنى
ئېچىپ كۆرسىتىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. شائىر تەرىپىدىن
قوللىنىلغان رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ بۇنداق ئۇسۇلى
ئەدەبىياتىمىزدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن تەنقىدىي رېئا-

لىزىم مېتودىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ رېئاللىقتىكى ئامىللارنى پاش قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلقنى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە ئۈندەيدۇ، ئويغىنىپ ئۇنى چەكلەشكە چاقىرىدۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى ئاساس قىلغان بۇخىل ئەدەبىيات ئويغىتىش ئەدەبىياتى، فېئوداللىزمغا قارشى ئىسيانغا چاقىرىق قىلىش ئەدەبىياتى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى قوللانغىنىدا، پاسسىپ هالدا پاش قىلىش بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئارمانلار تەشەببۇسلىرىنى بىر خىل كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇنلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە كونىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئىلغار غايىنى تەشەببۇس قىلىشنى ئىجادىي بىرلەشتۈردى، مانا بۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ يېڭى باسقۇچى.

دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئىدىيىلەر، يېڭى ئەدەبىي مېتود ئۆزىگە لايىق يېڭى ئەدەبىي شەكىلنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن 20 - 30 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەزمۇن يېڭىلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي شەكىلنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلارمۇ ئەينى دەۋر ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى مۇھىم كۆرەشلەرنىڭ بىرى ئىدى. كونا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى شېئىرىي شەكىلنىڭ دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان قاتمال تەرەپلىرىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەم ۋارىسلىق قىلىدىغان، ھەم يېڭىلايدىغان بىر شېئىرىي شەكىلنى بەرپا قىلىش زور بەدىئىي

ماھارەت ۋە جاسارەت تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل ۋەزىپە ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋرگە خاس، ئاممىباب ئۇسلۇب ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شېئىرىي شەكىل يارىتىپ، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان شائىر. ئۇ ياراتقان شېئىرىي شەكىل جەھەتتىكى يېڭىلىق، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق قوشاقلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىدا. بولۇپمۇ ئەدەبىي تىل جەھەتتە تامامەن يازما ئەنئەنىگە ئاساسلانغان يېزىق ئەدەبىي تىلىنى خەلق جانلىق تىلى ۋە خەلق قوشاقلىرى تىلى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ ۋە يېڭىلاپ، دەۋر تەلىپىدىن چىقالايدىغان، خەلق جانلىق تىلى بىلەن يېقىن بىر ئەدەبىي تىل يارىتىشتا باشلامچىلىق قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شەكىل جەھەتتە ياراتقان يېڭىلىقلىرى ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى خەلقچىللىققا، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ خەلقنى ئويغىتىش ۋە يېتەكلەش رولىنى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يۇقىرىدىكى ئىدىيە ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى يېڭىلىقلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئاساس بولدى ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرقانچە جەھەتلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى ۋە بىزنىڭ ئەسلىشىمىزگە، ئۆگىنىشىمىزگە ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر سىما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

* * *

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ۋە نامايەندى-
لىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزدىن مەقسەت پەقەت ئاددىي
ھالدا ئىزاھلاپ بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات-
تىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ تەرەق-
قىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق تەجرى-
بىلەرنى يەكۈنلەپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلىپ، ئۇنى يېڭى
دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقا-
تى ۋە بۈگۈنكى يىغىنىمىزمۇ مۇشۇ مەقسەتتىن ئايرىلالمايدۇ.
بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىدىكەنمىز
ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن، شائىرنىڭ
دەۋر تەلىپىنى ئۆز مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇپ، ئۇنى تولۇپ-
تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلەش روھىنى ئۆگىنىشىمىز،
ئۆلگە قىلىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا ھازىرقى يېڭى دەۋرىمىز-
نىڭ، يەنى ھەرقايسى سەپلەردە ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان،
ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن ھەممە سەپەرۋەر قىلىنغان مۇشۇ دەۋر ئالدى-
مىزغا قويغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىمىز، دەۋر
رېئاللىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈش يو-
لىدا تىرىشىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا قويغان خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش، ئىلىم-
پەن ھەم مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق ئىدىيىلەرنىڭ ھازىر-
بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىمىزدىمۇ رېئال ئەھمى-

نى بار، گەرچە بۇ خىل تەشەببۇسنىڭ ئارتا كۆرۈنۈشى،
ۇتتۇرىدا قويۇلۇش نۇقتىسى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بىز دا-
ىرقى دەۋرىمىز تەلىپىگە ماس ھالدا بۇ ئىدىيەلەرنى تېخىمۇ
يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭىچە جەمئىيىتىمىز
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز تامامەن مۇمكىن ۋە زۆرۈر.
بىز يەنە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي يۈكسەكلىككە
ئىنتىلىش روھىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ رېئاللىققا چوڭقۇر
چۆكۈپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى، ئارمان ئىنتىلىشلىرىنى
زور بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىخچام، چوڭقۇر ئىپادىلەپ
بېرىشتەك ماھىرلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى ئوتتۇرىغا قويغان
تەڭ ئۆتكۈر، رېئال مەسىلىلەرگە ھازىر جاۋاب بولۇپ، ئۆز
دەۋرى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەت قىلىش روھىنى ئۆگىنىشى-
مىز، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى
خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت
قىلدۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەر بىلەن يېڭى دەۋر ئالدىمىزغا
قويغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىمىز لازىم. ئەنە
شۇنداق قىلغاندىلا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھىغا ھەقىقىي
ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئەدەبىيات تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرغان بولىمىز.

# ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئىبراھىم مۇتىئى

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يولداشلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ناھايىتى ئوبدان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. مەن بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىلمىي ماقالە ئېلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ بەزى پىكىرلىرىمنى ئاغزاكى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

1. شائىر ئابدۇخالىقنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن تەخەللۇسى ھەققىدە؛

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دەۋرلەردە خەلقىمىز ئومۇمىي بىر ئېتنىك نام بىلەن ئاتالماي، تۇرپانلىق، ئىلىلىك، قەشقەرلىك، ياكى ئالتىشەھەرلىك، دولان، تارانچى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ يۈرەتتى. خەنزۇلار ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلاشقان بىر قىسىم كىشىلەر خەلقىمىزنى «چەنتو»، «چەنخۇي» دېگەن كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەنىدى. «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام XV — XVI ئەسىرلەردىن كېيىن، ئاساسەن، گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلاردىلا قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە، خەلقىمىز ئىچىدىن

چىققان بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار «ئۇيغۇر» دېگەن ئېت-
نىڭ نامىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزنى بىر ئورتاق
مىللىي نام ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ
يېتىپ، ھەر خىل سورۇنلاردا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇ
نامنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە
شۇلارنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى ئىدى.

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە مەنىسىگە
كەلسەك، بۇ چاققىچە بۇ ئاتالغۇ ھەر خىل ئالىملار تەرە-
پىدىن ھەر خىل چۈشەندۈرۈلۈپ كەلدى. رادلوف بۇ سۆزنى
«ئۇيماق ـ ئەگەشمەك» دېگەن مەنىدىكى «ئۇي» دېگەن
تومۇرغا «ئىشلىگۈچى» دېگەن مەنىدىكى «+ غۇر» قوشۇم-
چىسى قوشۇلۇپ ياسالغان، مەنىسى «ئەگەشكۈچى» دېگەن
بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان (رادلوف، تۈرك
شېۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى، 1 ـ توم، 1598 ـ بەت).
ج. كلاۋسون بۇ سۆز «ئۇيۇشماق، قوشۇلماق» دېگەن مە-
نىدىكى «ئۇي» دېگەن تومۇرغا ئىجرا قىلغۇچى دېگەن مە-
نىدىكى «+ غۇر» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان
بولۇپ، مەنىسى «ئۇيۇشقۇچى»، «ئىتتىپاق تۈزگۈچى» دېگەن
بولىدۇ، دەيدۇ (ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، ئالمۇتا، 1965).
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ھەقتىكى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئوغۇر، ئوغۇز،
ئۆكۈز» دېگەنگە ئوخشاش بىر قەدەر قەدىمكى ئېتنىك نام-
لاردىن كەلگەن، بۇ ناملار ئەسلىدە «كۈچلۈك»، «قۇدرەتلىك»
دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، «ر» دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان
قەبىلىلەردە «ئوغۇر»، «ز» دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان قەبى-
لىلەردە «ئوغۇز» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان، بۇ سۆزنىڭ تو-

مۇرى «ئۇتماق، پەملىمەك» مەنىسىدىكى «ئۇز» ياكى «ئۇ
بولۇپ (مەسىلەن، قەدىمكى تۈركىي تىلدا «ئۇزكەن» ئەقىل-
ئىگىسى، دانىشمەن دېگەن سۆز ئەنە شۇ «ئۇز» دېگەن تو
مۇردىن كەلگەن). بۇ سۆز تومۇرى «قەدىمكى تۈركىي تىلدا
«ئۇز» شەكلىدە، ئالتايلىقلار تىلىدا «ئۇي» شەكلىدە ساق-
لانغان، ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇي - پىكىر، خىيال» مەنىسىدە
هازىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مانا مۇشۇ سۆز تومۇرىغا «غۇر»
«گۇر»، ياكى «غۇز»، «گۇز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر
ئوغۇر، ياكى ئوغۇز دېگەن ئېتنىك نام مەيدانغا كەلگەن
بۇنىڭ مەنىسى «ئەقىللىق، پەملىك، چۈشەر ياكى ئەقىل-
ئۆتكۈر، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن بولىدۇ، دېگەن تو-
نۇشتا بولماقتا.

تارىختىن بىزگە مەلۇم، مىلادى 789 - يىلى ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۇيغۇر»
دېگەن نامنى خەنزۇ يېزىقىدا قايسى خەتلەر بىلەن يېزىش
ھەققىدە بىر كېلىشىم تۈزۈلۈپ «回纥» دېگەن خەتلەر
«回鹘»غا ئۆزگەرتىلگەن. «ئۇچار» دېگەن قۇشنى بىلدۈ-
رىدىغان «鹘» دېگەن خەت «چەبدەس، ئالغۇ» دېگەن مە-
نىلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنى-
سىگە يېقىن كېلىدۇ. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، شۇ دەۋردە بۇ
كېلىشىمنى تۈزۈش ئىشىنى باشقۇرغان كىشى قەدىمكى ئۇي-
غۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا يۇقىرى مەلۇمات ئىگىسى بولغان
تونيۇرۇق ئىدى. شۇڭا «ئۇيغۇر» دېگەن ئ[illegible]منى خەنزۇچە
يېزىشتا تاللانغان خەتنىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز-
نىڭ ئەسلى مەنىسىگە بەك يېقىن كەلگەن، مۇشۇ پاكىتمۇ
بىز دەۋرىمىزنىڭ دانىشمەنلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى

«چۈۋە، ئۆتكۈر» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەتكە، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھازىرقى تۈرك تىلىدا «سىۋىلىزاتسىيە» («مەدەنىيەت») (文明) دېگەن ئاتالغۇنى «ئۇيغارلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس.

شۇڭا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۇيغۇر» سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ ئېلىشى خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلغان نامىنى تىكلەشتىن باشقا يەنە ئۇنىڭ خەلقىمىزنى يېڭى مەدەنىيەتكە باشلاش ئىرادىسىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەملىكىتىمىزدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا داغدۇغىلىق قانات يايغان «4 ـ ماي» مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ روھىنى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مىللىي شەكىلدە، ئىزچىللاشتۇرغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىدى. خۇددى لۇشۈن ۋەكىللىك قىلغان ئىلغار خەنزۇ يازغۇچىلىرى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا قەدىمكى ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباب يېڭى ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس قىلغاندەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباب ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ خىل تىلنىڭ پارلاق نەمۇنىسىنى ياراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياراتقان مۇنداق ئاممىباب تىل بىر-مۇنچە جەھەتلەردە ھەتتا ھازىرقى بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ تىلىغا قارىغاندىمۇ خەلققە يېقىنراق تۇرىدۇ. ئابدۇخالىق شېئىرلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنى-

ماي تۇرۇپمۇ خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۇنتۇلماي تارقىلىپ يۈرۈشى ۋە ئاۋام خەلق تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇشىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرى تىلىدىكى مۇنداق ئاممىباپلىق ۋە خەلققە يېقىنلىق ئېقىمى ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىي تىلى تەرەققىياتىدىمۇ ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سىياسىي جەھەتتىمۇ كونا دېموكراتىزم دەۋرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يېڭى دېموكراتىزمغا قەدەم قويغان ئىلغار مۇتەپەككۇر ئىدى، ئۇنىڭ كونا سەنمىنجۇيىنىڭ بازىرى قالمىغانلىقى ھەققىدىكى شېئىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە، ئىدىيە جەھەتتە «4 - ماي ھەرىكىتى» تەرەپكە يەنى يېڭى دېموكراتىزم تەرەپكە كۈچلۈك قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغانلىقى ۋە شۇ يولدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغانلىقى — ئۇنىڭ مانا شۇنداق ئىنقىلابىي يولدا قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي مەيدانىغا باھا بەرگەندە بۇ نۇقتا چوقۇم ئەستە تۇتۇلۇشى لازىم.

بىزگە مەلۇم، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى. جۇڭگونىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى پەقەت ماركسىزم - لېنىنىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەبداشى قادىر ئاشۇروپنى ئالمۇتىغا ئەۋەتتى. بىزگە مەلۇم قادىر ئاشۇروپ، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەپ ئالمۇتىغا

چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، شۇ يەردە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى قۇرۇلۇشىغا بىرمۇنچە تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ پاكىتمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ماركسىزم - لېنىنىزم تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرى بولالايدۇ.

3. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - يىللاردا شىنجاڭدا باش كۆتۈرگەن يېڭى مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ھەيدەر ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموۋقا ئوخشاش ئاتاغلىق مۇئەللىملەرنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ، تۇرپاندا يېڭى مەكتەپ ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ مۇئەللىملەر بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ، تۇرپاندا زامانىۋى يېڭى مائارىپقا ئاساس سالغان. بۇ ئىش شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭدا زور تەسىر قوزغاپ، بىرمۇنچە زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان. چۆچەكتىكى مىر يۇسۇپ كۇتۇپخانىسى، ئىلىدىكى ھۈسەيىن تاران كۇتۇپخانىسى ۋە تۇرپاندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۇتۇپخانىسى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىغا زامانىۋى ئىلىم-پەن ئۇرۇقىنى چاچقان مەدەنىيەت ئوچاقلىرى ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئارىسىدىكى مۇتەئەسسىپلەر مۇنداق يېڭى مەدەنىيەتكە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە تۇرپاندا مەتبەئە قۇرۇپ نەشرىيات ئىشلىرىنى يولغا قويماقچى بولغانلىقى (بۇ مەتبەئە جىڭشۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ توسالغۇسى بىلەن قۇرۇلالماي قالدى) ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ زور قىممەتكە ئىگە

پائالىيەتلەردۇر. شۇڭا بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بىر ۋەتەن-پەرۋەر شائىر سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت - مائارىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرى قاتارىدىمۇ ئەسلىمەي ۋە ھۆرمەتلىمەي ئۆتەلمەيمىز.

4. لۇشۈن خەنزۇ ئەدەبىياتىدا، ئابدۇللا توقاي تاتار ئەدەبىياتىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاچچىق ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن قانداق رول ئوينىغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خەلقىمىز ئىچىدىكى نادانلىق، جاھالەت... چۈشكۈنلۈك ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىللەتلىرىنى ۋە باشقا رەزىللىكلەرنى ئايىماي ئېچىپ تاشلاشتا شۇنداق رول ئوينىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ساھەدىكى جەڭگىۋارلىق روھى ھەقىقەتەن قىممەتلىكتۇر. بولۇپمۇ ئۇ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ھېچ ئەيمەنمەي ئېچىپ تاشلاشتا بىزگە ئاجايىپ پارلاق نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتتى.

5. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە. نۇرغۇن يولداشلار بەك ئوبدان سۆزلىدى، نۇرغۇن پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۆزۈم بىلگەن مۇنداق بىر پاكىتنى ئىلاۋە قىلىپ ئۆتەي: مېنىڭ ئاكام جامال سەيپۇڭ شۇ دەۋرلەردە تۇرپاندىكى موسكۋا كۆرگەن ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنىڭ بىرى ئىدى، ھەج سەپىرىگە چىقىپ موسكۋادا تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا ئاكام ئابدۇخالىق بىلەن بىللە بولغان ۋە قايتقاندا ئۇ يەردىن ئائىلە كىنو ئاپپاراتى قاتارلىق بىرمۇنچە زامانىۋى يېڭىلىقلارنى ئېلىپ قايتقان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە چىققاندا، بىزنىڭ ئۆيدە دائىم بولاتتى. مەن گەرچە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشالمىساممۇ، لېكىن چاي توشۇپ يۈرۈپ نۇرغۇن قېتىم

ئابدۇخالىقنى كۆرگەن. شۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خوجىنىياز ھاجىغا غەنىيمەت ئېلىنغان زامانىۋى قوراللارنى رېمونت قىلىدىغان بىر ئۇستا مېخانىكنىڭ ئەۋەتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاخىر بىزگە قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر تاتار مېخانىكىنى ئومۇلغا يولغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئىشىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق مەجلىس ئەھلى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ مېخانىكنىڭ خوجىنىياز ھاجى يېنىدا يوشۇرۇنچە بېرىپ بىر مەزگىل خىزمەت قىلىپ، كېيىن ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆرۈمچىدە ئېلىپ بارغان مۇشۇنداق ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

تۇرپان ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، خۇددى باشقا يۇرتلارغا ئوخشاشلا، ئۇزۇن ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇزاق تارىخ داۋامىدا تۇرپان ئالەمگە ماددىي مەدەنىيەت-نىڭ كەشپىياتلىرى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىجادىيەت-لىرى بىلەن تونۇلغان. دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، جۇم-لىدىن پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۇ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىن ئىككى چوڭ تۆھپە قوشتى: بىرى، كارىزچىلىق ھۈنىرىنى ياراتتى، بۇنى تەتقىقاتچىلار جۇڭگودا ۋۇجۇدقا كەلگەن سەددىچىن، بۈيۈك قانالغا قوشۇپ ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشتىن بىرى ھېسابلايدۇ؛ يەنە بىرى، ئىپپەلىك مەتبەئەنى دۇنياغا ھەممىدىن بۇرۇن تارقاتتى. مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باي ۋە گۈزەل تەركىبلىرىدىن بولغان خاس تۇرپان مەدەنىيىتىنى ياراتتى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى ئىدىقۇت ئەدەبى-ياتىدۇر. ئاشۇ شانلىق مەدەنىيىتىمىز بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئوتلۇق ماكان «قوچۇ بالىق» بىر مەزگىل «غېرى-بانە تۇرپان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. بۇنداق نامنى تاڭغان «تەتۈر زامان»دىن بىزار بولغان ئوغلانلار كۆپ

قىستىمىلار ئورىن تۇتۇلاپ مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئورانلىرى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن يېڭىچە مەزمۇن ئالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاشۇ ئورانىنى تورپان ۋادىسىدا بىرىنچى قېتىم يېڭىچە مەزمۇن بىلەن تۇۋلىغان نوۋاتۇر بولسا كېرەك.

يېقىنقى زاماندا، روسىيە ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ھەم جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئۇلۇغ ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار جەمئىيەتنى، ۋەقەلىكنى ئوبيېكتىپ، ھەققانىي سۈرئەتتە چۈشىنىش ۋە كۆرسىتىش ئارقىلىق (ھەتتا ئۆزلىرى خەلق ئاممىسى تەرەپكە توغرىدىن - توغرا ئۆتمەي تۇرۇپمۇ) ئازادلىق خاھىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ دېموكراتىزملىقىنى نامايان قىلغانىدى. ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى زاماندىن كايىش، ناچار ئىللەتلەرنى ئېچىپ بېرىش، ئاھ ئۇرۇش ۋە ئېچىنىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. شۇڭا، ئەدەبىيات تارىخىدا ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتە تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ۋەكىللىرى، سىياسىي پائالىيەت جەھەتتە دېموكراتىك خاھىش ئىگىلىرى دەپ نام ئالغان. چۈنكى، بۇ ئەدىبلەر جەمئىيەتتىكى پاسسىپ، سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆزلىرى پاسسىپ ۋە چەتتە تۇرۇپ تاماشا قىلغۇچى، كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە پاش قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاددىيلا تەنقىدىي رېئالىزمچىلا ئەمەس. ئۇ دەسلەپتىلا مەسىلىلەرنى ئاكتىپ ھەل قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، ھەقىقەتنىڭ ھامان خەلق تەرەپتە ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ تۇرغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇرەككەپ دەۋر شارائىتىدا ياشىدى.

XIX ئەسىردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن سىياسىي - ئىجتى-
مائىي ۋەقەلەردىن كېيىن، خوددى ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە
ئوخشاش، شىنجاڭمۇ كاپىتالىستىك دۇنيا چاڭگال سالغان-
دى. چار روسىيە كونا جۇڭگو ئىستىبدات ھاكىمىيىتى بىلەن
تۈزۈشكەن تەڭ ھوقۇقسىز توختاملارغا تايىنىپ، شىنجاڭدا
بىرمۇنچە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالغان؛ بىرقانچە جاي-
لارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلىۋالغان. شۇلاردىن بىرى
تۇرپان رايونى بولۇپ، چار روسىيە كاپىتالىزمى بۇ يەرنى
ئۆزىگە بىر سودا بازىرى قىلىۋالغانىدى. تۈركىي خەلقلەردىن
ھەممىدىن بۇرۇن ئىچكى روسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەسىرىنى
قوبۇل قىلغان تاتار بۇرژۇئازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى
بۇ سودا بازىرىدا تىجارەت ۋە مەرىپەت جەھەتلەردە باش-
لامچىلىق رول ئوينىغانىدى. شۇڭا، تۇرپان رايونىدا XIX
ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاپىتا-
لىزم ئامىللىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىجتىمائىي مەس-
لىدە، تۇرپان سودا كاپىتالىزمىنىڭ بىر مەركىزى بولۇپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرپان خوراپاتلىقنىڭ تورلىرى
قاتتىق چىرمىۋالغان بىر رايون ئىدى. كۆپ ئەسىرلىك
فېئوداليزمنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر ئىدى. بۇ يەردە ئىلگىرى
جەدىتلىك (يېڭىلىق)نى تەشەببۇس قىلىش ناھايىتى چوڭ
توسالغۇلارغا دۇچ كېلەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قو-
يۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭدا مۇئەييەن كۆز قاراش پەيدا
بولغان. بۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، شەرقتە — ئىچكى ئۆلكىلەردە
يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابىي ۋەقەلەر، بولۇپمۇ
«4 - ماي» ھەرىكىتى، غەربتە — روسىيىدە يۈز بەرگەن

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى شائىرنىڭ كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا ئازادلىق كۈرىشى ئىدىيىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. شۇڭا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى روشەن تەندېنسىيىگە ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، جەڭگىۋار كۈرەشكە ئۈندەيدىغان ئىنقىلابىي مەزمۇننى ئىپادىلەشكە باشلىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋە سىياسىي پائالىيەت جەھەتتە كۆز قارىشى ئېنىق ھالدا خەلق ئازادلىقىنىڭ ھۆددىچىسى ۋە جەڭگىۋار كۈرەشچىسى بولۇۋالغانىدى. بۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا ئالاھىدە، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

# شائىر ئابدۇخالىقنىڭ تەخەللۇسى توغرىسىدا

## ئابدۇسالام ئابباس

ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەبەدىي بەلگە سۈپىتىدە ئات قويۇلىدۇ. ئاتنىڭ مەنىسى ۋە ئات قويۇش يوسۇنى ھەر قايسى مىللەتلەردە باشقىچە بولىدۇ، بىر مىللەت ئىچىدىمۇ جايلار ئارا پەرقلىق بولىدۇ. لېكىن ئات تاللاش ۋە ئات قويۇش، تەبىئىيكى، ئاتا-ئانا ئەل-يۇرت ئادەتلىرى، ياكى جامائەت - دىن ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئات تاللاش ۋە ئات قويۇش ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى IX ئەسىردىن بۇرۇن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان زاماندا بۇددىزم بىلەن، IX ئەسىردىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن بۇيان ئىسلامىزم بىلەن ئالاقىدار بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ئادەم ئاتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى، ئەرلەرنىڭ ئېتى بولسۇن ياكى ئاياللارنىڭ ئېتى بولسۇن، ئەرەبچە توختى، تۇرسۇن، سېتىۋالدى، خۇدابەردى، ئالتۇنخان، لەيلىگۈل، ئانىقىز دېگەنگە ئوخشاش ئاتلار ئۇيغۇرچە بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا دىنىي تىلەكتىن خالىي ئەمەس. ئاتلارغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئاخۇن، بۇۋى، جان، بەگ، باي، گۈل دې-

گەنگە ئوخشاش «قوشۇمچە»لەر بولسا، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىزدە ئات، ئومۇمەن، تەكبىر بىلەن قويۇلىدۇ، ئات توپى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا فامىلە يوق. بۇرۇن ۋەسىقە - تۆۋلىلەردە، تىلخەت - ھۆججەتلەردە پالانى - پۇستانى ئوغلى (قىزى) شەكلى كۆپ بولغان. بىر قىسىم زىيالىيلار (موللىلار) ئەرەبچە پەدىسىدە «بىننى»، پارس پەدىسىدە «زادە» دېمۇ قوللانغان؛ كېيىنچە رۇس فامىلە شەكلىنىڭ «ئوۋ، ۋا» تۈرىنى قوللانغانلار بولدى. ھازىر ئومۇمىي يوسۇندا ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانماقتا. ئۆز ئىسمىغا ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ياكى ئاتىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاشمۇ بار.

تەخەللۇس ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، ئىلىم ئەھلى ۋە سىياسىي ئەربابلار ئۆز ئەسەرلىرىدە قوللىنىدىغان يەنە بىر ئات بولۇپ، ئۇنى شەخس ئۆزى تاللايدۇ. ئۇيغۇرلاردا تەخەللۇس قويۇشتا تۆۋەندىكىچە ئەھۋال بار:

بەزىلەر ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋە شۆھرىتىگە ئۆزى تويغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى شېرىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىسمىغا يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتىدى. بۇ ئەرەبىي، پارسىي ئاپتورلاردىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمىرەكتۇر. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرى، ئەبۇنەسىر فارابى، ئەخمەد يۈگنەكى، خوجا ئەخمەد يەسەۋى، موسا سايرامى ۋە باشقىلار. بەزىلەر ئارزۇ - ئارمىنى، تۇرغان ھالى ۋە زامانىسىنىڭ ئادىتى، تەلىپى بويىچە، ھەر خىل مەنىدىكى سۆزلەرنى، ئاساسلىقى، ئەرەبچە سۆزلەرنى ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلغان. مەسىلەن، لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى، زەلىلى، نىزارى، غەرىبى، زىيائى،

خاراباتى، تەجەللى، ناقىس، نازىم، نەفسە ۋە باشقىلار، بەزىلەر ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلغان. مەسىلەن، ھەزىنى، ئۆتكۈر، جوشقۇن، يارقىن، دېگەندەك. ئوخشاش، بەزىلەر تارىختا ئۆتكەن خانۇ - خاقانلارنىڭ سەلتەنەتلىرى ۋە ئاتلىرىنى، ئالايلى، دۇغرا، ئالپتەكىن، چىڭگىزخان دېگەنلەرنى ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلغان. يەنە، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، 30 - يىللاردا ئۆز ئېتىغا ئىگىلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئاتىسىنىڭ ئېتىنىمۇ قوشۇپ ئاتاش بولغاندا، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇ تەقلىتتە ئىككى سۆزلۈك قىلىپ، «تاپىنام تۈركى»، «سەنئەت خۇمارى» دېگەن تەخەللۇسلارنى قوبۇل قىلغان. شۇ زاماندىكى سىياسىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجىغا بېقىپ، رەھبەرلىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى «ئە. ئەللىق» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباس ۋە «ئېرەن»، «يۈرەك» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ماقالىلەرنى ۋە شېئىرلارنى يازغان. 40 - يىللاردا يىراق - يېقىندىكى ئاپتورلار «ۋەتەن ئوغلى»، «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ماقالىلەر ئېلان قىلىنغاندى. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار ئوغۇللىرىغا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتمۇ قويۇشقان. ئەمما ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە رەسمىي تەخەللۇس قىلىش شائىر ئابدۇخالىققا خاس (شائىر ئابدۇخالىق شېئىرلىرىدا ئۆزىگە خىتاب قىلغىنىدا، شېئىرنىڭ ۋەزنى ۋە قاپىيەسىنىڭ تەلىپى بويىچە، «ئۇيغۇرى»، «ئۇيغۇرا» دەپمۇ چىقىدۇ، لېكىن ئەسلى تەخەللۇسى ئۇيغۇر بولۇپ، شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ). ئەجەبا، شائىر ئابدۇخالىق نېمە ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلدى؟ مەنچە، بۇ تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر مەنىگە ۋە

زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەسىلە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن پەقەت تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈنلا، يۇقىرىقى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىرىنچى، شائىر ئابدۇخالىق ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ۋە بارلىقىنى تونۇش ھەم تونۇتۇش ئۈچۈن بۇ تەخەللۇسنى قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشتە نۇرغۇن - يەنەسەي بويىدا كۈچلۈك ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرغان، كېيىن ھازىرقى شىنجاڭدا ئىدىقۇت، قارا قوجو خانلىقىنى، قارا خانىلار سۇلالىسىنى، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغانىدى. «غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان يۇرتتىكى ئودۇن، كۇسەن، چاپچان، سۇلاغ، بارچۇق، ئونسۇ قاتارلىق شەھەر دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئىدى.

ئۇيغۇرلار مەتبەئەچىلىك، پىلىچىلىك، كېۋەزچىلىك، ئۈزۈمچىلىك جەھەتلەردە جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان، جاھان مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى بولغان كارىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قولىدىن چىققانىدى.

ئۇيغۇر خەلقى نۇرغۇن دۆلەت ئەربابلىرى، لەشكەر باشلىقلىرى ۋە ھەر ساھە ئالىملىرىنى يېتىشتۈرگەنىدى. پەقەت ئەدەبىيات - سەنئەت بابىدىلا مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇ بىلىك» ، «12 مۇقام»غا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەخمەد يۈكنەكى، لۇتفى، نەۋائى، زەلىلى، نىزارى قاتارلىق ئونلىغان مۇتەپەككۇر، ئالىم، شائىرلارنى قى-

ھەرخان، خانىش ئامانىساخان نەفسەلەرنى يېتىشتۈرگەنىدى.

ئەپسۇسكى، شۇنداق بىر مىللەتنىڭ نامى كېيىنكى تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنتۇلغان ياكى ئۇنتۇلدۇرۇلغانىدى. خەلقىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى بىلمەي، «مىللىتىم ئىبراھىم خەلىلۇللا، يۇرتۇم پالانى» دەپ يۈرەتتى. بەدۆلەت توپىلىڭىدا بۇ يۇرتنى بېسىۋېلىشقا يول تېپىش ئۈچۈن چار پادىشاھ ئەۋەتكەن كۇروپاتكىن جىق يۇرتنى ئارىلاپ يېزىپ چىققان «قەشقەرىيە» دېگەن ئەسىرىدىمۇ يەرلىك خەلقنىڭ پەقەت ئۆز يۇرتىنىلا بىلىپ، مىللىتىنى بىلمەيدىغانلىقىنى يازغان.

مەملىكىتىمىز ئىچىدە خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنى ھەر قايسى دەۋرلەردە خۇيخې، يۈەنخې، خۇيگۇ، ۋېيۋۇئېر دەپ ئاتىغان. ئېيتىلىشى ھەر خىل بولغان بىلەن، شۇ ئۇيغۇرنى كۆرسەتتى. كېيىن «خۇيخۇي» دېيىلگەن سۆزمۇ «ئۇيغۇر»نىڭ يەنە بىر خىل ئاھاڭى ئىدى. ئەمما بۇ سۆز «ئىدىقۇت ھەكىمىسى سۆزلۈكى»دە «مۇسۇرمان» (مۇسۇلمان) دەپ يېشىلگەن. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تە بىر خىلى ناھايىتى ئېنىق ئۇيغۇر تىلى بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە دېيىلمىگەن. «مىنگو» زامانىدا تەشەببۇس قىلىنغان ئاتالمىش «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى»دىكى «خۇي»مۇ ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتتى، ئەمما ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ «مۇسۇلمان» دېيىلگەن. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بىرىنچى نۇتقىدا ئۇيغۇرلارنى «چەتتىن كەلگەن تۈركلەر» دەپ ئاتىغان. بەزى مىللەتلەر ئۇيغۇرنى «سودىگەر» مەنىسىدىكى «سارت» سۆزى بىلەن ئاتىغان، ئەمما بۇلارنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى قىلىپ قوبۇل قىلمىغان.

پەلەكنىڭ گەردىشى شۇ، ئەينى يىلىڭ زېگىشىن، جېمى شۇرىنلار ۋاقتىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۇيغۇرلارنى «چەنتۇ»، «چەنمىن» دەپ ئاتىدى. بۇ ھاقارەت مەنىسى ئالغان سۆز ئەسلا مىللەت نامى ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شائىر ئابدۇخالىق «مەن — مەنمەن، مەن — ئۇيغۇرمەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ، مىللىتىنىڭ نامىنى تونۇش ۋە تونۇتۇشقا بەل باغلىدى. شائىر ئابدۇخالىق «ئېچ يۇشۇش» دېگەن شېئىرىدا مۇنۇ مىسرالارنى يازدى:

... جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قىلىشمايمىز بۇ شۇملاردىن ئەمەسمىز پاكى ئاسقاقمۇ؟
بۇلار قىلماقتا بىزلەرگە تۈمەن - تۈرلۈك ھاقارەتلەر،
بىلەيمەن بۇ سۆزلەرنى، قىلىنغان بىزگە چاقچاقمۇ؟
ئاتايدۇ بىزنى چەنتۇ دەپ، قوشۇپ ھايۋان بىلەن بىرسەپ،
چىداشقا زەررە تاقەت يوق، ھاياتلىق بىزگە شۇنداقمۇ؟
.........

شائىر قۇربان بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قومۇلدىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسىدە، 33 - يىلى ئۇيغۇرنىڭ نامى ئەسلىگە كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، يەتتە ياشتىن — يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئۇيغۇر ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ. ھەمدە، ياتقىلارمۇ ئۇيغۇرنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلدى.

شائىر، تىنچ يات! مەقسىتىڭ ئىشقا ئاشتى!

ئىككىنچى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز مىللىتىنى قۇتقۇزۇش غايىسىنى تەخەللۇس تۈرىدە قوللانغان. ئابدۇخالىق

ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ ئۇنىڭ «تار مىللەتچىلىك»كە ئوخشىمايدۇ، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىكتىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. شائىر ئۇيغۇر ئۇيغۇرنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇنى مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىشتىن قۇتقۇزۇش، قاراڭغۇ غەپلەتتىن ئويغىتىشنى ئۆزىگە غايە قىلغانىدى ۋە شۇ يولدا قۇربان بولدى.

شائىر ئۇيغۇرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكى، مېنىڭچە، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىسىنى تاپقان:

شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ شان - شۆھرىتىنى بىلەتتى، ئەسلەيتتى، بۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا كۆرۈنىدۇ، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىنى كۆرگەندە، سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنى بىلگەن، ئۆزگىنىمۇ بىلىدۇ.

شائىر شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن داۋام قىلغان ۋە ئۇچىغا چىققان مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر مىللىي تەڭلىك ۋە مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ جاھالەتتە، غەپلەتتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خەلقىمىزنى مەرىپەتكە باشلايدۇ، پەنگە يۈرۈش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شائىر مىللىتىمىزدە ساقلانغان ئىللەتلەرنى پاش قىلىدۇ، تەنقىد قىلىدۇ، نەپرەت بىلەن ئەمەس، ئېچىنىش بىلەن تۈزىتىشكە ئۈندەيدۇ. شائىرنىڭ «ئىستىمەس»، «باردۇر»، «ھار»، «غەزەپ ۋە زار» دېگەن شېئىرلىرى مۇشۇ جەھەتكە بېغىشلانغان. بۇنىڭدا شائىرنى ئۇلۇغ لۇشۈنگە، ئابدۇللا توقايغا ئوخشىتىش مۇمكىن. شائىر ئۆزى ئۇيغۇر

خەلقىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك راستچىللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق، جەڭگىۋارلىق ۋە قەھرىمانلىق، كەمتەرلىك ۋە مەردلىكتەك ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

شائىر مىللەتپەرۋەرلىكنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن. ئۇ مەملىكەتنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن ھالىدىن بىزار بولىدۇ. شائىر سۇن جۇڭشەننى ھىمايە قىلىدۇ. سۇن جۇڭشەننىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا تولۇقلىغان «ئۈچ سىياسەت»لىك سەنمىنجۇيىسىنى ياقلايدۇ. سۇن جۇڭشەننىڭ مىللەت پروگراممىسى سىرتقا قارىتا، دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىش، مەملىكەت ئىچىدە، ھەممە مىللەت باراۋەر بولۇش ئىدى. لېكىن شۇ چاغدا بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شائىر تىنچ يات! سېنىڭ غايەڭ ئەمەلگە ئاشتى.

* * *

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئۈرۈمچى، تۇرپان رايونىدا كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى پەيدا بولىدۇ. ئاڭلىق پومېشچىكلار سودا كاپىتالىزمى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئائىلىسى يېڭى ئۆنگەن بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ، شائىر مۇشۇنداق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە «لېنىن يولى»غا ئىنتىلىشىدىن ئۇنىڭ پرولېتارياتقا ئەل بولۇشقا باشلىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكى مۇشۇ يەردە.

شائىر ئابدۇخالىق — ئۇيغۇر شائىرى. مۇشۇنداق بىر

زاتنى يېتىشتۈرگەن ئائىلە ۋە يۇرتىنىڭ ئۆز پەرزەنتى بىلەن پەخىرلىنىشى ناھايىتى تەبىئىي ۋە چۈشىنىشلىك. ئۇ بارلىق شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى، ئۇيغۇر خەلقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى ھەقلىق يوسۇندا ئۇيغۇر شائىرى دەيمىز. يازغۇچى — شائىرلارنى يۇرت بىلەن باغلىغاندىن پۈتۈن مىللەت بىلەن باغلىغان تۈزۈك.

شائىر ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېپىلىشى، رەتلىنىشى ۋە نەشر قىلىنىشى — پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ فاڭجېن، لۇشيەن، سىياسەتلىرىنىڭ مېۋىسى. بىز پارتىيىمىزدىن مىننەتدار. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ساقلىغان، يىغقان ۋە رەتلىگەن شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارغا ھەشقاللا! لېكىن، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇكەممەل تىكلىنىشى ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە. شۇنداقلا شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن تەتقىقاتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ تەخەللۇسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئىشىنىمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدىكى بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يەنە ئۇنى ئەسلەش - خاتىرىلەش يىغىنىمۇ بولدى. بىز يازغۇچى — شائىرلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ شائىردىن ئۆگىنىشىنى، شائىرنى تەشۋىق قىلىشىنى ۋە شائىرنى يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىمكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 ـ 30 ـ يىللار شارائىتىدا ياشىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي دېموكرات ۋە ئەركىنلىك، مەرىپەت ھەم تەرەققىياتنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى ئىدى.

شائىر شۇنداق بىر زاماندا ياشىدىكى، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ: مەنچىڭ خاندانلىقى غۇلاپ، ھەممە خۇش ۋە پۇت ـ قولى بوش بولغان بولسىمۇ، ھەر بىر ئۆلكىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان مىلىتارىستلار جۇڭگونى 22 پارچىگە بۆلۈۋەتكەن، جۈملىدىن، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا جاڭجۈن بولۇۋېلىپ، بۇ يەرنى بۆرە پاخلان تېپىۋالغاندەك، يۇگدىمايلا يەۋاتقان، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان جىن شۇرېن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھەممىنى قۇلۇم دەپ، ھايۋاندەك زۇلۇم قىلىپ، دەپسەندە قىلىۋاتقان، زۇلۇم ۋە جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مۇتەئەسسىپ قازى ـ موللىلار ئۇلارنىڭ ئەمرىنى ئۇتماق

لىق ۋاجىپ، دەپ پەتىۋا بېرىۋاتقان، ھاكىم مۇتلەقلىق تەختىگە مىنگەن پەيتتە باشلىق ياللاۋۇزلار يىلان - چاياندەك ھەممە يەرگە يامراپ، خەلقنىڭ قېنىنى شوراش ھېسابىغا توڭگۇزدەك سەمرىۋاتقان، زۇلمى ھەججاجدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن زالىملار دەستىدىن ئەمگەكچى خەلق، كۆزىنى تېڭىپ جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۆيدەك، قولىدىنمۇ بەتتەر ھالدا قورۇق جېنى بىلەن قېلىۋاتقان، قىسقىسى، ھۆسۈن - جامالدا جەننەتتى فىردەۋسىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان بۇ گۈزەل ماكان كۈندۈزى كۈن تۇگۇل، ھەتتا كېچىلەردە ئاينىڭ دىدارىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان دوزاخقا ئايلانغان زامان ئىدى. يەنە شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، جاھالەت ۋە نادانلىق بۇلۇتى مەرىپەت قۇياشىنىڭ يۈزىنى توسۇپ، نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىك بىر سەنئەت ھېسابلانغان، پەلەك ئۇ ئەقىلسىز - نادانلىقنى ئاسرىغاچقا، جاھىللار كۈچ - قۇۋۋەت تېپىپ، ئەقىل - پەزىلەت ئەھلى خار بولغان، زامانە زورۇ زومبۇنىڭ، تاماشا كورىنىڭ بولۇپ، ھەقىقەت تۆھمەتخورلىرىنىڭ مېلى خەۋەردار تاپقان، كىمنىكى مەرىپەتتىن گەپ ئاچسا، «كاپىر - جەدىد» دەپ تىل - ھاقارەت، تەنە - دەشنام ئاستىدا قارغىشقا قالىدىغان، بۇلبۇل ئورنىغا ھەر بىر شاخقا قاغىلار قونۇۋالغان زۇلمەتلىك زامان، تەڭلىك زامان، قارغۇ زامان، ھاردۇقى يوق، تېۋىپى يوق دەردلىك زامان ئىدى.

XI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈۋەسسىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى زۇلمەت - جاھالەت دەستىدىن:

«ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۆڭۈل — تۈن ئىچۈك يۈرەك يودەي مەن،
چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شۇرارلەر،
ئىتتەك ئاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن!»

دەپ زارلانغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ:

«ئازغىنە بىر ئىستىراھەتنى تىلاي ھاسىل دېسەم،
ھېچ ئارام بەرمەس ماڭا تۆت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ.
گاھى ئوخشارمەن مۇھەببەت ئاتلاسىدا بىر كېمىگە.
تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراب»

دېگەن مىسرالار بىلەن ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك زامان دەشت-دىن نە ھالدا ئالغانلىقىنى ئەرز ئەتكەنىدى. بىراق ئۇ ھېچقاچان ئۈمىدسىزلەنمىگەن، بەلكى:

«دۇنيانىڭ تەمكىنى باردۇر، ساچۇر نۇرىنى داۋام ئەيلەر،
سۇباتى يوق بولۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ؟»

دەپ كېلەچەككە ئۈمىدۋار قارىغانىدى. چۈنكى شائىرنىڭ ھايات ۋە ئىجادىي پائالىيىتى، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇن-داق بىر دەۋرگە توغرا كەلدىكى، بۇ چاغلاردا شىنخەي ئىنقىلابى ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇ-نىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش غايىسى جۇڭگو ۋە-تەنپەرۋەرلىرىنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ قالغان، روسىيەدىكى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسى

ئارتىسىدا، جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى تېپىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئاتلانغانىدى.

1919 - يىلدىكى «4 - ماي» ھەرىكىتى ئۇنىڭ تۇنجى سىگنالى بولۇپ، بۇ سىگنال ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى بىرقانچە ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلارغا چېگرىداش بولۇشى ۋە بۇ رېسپۇبلىكىلار خەلقلىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوخشاشلا تۈركىي تىل - سىستېمىسىدا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چار پادىشاھلىقى دەۋرىدىن تارتىپلا، شىنجاڭ بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا - تىجارەت، ئۆزئارا زىيارەت ئالاقىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، جۈملىدىن قەشقەر، ئىلى، چۆچەك تەرەپلەردىن ھەر يىلى دېگۈدەك ئۇرغۇنلىغان «يېتىمچىلەر»نىڭ روسىيە تۇپرىقىغا مەدىكارلىققا بېرىپ تۇرۇشلىرى، ئاندىن قالسا ھەج تاۋاب، تىجارەت ۋە ساياھەت سەۋەبلىرى بىلەن مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭدىن بەزى ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ - كېلىشلىرى — مانا شۇنداق ئامىللار خەلق ئاممىسىنىڭ مەملىكەت ۋە دۇنيادىكى ھەر خىل يېڭىلىقلاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردار بولۇپ، مىللىي ئازادلىق، تەڭلىك، دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات تەلەپلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھۆكۈمەتلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە قوشنا ئەللەردىن ھەرقانداق بىر يېڭىلىقنىڭ، بولۇپمۇ ئىلغار پىكىر ئېقىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق تەقىپ قىلغان بولسىمۇ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ بۇ ئوبيېكتىپ تەرەققىياتىنى توسۇشقا قادىر ئەمەس

ئىدى. خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ئويغىتىپ، كۈرەشكە ئات-لاندۇرۇشتا. خەنزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس ۋە باشقا تىللار-دىكى كىتاب - ژۇرنال، گېزىت قاتارلىق ئىجازەتسىز سا-ياھەت قىلىدىغان مەنىۋى قوراللارنىڭ ۋە بۇ قوراللاردىن بىۋاستە پايدىلىنالايدىغان زىيالىيلارنىڭ رولى ئالاھىدە بولدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ جۇڭگو-نىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىدىن ئوبدان خەۋەردار بولغانلىقى ئۈستىگە، شەخسەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىرقانچە قېتىم بې-رىش ۋە ئۇ يەردە مەلۇم يىللار ئىستىقامەت قىلىپ، ئىلغار پىكىرلەر ئېقىمى بىلەن تونۇشۇش ھەم سوۋېت جەمئىيىتى-دىكى رېئال ھاياتنى كۆزىتىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى شىنجاڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىق قى-لىش ئارقىسىدا پەيدىنپەي يېڭىچە دۇنيا قاراشقا ئىگە بول-دى. زۇلۇم - ئاسارەت، جاھالەت ۋە خۇراپات تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن ماكاندا كۈن - تۈنى ئويقۇدىن بىدار، ئى-چى پۇشۇپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

«ئەي پەلەك، بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىستەدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارى مەن.»

دەپ زارلىنىپ، گاھ ئوت بولۇپ يانغان، گاھ دەۋر جەبرى-دىن ئاھۇ - پىغانلار چېكىپ، چىقىش يولىنى تاپالماي، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، بېلىق كەبى ھەريان شۇڭغۇ-غان شائىر ئاخىر «دىلبىرىنىڭ كۈلبادىن» ئۆز يولىنى تاپ-

تى. بۇ زۇلۇم ۋە ئاسارەتكە قارشى كۈرەش قىلىش، يەنى، ئىنقىلاب يولى ئىدى. ئۇ دەيدى:

«ئابدۇخالىق، ئۇشبۇ يولدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس قىلىچنى بوياپ قان بىلەن»

دەپ، «بەلباغنى ئالماي ئىككى چىكىپ» مەيدانغا چۈشتى-ھەتتا؛

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب»

دەپ قەسەم ياد قىلىپ، جاللات قىلىچى بېشىدا ئويناپ تۇرغان ئاخىرقى مىنۇتلاردىمۇ، شۇ قەسەمى بىلەن «ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن زۇلۇم!» دەپ مەردلەرچە قۇربان بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شىنجاڭدا، بىر تەرەپتىن، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش ئەۋجىگە چىققان، ھەتتا ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەت نامىمۇ يوقىتىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق، تەڭلىك - ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىش، ھەمدە جاھالەت، خۇراپات، قالاقلىق ۋە قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇش تەلەپلىرى كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان بىر تارىخىي دەۋردە ياشىدى ھەم ئىجاد قىلدى (شائىرنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى). ئاخىردا شۇ ھەققانىي تەلەپلەر بىلەن 1931 - يىلى

پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ۋاسىتىلىك ۋە بىۋا-سىتە ھالدا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ كۈيلىرى شەرەپ بىلەن شېھىت بولدى. شۇڭا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائا-لىيىتى جەڭگىۋار ئورىگىناللىققا ئىگە. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئۇ ھايات چاغدىلا، ھېچقانداق مەتبۇئات ۋە نەشرىيات ۋاسىتىلىرى بولمىغان شارائىتتا، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇيغۇر خەل-قىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن مۇئەييەن ئورۇن ئېلىشىمۇ ھەرگىز تاسا-دىپىي ئەمەس.

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ يەنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شې-ئىرلىرى نېمە ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن بەزى شائىرلارنىڭكى-گە ئوخشاش ئۇنتۇلۇپ كەتمەي، 60 نەچچە يىلدىن بېرى ياشاپ كەلدى ۋە مۇندىن كېيىنمۇ ياشاپ قالىدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەك ھەم ئاسان، ھەم تەس بولسا كېرەك. ئاسان جاۋابتا «چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياخشى يېزىلغان» دېيىش بىلەن كۇپايىلىنىش مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭدىن يەنە «قانداق ۋە قايسى تەرەپتىن ياخشى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىدىن، يەنى ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىللاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شائىرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىللار، ئېھتىمال، مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن:

بىرىنچى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى 20 ـ، 30 ـ يىللار شارائىتىداقاتمۇ قات جەبىر ـ زۇلۇم ئاستىدا ئىنسانىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان، جاھالەت ھەم خۇراپات قۇربانى بولۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى، تەڭلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك قالاقلىق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، يەر شارىدىكى باشقا ئازاد مىللەتلەر قاتارىدا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىي ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان ۋە بۇ يولدا «ئاتاپ قويدۇم ئۆزۈمنى، مەيلى بولسامۇ مىڭ پارە» دەپ، ئاخىرقى دېمىگىچە كۆرەش قىلغان ئوت يۈرەك جەڭچى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرغان يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەمەتىدىن مەنسۇپ بولغان سىنىپى ئۈچۈن ئەمەس، مۇتلەق كۆپچىلىك سانىنى تەشكىل قىلغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن ۋە ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ياشىدى ھەم كۆرەش قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشى مەلۇم ۋەزىنگە سېلىنغان قانداقتۇر قاپىيىلىك سۆز تىزمىلىرىنىڭ دەبدەبىلىك ئاۋازىنى ئەمەس، XX ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب ساداسىنى، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئاڭلايدۇ. بۇ شېئىرلاردىن شائىرنىڭ زامانىداشلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلىغان بولسا، XX ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تەڭلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇققا ئېرىشىپ، ئازاد مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ

تۇرغان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرى ۋە باشقا خەلقلەر زۇل-
مەتلىك ئۆتمۈشنىڭ قەبىھ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، ئازادلىق-
تىن بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى
ئەسلەيدۇ ۋە بۈگۈنكى كۈننى تېخىمۇ قەدىرلەش تۇيغۇ-
سىغا چۆمۈلىدۇ.

شائىرنى مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن تۈپ
ئامىل ئۇنىڭ نېمىنى يېزىش، كىم ئۈچۈن يېزىش ۋە قان-
داق يېزىش مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلغانلىقىدىن ئىبا-
رەت ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە تاللاپ ئالغان
تېمىلىرىنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى
چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە ھەر بىر كونكرېت
مەسىلىدە بايرىقىنىڭ روشەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن. چۈنكى،
سەنئەتكارنىڭ قانداق تېمىنى تاللاپ ئۇنى قانداق ھەل
قىلىشى، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۈپ مەقسى-
تىگە، مەيدان ۋە دۇنيا قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. ئابدۇخا-
لىق ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق كۆزەتكەن-
لىكى ئۈچۈن، شۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنىڭ جىددىي تەلەپلى-
رىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان رېئال تېمىلارنى تاللاپ
ئالغان ۋە ئۇنى ئىنقىلابىي دېموكرات شائىرغا خاس ئىرا-
دە، مەقسەت، كۈچ ۋە ماھارەت بىلەن توغرا ھەل قىلغان.

ئىككىنچى، شائىرنىڭ قىممىتى شېئىرىدا، شېئىرنىڭ
قىممىتى بولسا، ئۇنىڭدىكى پىكىر، يەنى مەنە ۋە ئىستېتىك
ئامىللاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر يېزىش
ئۈچۈنلا شېئىر يازغان ياكى شېئىر بىلەن شۆھرەت قازىنىش-
قا ئۇرۇنغان شائىر ئەمەس، بەلكى ئالىيجاناب غايىلەر بى-
لەن ئوتتەك يېلىنجاپ كۆيگەن ھەقىقىي شائىر ئىدى. چىن-

دىن يەنىلا سوغۇق كۆزدىنمۇ ياش چىققاندەك، شائىردىكى سەممىي ئىشق (كۆيۈك) ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تولۇپ ماھىيەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى خۇددى مەجنۇننىڭ لەيلىگە ياكى پەرھادنىڭ شېرىنغا يازغان خەتلىرىدەك نايناق كۆز ياشلىرى بىلەن، ئۇرغۇپ تېشىۋاتقان ئىشق يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغان ھەقىقىي شېئىر، ھەقىقىي ئاشىقنىڭ يالقۇنلۇق نىداسى ئىدى.

ئەلىشىر ناۋائى شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى شائىرلار باركى، بۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن شاد ۋە خۇرسەن، رازى ۋە بەختىياردۇرلەر، ئۇلار يۈز مۇشەققەت بىلەن بىر بېيت توقۇيالىسا، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات پەلەكتىنمۇ ئاشۇرۇپ تاشلايدۇ، سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت ۋە نە مەرىپەت بالىدىن (ھەسەلدىن) لەززەت، يازغان نەزمىلىرىدە نە شەۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت بولىدۇ، نە شائىرانە تەركىبلەردىن گۈزەللىك ۋە نە ئاشىقانە كۆيۈش - يېنىشلىرىدە يالقۇن مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر بەزىلىرىدە گاھ بىرەر ياخشى بېيت ھاسىل بولۇپ قالسا، ئۇلارچە ئورۇنسىز داۋا بىلەن ھەممە ياققا جار سېلىپ، ئۇ بېيتتىمۇ زايە قىلىدۇ، بۇلاردىن بەزىلىرىدە بىرەر يېقىملىق، مەنىلىك نەرسە توقۇپ قالسا، ئۇلارچە يېقىمسىز داۋايۇ مەنمەنلىك بىلەن ئۇنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ، گويا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىرى زور، ئۆزى ياراتقان سۆزلىرىگە ئېتىقادلىرى مۇستەھكەم. قىزىقى شۇكى، مۇنداق شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شېئىرلىرىدا مەنا ئازراق ۋە شائىرلىق داۋالىرى كۆپرەكتۇر.» («مەھبۇبۇل قۇ-

لۇب»، 27 ـ بەت، تاشكەنت، 1983 ـ يىل نەشرى.)

ئەبۇ ناسىر فارابى مۇنداق دەيدۇ: «بەزىدە شۇنداق ھاللارمۇ يۈز بېرىدۇكى، شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئارقىدا قالغان شائىرمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، ئاجايىپ شېئىر يېزىۋېتىشى، ھەتتا بۇ ساھەنىڭ داڭدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان شېئىر يارىتالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، بەزىدە ئامەت ۋە تاسادىپىنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشى سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇنداق ئادەم بۇ شېئىرنى مۇلاھىزىكار شائىر دېگەن نامغا ئېرىشەلمەيدۇ.» (فارابى شېئىر سەنئىتى توغرىسىدا»، 33 ـ بەت.)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ھاياتىي كۈچنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلاردا مۇستەقىل پىكىر (مەنە) ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ھەر زامان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەر يالىڭاچ ئېيتىلماي، شائىرانە ماھارەت بىلەن يۈكسەك بەدىئىيلىككە كۆتۈرۈلىدۇ، يەنى مەنتىقىي تەپەككۇر ئوبرازلىق تەپەككۇرغا، پىكىر تىلى تەسەۋۋۇر تىلىغا يۈكسىلىدۇ، نەتىجىدە، «جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا» (زەلىلى) دېگەندەك شېئىردىكى مەنە، يەنى ھەقىقەت مەجاز ئارقىلىق جىلۋىگە كىرىپ، سەنئەت ئۇنچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. ھەتتا قوشاق شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلىرىدىمۇ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان، يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل سادا ياڭراپ تۇرىدۇكى، كىتابخان قاندىقتۇ قوشاقنى ئەمەس، يالقۇنلۇق بىر نىدانى ئاڭلىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لەرزىگە كېلىدۇ («ئاچىل»، «ئىنتىزارلىق»، «يەجوجى ـ مەجوجى»، «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» ۋە باشقىلار.) ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مە-

نە بىلەن شائىرانە ئىستېدات (خىيال - تەسەۋۋۇر بايلىقى) نىڭ كۈچى بىلەن تېرىسىدەك ھىمايىسىپ كېتىشى، نەتىجىدە سوۋېت شائىرى مىخائىل سۋېتلوفنىڭ ئېيتقىنىدەك، سۆز- لەرنىڭ ئاھاڭغا كىرىپ، يوگۇرۇلگىنىدىن، سېھىرلەنگىنىدىن، پەرۋاز قىلغىنىدىن بولۇپ كېتىشى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ئېرىشتۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ئۈچىنچى، ئۇسلۇبىنىڭ مىللىيلىقى، تىلىنىڭ خەلقچىل- لىقى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى. شائىر «سەن- ئەت - سەنئەت ئۈچۈن»، ئەمەس، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈ- چۈن خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، يەنى ئۇنىڭ شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، ئىنقىلاب يولى بىلەن قۇتقۇزۇش بولغاچقا، تىل ۋە ئۇسلۇبتا خەلققە يې- قىنلىقنى ئۆزىگە مۇھىم بىر پرىنسىپ قىلىپ، پۈتۈن ئىجادى- يەت پائالىيىتىدە بۇ پرىنسىپقا ئىزچىل ئەمەل قىلغان.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتىدۇر. بىراق ئەدە- بىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرى شائىردىن ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى لۇغەتتىن تېپىلغان سۆزلەر بىلەن خاتىرىلەپ قويۇشنى ئەمەس، ئوبرازلىق تىل بىلەن يارى- تىپ بېرىشنى، يەنى ئوبرازلاشتۇرۇپ يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ تىل ئۇسلۇبى قانچىكى ئاددىي ۋە خەلقچىل بولسا، ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى خەلققە شۇنچە ئاسان ئۆتۈپ چوڭ- قۇر سىڭىدۇ. ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ تاتار خەلقىنىڭ ئارىسىغا شۇنچە كەڭ تارقىلىپ، ئاسان سىڭىپ كېتىشى

تەبىئىي ھادىسە بولمىسىدىك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭمۇ شۇنداق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەستۇر، چۈنكى بۇ شائىرلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخان (ئامما) ئوتتۇرىسىدا بىرەر تام - توساق بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلانغان. ئۇلار خۇددى بالىنىڭ تىلىنى ئانا قانداق ئاسان چۈشىنىدىغان بولسا، شائىر تىلىنى خەلقنىڭ شۇنداق چۈشىنىدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى ۋە ئىجادىي ئەمەلىيىتىدە، شۇنداق قىلىشقا ئېرىشتى. ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 20 -، 30 - يىللاردا يازغان شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، 40 - يىللاردىكى بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق چۈشەنمەيدىغان ئەرەب - پارس سۆزلىرىنىڭ پات - پات ئۇچراپ تۇرۇشى ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا تېگىشلىك مەسىلە بولسا كېرەك.

تىل مەسىلىسىدىن باشقا ئۇسلۇب جەھەتتە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرى خەلققە چۈشىنىشلىك ياكى يېقىن بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھېچبىر شېئىرى قانداقتۇر غەلىتە سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تولغان چۈشىنىكسىز تېپىشماق ئەمەس، ئەكسىچە، ھەرقانداق چوڭقۇر پىكىر ۋە ئاجايىپ لىرىك ھېسسىياتلىرىمۇ ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ، شائىرنىڭ كىتابخانغا نەقەدەر سەمىمىي ئىكەنلىكىنى، يەنى قانداقتۇر سۆز ئەيرەڭلىرى بىلەن كىتابخاننى ئالدىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بەزى شائىرلار شېئىر قانچە مەجھۇل (چۈشىنىكسىز) ۋە سىرلىق يېزىلسا، ئۇنىڭ قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۆزى يازغان شېئىرنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ

بىرەلمەسلىكنى بىر خىل «سەنئەت» دەپ ئويلايدۇ. دۇرۇس شېئىر ئۆزۈل ئېيتىلىدىغان نەسرىي ئەسەر ئەمەس. ئۇ مەنىنى مۇمكىن قەدەر يالىڭاچ ئېيتماي، تۈزلۈك مەجازى (مېتافورىك) ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى. لېكىن شېئىر ھەر قانچە مەجازلاشتۇرۇلغان (يەنى مەنە يوشۇرۇن بېرىلگەن) تەقدىردىمۇ، شائىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى كىتابخان چۈشىنەلەيدىغان، ھېچ بولمىغاندا، ھېس قىلالايدىغان بولۇشى لازىم، مۇبادا ئۇنى ھېچكىم چۈشىنەلمىسە، بۇنى ياسالما تېپىشماق دېيىشتىن بۆلەك چارە يوق. ھالبۇكى، دۇنيادا تېپىلمايدىغان تېپىشماقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق ياسالما تېپىشماقلارنى يېزىپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلانغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، شائىرنىڭ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بولغان بارماق ۋە ئارۇز ۋەزنىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى گارمونىك ئاھاڭدارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزۈلغان شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى بولىدىغان دەرىجىگە كۆتۈردى. بۇلا ئەمەس، شائىرنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە تەجرىبىسى بىلەن ئۇيغۇر ئارۇزى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىرىشىپ، تېخىمۇ بېيىدى. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇزى ۋەزنىدە شېئىر يازماق قىيىن ياكى ئارۇز ۋەزنىدە شائىرنىڭ پىكرى چەكلىنىپ قالىدۇ، دېگەن كەپلەرگە تېگىشلىك جاۋاب بېرىلدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئالەمىگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، ھېچ-

كىم كونا ئەنئەنىلەرگە قاتتىق يېپىشىۋېلىشنى خالىمايدۇ، ئەنئەنىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوقۇنۇش لازىم بولغان تەقدىردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھېلىمۇ ئەلمىساقتىكى ھالىتىدە قالغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنئەنىگە تەنقىدىي قاراپ، ئىسلاھات روھى بىلەن يېڭىلىق ۋە بۆسۈش يارىتىش بۈگۈنكى دۇنيانىڭ جىددىي تەقەززاسى. «مېنىڭ ئىز باسارلىرىم، — دېيدۇ ئى. ۋ. مىچۇرىن، — مەندىن ئۆتۈپ كېتىشلىرى، ماڭا قارشى چىقىشلىرى، ھەتتا ئىشلىرىمنى بەرباد قىلغان ھالدا، ئەينى چاغدا ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشلىرى لازىم، مانا شۇنداق ئىزچىل يىمىرىش ئىشلىرى نەتىجىسىدىلا تەرەققىيات ۋۇجۇدتا چىقىدۇ.»

ئەدەبىياتتىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ ئۇسلۇب مەسىلىسىدە ئەنئەنىگە چوقۇنماي، يېڭىلىق يارىتىش بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتۇئال تەلىپى. پارتىيە تەشەببۇس قىلغان «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» فاڭجېنى ئەدەبىيات - سەنئەتتە تۈرلۈك ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا كاپالەت بېرىدۇ.

ئەمما، مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئىسلاھات ۋە بۆسۈش ئەنئەنىلەرنى قارا - قويۇق ھالدا تۈپتىن ئىنكار قىلىپ تاشلاش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، قەدىمكى كۆتەك ھارۋا بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى ئاپتوموبىللارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئەقىلگە سىغمىغان بولاتتى. ئەگەر مۇستەسناسىز ئىنكارچىلىق قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئاپتوموبىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇقلۇق قاتناش

قوراللىرىنىمۇ چاقسىز ياساشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، مۇنداق قاتناش قوراللىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەتتا ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈشى ياكى يەرگە قونۇشى ئۈچۈنمۇ چاق بولۇشى شەرت.

بىزنىڭ ئېلىمىزدە بارلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋە بۇ ھوقۇق قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇسلۇبىنى مىللىي ئەنئەنىلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا كەڭ - كۇشادە يېڭىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ كەڭ زېمىن يارىتىلدى. بۇ ھېچقاچان دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى تەقەززا قىلىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خۇددى شۇنداق قىلغان، ئۇ مىللىي ئەنئەنىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، ئۆز شېئىرلىرىنى خەلققە يېقىن ئۇسلۇبقا ئىگە قىلدى. بۇنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تېما ۋە مەزمۇن يېڭىلىقلىرى، قويۇق تۇرمۇش چىنلىقىدىن تاشقىرى شېئىر شەكىللىرى، ۋەزىن ئۆلچەملىرى، قاپىيە، تۇراق ۋە باشقا جەھەتلەردە ياراتقان يېڭىلىقلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شائىرنىڭ ئىجادىيەت مېتودى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە. مەلۇمكى، يازغۇچى ياكى سەنئەتكارنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىپادىلەشتە ئەمەل قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپى ۋە مېتودى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېتودى دېيىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسىي مېتود مەۋجۇت.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ھەم رېئالىزم، ھەم رومانتىزم مېتودىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن رېئالىست شائىر بولسا، رېئاللىقنى غايىۋى ئىستەك - ئارزۇلار ۋە قاينام - تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى جەھەتتىن رومانتىك شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئالىزم (ياكى تەنقىدىي رېئالىزم) بىلەن رومانتىزم چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. شائىرنىڭ ئۆزى شۇ دەۋردىكى تىپىك شارائىتتا يېتىشكەن تىپىك قەھرىمان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ لىرىك تەسەۋۋۇرلىرى يۇقىرى غايىۋىيلىككە كۆتۈرۈلگەن، نەتىجىدە، شائىر رومانتىزمى ئىنقىلابىي رومانتىزم پەللىسىگە يۈكسىلىپ، ئۇ جەمئىيەتنى پاش قىلىشلا ئەمەس، ئۆزگەرتىش، يەنى ئىنقىلاب قىلىش مەقسىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇلغان ۋاستىگە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزم مېتودى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن باشلانغان دېسەك خاتا بولمايدۇ. ئۇنىڭ گاھ غەم - قايغۇ، ھەسرەتلىك كىنايە، ئاچچىق غەزەپ ۋە كۈچلۈك نەپرەتلەر بىلەن، گاھ قاتتىق نىداھ (ھايقىرىق) ۋە ئوتلۇق خىتاب (چاقىرىق) لار بىلەن تولغان لىرىكىلىرى، ئۇنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەجەللىك ئىللەتلەر ۋە بۇ ئىللەتلەرنى پەيدا قىلغان ئامىللارنى رە-

ھېسسىز پاش قىلغان ئۆتكۈر ساتىرىلىرى بۇ پىكىرنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى بويىچە تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە زۇلۇم، ئىستىبداتقا قارشى «قىلىچنى قان بىلەن بوياپ»، مىللەتنى ماددىي كىشەنلەردىن قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپلا قالماي، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «ئاتا - بوۋىلاردىن مىراس قالغان كونا كېسەللىك»لەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىنمۇ ئازاد قىلىشقا تىرىشقان نىيىتى ئاق، دورىسى ئاچچىق خالاسكار تېۋىپ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لۇشۈن، ئاباي ۋە ئابدۇللا توقايغا ئوخشايدۇ («ياردۇر»، «ھار»، «غەزەپ ۋە زار»غا ئوخشاش شېئىرلىرىغا قاراڭ). بىراق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يالغۇز مەرىپەتچىلا ئەمەس، ئىنچىل دېموكرات ئىنقىلابچى بولغانلىقى جەھەتتىن قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىسى بولغان ئابايدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە ئۆز ئانا تىلىدا مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ دەردىنى كۈيلەپ، ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىن ئازاد قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشقان مىللىي ۋە مەرىپەتچى شائىر بولغانلىقى جەھەتتىن ئابدۇللا توقايغا ئوخشىشىمۇ (ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدا ئابدۇللا توقاينىڭ تەسىرى كۆپ ئىدى). ئەمما ئىنقىلابچى ئۇمىدۋار بولغانلىقى جەھەتتىن ئابدۇللا توقايدىنمۇ كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاباي، ئابدۇللا توقاي ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغان دەۋرلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدەك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز زامانىسىدىلا مىللەتنى قۇت-
قۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى ئاسارەت كىشەنلىرىدىن خالاس قى-
لىشنىڭ تېخى كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىنمۇ خالاس قىلىش لازىملىقىنى،
يەنى ئىللەت تۈزەلسە، مىللەت تۈزۈلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر
ھېس قىلىپ، بارلىق جاھالەت، خۇراپات، نادانلىق، قالاق-
لىقلارغا، مىللەتنىڭ پىسخىك جەھەتتىكى بۇزۇلۇشلىرىغا ۋە
مۇنداق چۈشكۈنلۈكلەرگە سەۋەب بولغان ئامىللارغا قارشى
رەھىمسىزلىك بىلەن ئوت ئاچتى. بۇ، ئۆز مىللىتىنى خور-
لىغانلىق ئەمەس، بەلكى چىن قەلبىدىن سۆيگەنلىكىنىڭ كون-
كرېت ئىپادىسى، يەنى «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن
كۈلدۈرۈپ» دېگەن ھېكمەتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. لۇشۈن
ئەپەندى بىرمۇنچە ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز مىللىتىگە قان-
داق كۆيۈمچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ
ئاچچىق ساتىرا ۋە يۇمۇرلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىگە كۆ-
يۈنۈپ، ئۇنى مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا قاتتىق
تىرىشقانىدى.

80 - يىللاردا ياشاپ تۇرۇۋقلۇق، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدى-
كى مەنىۋى كېسەللىكلەرنى دادىل ئېچىپ تاشلاشتا ئۇنىڭ-
لىك جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بىزلەرگە سېلىشتۇرغاندا، 20 -،
30 - يىللار شارائىتىدا ياشىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ
بۇ بابتىكى جۈرئەت ۋە شىجائىتى ھەقىقەتەنمۇ دىققەتكە
سازاۋەردۇر.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاش
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئار-
قىلىق، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كا-

پالەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ مەنەۋى قىياپىتىنىڭ تېخىمۇ تېز كامال تېپىشىغا قانداق پائال تۈرتكە بولۇش مەسىلىسى، يەنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار مەرىپەتچىلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىش يولى بىلەن ئۇنى تۈزىتىشكە باشلامچىلىق قىلىش مەسىلىسى بۈگۈنكى ئاكتۇئال ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى «تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى ماددىي بايلىقلار ئەمەس، بەلكى شۇ جەمئىيەتتە تەربىيىلىنىۋاتقان ئىنسان قىياپىتىدۇر». شۇ جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت مېتودىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

3

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پاك ياشاپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان تالانتلىق ۋە يېتۈك شائىرلا بولۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەن ۋە خەلق مەنپەئەتىگە بېغىشلىغان ھەقىقىي ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىي پائالىيىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر، ھەقىقىي ئىنسان - بۈيۈك ئىنساندۇر. بۇ نۇقتىدا بەزى ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرمەي تۇرالمايمىز:

- «ئادەمگە ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە نېمە دېيىشى ياكى نېمە ئويلىشىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپ باھا بېرىلىدۇ.» (ۋ. ئى. لېنىن)

«كىشىنىڭ قەلبى ھەممە ئۈچۈن تېپىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم — ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر» (رومېن روللان)

«ھەيكەلنى كۆرۈنۈشى، ئادەمنى بولسا، قىلغان ئىشلىرى بېزەيدۇ.» (پىفاگور)

«ئادەمگە تۇغۇلغان جايىغا قاراپ ئەمەس، قايسى يۇرتلۇقلۇقىغا قاراپ ئەمەس، قانداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ياشاشقا جەزم قىلغىنىغا قاراپ باھا بېرىلىدۇ.» (ئاپولېي)

«ھەر بىر رۇس كىشىسىنىڭ تارىختىكى ئورنى ئۇنىڭ ۋەتەنگە قىلغان خىزمىتى بىلەن، ئادىمىيلىك دەرىجىسى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.»
(ن. چېرنىشېۋسكى)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئۆسۈش تارىخىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئەنئەنىۋىي رېئالىزم مېتودىنىڭ تەتبىق قىلىنىش جەريانىنى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىش ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىرقانچە ئەسىرلەر داۋام قىلغان «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كاج پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن بىزگە قېلىن - قېلىن كىتابلارنى قالدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، قىسقىغىنا ئۆمرىدە يازغان ئاز،

ئەمما ساز شېئىرلىرى بىلەن مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، مېتود ۋە تىل جەھەتتىن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ئېقىم ياراتتى. بولۇپمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نامايەندىلىرىنىڭ جانلىق خەلق تىلىدىن خېلىلا يىراق بولغان «كىتابى» تىلىنىڭ ئورنىغا ئاددىي خەلق ئاممىسى بەۋاسىتە چۈشىنەلەيدىغان ئەدەبىي تىل يارىتىشتا، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇشتا شائىرنىڭ خىزمىتى تولىمۇ چوڭ بولدى. ئۇ يەنە ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ۋە دۇنيا ئەللىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئۆگىنىپ، مىللىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا چەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى جانلىق قوبۇل قىلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن نەقەدەر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە خەنزۇ، رۇس، تاتار، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۆسۈپ، بېيىپ گۈللىنىشىدە چوڭ رول ئوينىغان نامايەندە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شائىرنىڭ ئۆزى

بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى ۋە مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ياشاۋېرىدۇ.

ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق پرىنسىپلار ۋە ۋ. ئى. لېنىننىڭ «تارىخىي ئەرباپلارنىڭ خىزمىتىگە (ياكى رولىغا) باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈن تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى بەرمىگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا نىسبەتەن نېمىلەرنى بەرگەنلىكىگە قارىلىدۇ» دېگەن كۆرسەتمىسى بويىچە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋام قىلىپ، يېڭى ئۇتۇقلار قولغا كېلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. «ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىغا باھا بېرىشتە، غەرب مەملىكەتلىرى ئەدەبىياتى ياكى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلماي، شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراش لازىم» («ۋېنيىباۋ» گېزىتىنىڭ 1987 - يىل 7 - فېۋرال سانىدىن) دېگەن قاراش بويىچە، بۇ تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى تېخىمۇ يورۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى ھەقلىق يوسۇندا يەنىمۇ يۈكسەلىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا

تۇرغۇن ئالماس

1

ئالىيجاناب غايىگە، يۈكسەك تالانتقا، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىگە ئىگە ۋەتەنپەرۋەر ئۇلۇغ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 54 يىل بولدى.

يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئازادلىق ۋە مەرىپەت كۈيچىسى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، زۇلمەت قاپلىغان قاراڭغۇ جەمئىيەتتە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى.

زۇلۇم - جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى بايقاپ، ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ئالىيجاناب، قەھرىمان، ئىنقىلابىي شائىر ئىدى.

1930 - يىللىرى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغاندا، شائىرنىڭ «ئاچىل»، «ئويغان» ناملىق شېئىرلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىغا تارقىلىپ، خەلقنى ئەركىنلىك،

باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىر- دىغان چەك سىگنالىغا ئايلانغانىدى. بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن چېن شۇربىن «ئاچىل» ناخشىسىنى ئوقۇغان- لارنى جازالاش پەرمانىنى چىقارغانىدى.

تارىختا بىرەر شائىر، يازغۇچىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى باھالاشتا، شائىر، يازغۇچىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ خەلق مەيدانىدا باشتىن - ئاخىر- غىچە تەۋرەنمەستىن مەزمۇت تۇرغانلىقى، ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، ئىلغار رول ئوينىغانلىقى، بولۇپمۇ قاراڭغۇلۇقتا قالغان خەلقنىڭ كېلەچەك ھاياتىدا ئازادلىق تېگىنىڭ مۇقەررەر يورۇيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنلىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

رۇس خەلقىنىڭ بۈيۈك مىللىي شائىرى، «رۇس شېئىرى- يىتىنىڭ قۇياشى» نامىنى ئالغان پۇشكىن ئۆز ئۆمرىدە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنى دۇنياۋى شۆھرەتكە مەڭگۈلۈك ھۆرمەتكە ئىگە قىلىشتا «چائادايېۋغا»، «سىبىرغا خەت» ناملىق شېئىرلىرى ئاساسلىق رول ئوينىغانىدى.

پۇشكىن 1825 - يىلى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى چائادا- يېۋغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدا:

دوستۇم ئىشەن، چاقناپ چىقىدۇ بىر كۈن،
دىلبەر بەختىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى.
روسىيە ئۇيقۇسىدىن، تېز ئويغىنىدۇ،
ۋە ھاكىم مۇتلەق ۋەيرانىسىگە،
بىزنىڭ نامىمىزنى چوقۇم يازىدۇ.

دەپ خىتاب قىلغان بولسا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» دېگەن شېئىرىدا:

«چىقار بوران تەرەپپال ئەگەر ھېچ ئۆيلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە، يېپىپ تۈڭلۈك ئالالىغايمۇ.»

دەپ يازدى.

شائىر بۇ شېئىرىدا، «بوران»نى ئىنقىلاب مەنىسىدە ئالغان بولۇپ، ئىنقىلاب بورىنى قاتتىق چىقىدىغان بولسا، ئىنقىلاب دۈشمەنلىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى «يېپىپ تۈڭلۈك ئالالىغايمۇ» دېگەن ئوبرازلىق ۋاسىتە بىلەن ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەن.

شائىر «سېغىنىش» دېگەن شېئىرىدا:

««كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، ئابدۇخالىق كۈت ئۈمىدە،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۆزلۈر شۇندا جاھان.»

دەپ ئۆزىنىڭ يورۇق كېلەچەككە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

پۇشكىننىڭ چائادايېۋغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدىكى روسىيەدە ئازادلىق تېڭىنىڭ ئاتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى، رۇس خەلقىنىڭ 1917 - يىلى لېنىن رەھبەرلىكىدە، چارىزمنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «مىللەتلەر زىندانى» دەپ نام ئالغان روسىيەدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» دېگەن شېئىرىدىكى غايىسى

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئىنقىلابىي بورىنىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى بىلەن ئىسپاتلاندى.

7

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى جاھالەت، نادانلىق خۇراپاتلىق ئاسارىتىدە قالدۇرۇشنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرى قىلىۋالغان ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارغا، يەرلىك ئەكسىيەتچى فېئوداللارغا، ئىسلام دىنىنى خۇراپاتنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى بىلەن بۇلغاپ، خەلقنى ئالداپ جان بېقىشنى كەسىپ قىلىۋالغان جاھىل يۈزسىز روھانىيلارغا قارشى لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققانىدى.

شائىر 1925 - يىلى يازغان «ھارە» شېئىرىدا، خەلقنى نادانلىق ئۇيقۇسىدا مەڭگۈ ئۇخلىتىپ، خار - زارلىقتا قالدۇرۇش ئۈچۈن، خۇراپاتلىقنى جىنىنىڭ پارىچە تەرغىپ قىلىپ، ئىلىم - پەنگە غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان جاھىل روھانىيلارنى قاتتىق قامچىلاپ، خەلققە نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ:

«پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ، زەبۇن ياشىماق، تەتۈر - تەرسا نادانىڭكى.

ئىلىم - پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ
كۆكرەك كېرىپ يايرىماق، تەدبىر، ئەقىل تاپقانىڭكى.

دەپ يازغانىدى.

شائىر نادانلىقتا قېلىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكە لىكىدىن چۆچۈپ «غەزەپ ۋە زار» دېگەن شېئىرىدا:

«ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، پاستى غەپلەت خەۋپ، - خەتە
ھالىمىز قولدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن ...»

دەپ يازدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى چوڭقۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ ئالا ھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر بىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بول ساقمۇ، خەلقىمىز ئۆتمۈشتىكى كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق. چۈنكى لېنىن ئېيتقاندەك: «كونا جەمئىيەت ھالاك بولغان چاغدا، ئۇنىڭ جەسىتىنى تاۋۇتقا سېلىپ كۆمۈپ تاشلىغىلى بولمايدۇ». سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرى مەلۇم مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ھازىر خەلقىمىزنىڭ نادان قاتلىمىدا خۇراپاتلىققا ئىشە نىش خېلى ئېغىر، يىراققا بارماي كۆز ئالدىمىزدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، پىچان تويۇقتىكى ئاتالمىش «ئەسھابۇل كەھف مازارى»غا ھېلىمۇ شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن

كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، پىچان تۈيۇقتىكى ئاتالمىش «ئەسھابۇل كەھىف» ئاندادىتۇر مانى ياكى خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن راھىبلار-نىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن مازارمىش.

«قۇرئان كەرىم»دىكى 18 - سۈرە كەھىف (مەككىدە نازىل بولغان 110 - ئايەت)كە ئاساسلانغاندا، ئەسھابۇل كەھفنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. سۈرە كەھفتە غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. تۈيۇقتىكى ئاتالمىش «ئەسھابۇل كەھىف» مازارى (غارى) نىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپتە بولۇپ، بۇنى ھازىر ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر بىلىدۇ. سۈرە كەھفتە، «ئۇلارنىڭ ئىتى غارنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ» دېيىلگەن. تۈيۇقتىكى يالغان ئەسھابۇل كەھىف مازارى (غار) نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتقان ئىتنى ھېچ كىشى كۆرگەن ئەمەس.

ئۈتمۈشتە، ھىيلىگەر شەيخلەر ئۆز مەيلىچە پەتىۋا توقۇپ: «ھەرەمگە بارغانلارغا مەككە، مەدىنەدىكىلەر نېمە ئۈچۈن ئەسھابۇل كەھفنى (تۈيۇقتىكى يالغان ئەسھابۇل كەھفنى دېمەكچى) تاۋاپ قىلىماي ھەججە كەلدىڭلار» دەيدىكەن، دەپ نادان خەلقنى ئالدايدىغان سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتقان.

خۇراپاتلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى ئىشانلىقتۇر. ھازىر خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئالدامچى ئىشانلار باش كۆتۈرمەكتە. خەلقنى ئالداپ، تەرك - دۇنيالىق يولغا باشلىماقتا.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ نادان خەلقنى ئاقارتىپ،

مەرىپەت يولىغا باشلاش روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ھازىرقى زاماندا ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈپ دۇنياۋى سەۋىيىگە يېتىش، خۇراپاتلىققا قارشى كۆرەش قىلىش، خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئەسەرلىرىدە ھېلىغىچە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان خۇراپاتلىقنى كۈچلۈك ھەجۋىي شەكىل ئارقىلىق پاش قىلىپ، چاۋىسىنى چىقتا يايدىغان بولسا، يېقىن كەلگۈسىدە تەرەپ - تەرەپتىن پىچانغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار، تۈيۈقتىكى يالغان «ئەسھابۇل كەھف»نى ئەمەس، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېقىندا بىنا قىلىنغۇسى قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىدىغان بولىدۇ!

بەزى يازغۇچىلىرىمىز ۋە تارىخچىلىرىمىز ئىشانلارنىڭ ئاتالمىش «پىرى» ھېساپلانغان خائىن ئاپاق خوجىنىڭ تارىختا (سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە) ئۆتكۈزگەن كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يازغاندىن كېيىن، ئاۋام خەلقىمىز بارا - بارا قەشقەر تورغاننىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدىكى ئاپاق خوجا مازارىنى تاۋاپ قىلمايدىغان، ئەكسىچە قەشقەر ئوپالدىكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبەرىگاھىنى تاۋاپ قىلىدىغان بولدى.

3

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر قىممەتلىك روھ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا زىيان سالىدىغان بەزىبىر خۇشامەتچى، ئىچى تار،

چېقىمچى، تۆھمەتخور ئىپلاسلارغا لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇپ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا، خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق، چېقىمچىلىق بىلەن جان باقىدىغان ئىتار، ئىپلاس تۆھمەتخورلارغا چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەتنى ياغدۇرغانىدى.

ئۇ، 1921 ـ يىلى يازغان «باردۇر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياردىمىنى ئال-
ماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ، ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى تېپىلمايدۇ،
قوۋۇلۇقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭگۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك ـ تۈمەن بۆھتا-
نىمىز باردۇر.»

ئىتتىپاقسىزلىقنى پەيدا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولغان چېقىمچىلىق، تۆھمەتخورلۇق، كونا جەمئىيەتتە قانچىلىگەن ئالىيجاناب ئىلغار كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىققان ئىنتايىن يامان خەتەرلىك ئاپەت ئىدى. شائىرنىڭ بۇنداق خەتەرلىك ئاپەتكە قەھرى ـ غەزىپىنى ياغدۇرۇپ، ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالىشى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدىن تاشقىرى ھازىرمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

هازىر بىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىناق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك تىنچ، بەختىيار ياشىماقتا. بۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ بەخت - سائادەتلىكنىڭ مەنزىرىسى ئازادلىقتىن كېيىنلا ۋۇجۇدقا كەلدى.

لېكىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى تېخى تۈزۈل-كېسەل تۈگەپ كەتكىنى يوق! ئۇنىڭ بىرى — ھېلىمۇ چېقىمچىلىق قىلىپ، كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىپ جان بېقىشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ئەمەسمۇ؟!

مانا شۇنداق يامان ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغاندا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان ئالىيجاناب روھىنىڭ ھازىرمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھازىر جەمئىيەتتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ ئېقىپ يۈرىدۇ: «بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر - بىرىنى يۆلەپ بېلى چىم بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بەزىبىرلىرى بىر-بىرىنى غاجىلاپ چىشى تۆكۈلۈپ كەتتى».

خەلق، ئەنە شۇنداق كۈلكىلىك، ئاچچىق زاڭلىقلىرى ئارقىلىق، چېقىمچى، تۆھمەتخورلارغا نەپرەت بىلدۈرگەن. خەلقنىڭ ئاشۇنداق نەپرەتلىك، جانلىق، ئوبرازلىق سۆزلىرىدە ھەقىقەت يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بۇندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىمىزدا

رەڭمۇرەڭ خۇش پۇراق، تولىماس گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن «يازغۇچىلار كىشىلىك روھنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن ئالىي پەزىلەتكە مۇناسىپ بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆز ئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىش بەكمۇ زۆرۈر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە خۇددى رۇس يازغۇچىسى گوگول «ئۆلۈك جانلار» رومانىدا، چىچىكوۋقا ئوخشاش ئالدامچىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندەك، ھازىرقى چاغدىمۇ چىقىمچىلىق قىلىپ، كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشنى دەسمايە قىلىۋالغان رەزىل كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنداقلارغا نىسبەتەن ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە لەنەت ـ نەپرەت كەيپىياتىنى قوزغاپ، تۆھمەتخور مۇناپىقلارنىڭ كوچىدا ئەركىن يۈرۈشى بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنداقلارنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى زۆرۈر.

ئەگەر ئىجادىيەتتە خەلقىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويىدىغان بولساق، يولىغ تىكەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدىن تارتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغىچە ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز، ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈ قارغىشىغا قالىمىز.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەركىن، بەختىيار ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۈشتە يولىغ تىكىندەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك شائىر، دانىشمەن پەيلاسوپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك ئۇلۇغ تىلشۇناسلارنى ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولغاندەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆز سېپىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىرنى يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا

**خېۋىر تۆمۈر**

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا پارلاق ھاياتىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، مەزمۇن، شەكىل، تىل، مېتود جەھەتلەردە بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان «چاغاتاي ئەدەبىياتى» رامكىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشتە يېڭى بىر ئېقىم ياراتتى. مۇنداق زور بۆسۈشنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قەدەر ھېچكىممۇ ئورۇنلىيالىغان ئەمەس. پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلا بۇ تارىخىي بۆسۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى ۋە مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

شائىرنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىدىن ۋە ئومۇمىي تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر پۈتۈن — سىتېبىمىسىق، ئۇلۇغۋار غايە ئىگىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن باشلانغان ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىنقىلابىي رومانتىزم ئارقىلىق ئىنقىلابىي رېئالىزمغا تەرەققىي قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەقلىقىنى بىلگەن يولۇڭدىن، جاننى بەر، قايرىلمىغىن!» دېگەن خىتابىغا سادىق بولغان ھالدا، ۋەتەن خەلقىنىڭ ئازادلىق — ئەركىنلىك يولىدا

ئەزىز ھاياتىنى قۇربان قىلدى، ئوت يۈرەك شائىرنىڭ بۇن-
داق قەيسەر روھى، ۋەتەن خەلقىگە بولغان ئالىيجاناب
چوڭقۇر مۇھەببىتى ھەرقانداق كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

شائىر يەنە يارقىن مەرىپەتچى ئىدى. بىزگە مەلۇمكى،
XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر ئىكساقتىن باشلانغان
مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن-
دە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە شەرقىي رايونلىرىدا
يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك بىخ يېرىپ كۆكلىگەن، ھەم-
مىلا يەردە مەرىپەت گۈلخانلىرى يېقىلغانىدى. جۈملىدىن
تۇرپان رايونىدىمۇ مەرىپەتچىلىك باشلىنىپ، دەسلەپكى قە-
دەمدە ئاستانىدە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلدى. شائىرنىڭ بالى-
لىق دەۋرى دەل شۇ مەرىپەتچىلىك باشلانغان دەۋرگە توغ-
را كېلىدۇ. شۇڭا شائىر شۇ دەۋردىكى مەرىپەت قۇياشىنىڭ
پارلاق نۇرىدا كۆز ئېچىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنى ئويـ-
غىتىش، مىللەتنى جاھالەت - نادانلىق كىشەنلىرىدىن قۇ-
تۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى بولغان مائارىپقا مۇھەببەت
باغلاپ، يەڭ تۈرۈپ جەڭگە قاتناشتى. زامانداشلىرىدىن
پېشقەدەم مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىددىن زەپەر،
ئىنايىتۇللا ئەپەندى، دۇكامەت ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە
مۇرىگە - مۈرە تىرەپ، تاكى 1932 - يىلى تۇرپان ئۇز-
غىنىغى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر، مائارىپ بىلەن شۇغۇللاندى.
شۇ زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا مەرىپەتچىلىك بىلەن شۇ-
غۇللىنىش ھازىرقى كۈندىكىدەك ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ-
لار ھەر كۈن - ھەر سائەتتە قىيىنچىلىق - توسقۇنلۇقلارغا
پېشكەللىك ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراپ تۇراتتى. لېكىن
ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلسە، مەرىپەتكە كەڭ يول

ئىچىش ئۈچۈن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇستەبىت قارا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ چەددىي زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلاتتى. شۇڭا شائىر 1931 - يىلى ئەتىيازدا قوزغالغان قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا تەبىئىي يوسۇندا ئاۋاز قوشۇپ، تۇرپاندا قۇرۇلغان 14 كىشىلىك ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشتى. شائىر ئاخىرقى ھاياتىدا قايناق ئىشتىياق بىلەن ئىنقىلاب قاينىمىغا ئۆزىنى ئېتىپ قوراللىق جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ، قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا، بىر تەرەپتىن قوراللىق جەڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەلەم بىلەن جەڭ قىلىپ غايەت زور ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنى جەريانىدا يازغان «ئاچىل» ناخشىسى خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشتا مۆلچەرلىگۈسىز زور ئۈنۈم كۆرسەتكەن بولسا، «مۇزلىدى» شېئىرى قوزغىلاڭچىلارغا غايەت زور كۈچ - قۇۋۋەت ۋە رىغبەت بەخش قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، جاللاتلار قىلىچى ئاستىدا كەلتۈرۈلگەن شائىر ياۋۇز جاللاتلارنى قىلچە مەنسىتمەستىن، قەھرىمانلارچە قارشى تۇرۇپ، «يوقالسۇن زۇلۇم»، «ياشىسۇن ئازادلىق» دەپ مەردلەرچە قۇربان بولدى. بۇ ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ھايات خاتىمىسىدۇر!

شائىرنىڭ ھاياتى گەرچە ئەنە شۇنداق قىسقا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانلىق ۋىجدانىي بۇرچى بىلەن يازغان ئەسەرلىرى، يارقىن مەرىپەتپەرۋەرلىكى ۋە ئىنقىلاب جەڭچىسىگە خاس ئالىيجاناب شانلىق ھاياتى تارىختا مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىزدۇر. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىدا قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس بولۇپ-

ئەرزىچىلا ئۆگىنىشىمىزگە قىلىپ تەتقىق ئومۇمىيۈزلۈك ىتىدە،
قۇربان يولىدا ئەركىنلىك - ئازادلىق ئۇنىڭ قالماستىن،
ئىجادىيىتىمىز ئەدەبىي بىزنىڭ ھاياتى شانلىق بولۇشتەك،
ئۈچۈن مۇھىم خەزىنىدۇر.

# غۇرۇرلۇق ئىنساندىن غايىلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ

(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئابدۇكېرىم راخمان

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق توپلامنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى «ئەدەبىيات تارىخى» نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ 30 - يىللارغىچە بولغان دەۋرى تازا يورۇتۇلماي كەلگەن بىر «بوشلۇق» ئىدى. دەرۋەقە «بوشلۇق» دەپ قارالغان بۇ بىر مۇچەلدە (ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىش پرىنسىپى بويىچە «4 - ماي»نى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارىغاندا) ئابدۇقادىر ئەزىزى، قۇتلۇق شەۋقىدەك كۆپلىگەن يېڭىلىقنى تەلەپ قىلغۇچى ئىلغار پىكىرلىك دېموكراتىك زاتلارنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تارىخ ئۆز سەھىپىسىگە پۈتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئىلىم - مەرىپەتنى يولغا قويۇش ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتچىلىق تەرىپىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. دېمەك، بەدىئىي

ئەدەبىيات ئۇقتىسىدىن مۇشۇ «بوشلۇق»نى تولدۇرۇشتا خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. بەلكى ئۇ شىنجاڭدا جاھالەت ئەۋجىگە چىققان ئاشۇ مۇدھىش يىللاردا ياراتقان يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ناھايىتى قىسقا بولدى. ئەمدى 32 ياشقا توشقان، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە ئىپىق بولغان بۇ يالقۇنلۇق شائىر 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، نورۇز مەۋسۇمىدە ئىككى قولى قان بىلەن بويالغان جاللات شىڭ شىسەينىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا «ياشىسۇن ئازادلىق!» «يوقالسۇن زۇلۇم!» دەپ توۋلىغان ياڭراق ئاۋازى يالقۇنتاغنىڭ غەربىي سۇپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ ئىتەكلىرىدە ئەكس ئېتىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇڭا يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلقىمىز ئۇنىڭ نامىنى ياد لاپ كەلمەكتە.

* * *

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۆزىگە خاس ئىزچىللىققا ۋە ئورىگىناللىققا ئىگە. بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە دۇنيا قارىشىدىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. توپلامدىكى شېئىرلار-

نىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىكى شېئىرىي ئىزچىللىقىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ شائىرنىڭ دەسلەپ يازغان شېئىر-لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ شېئىرلاردا شائىر ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە بېيىتلىرىدىكى ئەنئەنىۋى سىمۋولىستىك ۋاس-تىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، فېئوداللىق دەۋردە ئازابلى-نىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ يار ۋىسالىغا تەشنالىقىنى ئاجايىپ لىرىكىلىق ھالدا ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ تۈن ئىلكىدىكى بۇرۇقتۇملۇق ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ ئوتلۇق غەزەللىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىرلەردىن ھەقىقەتەن شائىرنىڭ دەس-لەپكى ئىجادىيەت غايىسىنى ۋە قەلب ئىستىكىنى كۆرەلەيمىز.

شائىرنىڭ تەرجىمىھالىدىن بىزگە مەلۇمكى، ئەمدى 17-18 ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مەجىت ھاجى-نىڭ ھەمىيىلىقىدا روسىيىگە بېرىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىنى كۆرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇچە تىل-يېزىق-نى ئۆگىنىپ، ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىر-قى زامان ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. 1923 - يىلى ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتى-پاقىغا بېرىپ، يەنە ئۈچ يىل تۇرىدۇ ۋە بىلىم تەھسىل قىلى-دۇ. بۇ جەرياندا ئۇ پۇشكىن، لېرمونتوۋ، تولستوي، گوركىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. مانا بۇ پايدىلىق ئىجتىمائىي شارائىت شائىرنىڭ «كۆزىنى ئېچىپ»، ئىلغار دۇنيا قارىشى-

نىڭ تىكلىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ قەلبىدە بېخ ئۇرغان دېموكراتىك ئىدىيە، بىلەن يۇرتىنى (جەمئىيەتنى) كۆزىتىدۇ. ئەكسىيەتچى ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشتىكى تەبە سىياسىتى بولغان «خەلقنى نادانلاشتۇرۇش ۋە خوراپىيلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت تۆتەك پەردىسى ئىچىدە، چىقىش يولى تاپالماي جاھالەت ئىچىدە ئىڭراۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ قاباھەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىدۇ.

«يىغلىبان دېدىم: «پەلەك باشىمغا نە كوي سالىدى،
يىغلىماقتىن تاشقىرى بەندەڭدە بىر كوي قالمىدى».

دېدى: «ئەي نادان، بىلەمسەن تاش باغىردۇر بۇ پەلەك،
كۆرمىدىڭمۇ ئۇندۇرەر ئۇ بىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك.»»

(«باھار چېچەكىدىن بىر تەسىر»دىن)

شائىر لىرىكىلىرىدىكى يار ۋەسلىگە ئىنتىزار بولغان بىچارە يىگىتنىڭ كۆز يېشى، ماھىيەتتە، ئاسارەت كىشەنىدە پۇت - قولى بوغۇلغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاشۇ تارىخىي شارائىتتىكى تىپىك كۆرۈنۈشى ئىدى. شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئاشۇ رېئاللىقىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، يارنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكنى يەنى خەلقنى نىجادلىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن يار ۋىسالىغا يېتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ زەئىپ قەلبىگە ئۈمىد شامى يېقىپ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، ئابدۇخالىق كۈت ئۈمىد،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۆزلۇلار شۇندا جاھان»

(«سېغىنىش»تىن)

مانا بۇ شائىرنىڭ ئۇتلۇق خىتابى، كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك قاراپ تاڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ زۇلمەتلىك قارا تۈنگە قارشى تۇغۇلغان شۇئارى، «قىچقىرسىمۇ قىمىرلىماي ياتىدىغان» نادانلارغا بەرگەن جاۋابى.

دېمەك، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ 1 - باسقۇچىغا تەئەللۇق بولغان «بەختىگۈل»، «ئۈمىد تەبەسسۇمى»، «يۈرەك باغرىم ئېزىلدى»، «سېغىنىش»، «ئىنتىزارلىق»، «باھار چېچەكلىدىن بىر تەسىر»، «قايدىسەن» قاتارلىق لىرىكىلىرى شائىرنىڭ رېئالىستىك بەدىئىي غايىسىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، زۇلۇم نەشتىرى قەلبىنى يارا قىلغان «خارۇ زار»لارنىڭ پىغانلىق كۆز ياشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلەردە ئادالەتسىزلىككە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنىڭ بولۇشىنى لازىملىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ، مەنتىقىلىق ھالدا يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن شېئىرىي پىكرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىگە بېغىشلىنىدۇ، يەنى شائىر يۈكسەك غۇرۇر بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىنى، جاھان تارىخىدا تۇتقان يۈكسەك ئورنىنى ئىپتىخارلىق بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنىڭ ئىنسان بولۇپ يارالغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىي ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىككە تەشنا ئىكەنلىكىنى جاراڭلىق ھالدا جاكارلاپ، زۇلۇم پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ.

«جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،

قىلىشمايمىز بۇ شوئارلاردىن، ئەمەسمىز ياكى ئاقساقمۇ؟»
(«ئىنچ پۇشۇش»تىن)

بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر ئۆز خەلقىنىڭ تارىختىكى تەقدىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى شائىرنىڭ مەقسىتى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش بولغاچقا، خەلقنىڭ بۈگۈنكى روھىي ھالىتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن چوڭقۇر كۆزىتىدۇ.

مەلۇمكى، ئۆزىنى ئىنچىكە ئوپېراتسىيە قىلىپ ۋۇجۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىش بىر خىل ئالىيجاناب ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، لېكىن ئۇ مۇتلەق ئەمەس. ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ئۆزىنى بىلىش (قەلب ئەينىكىدە، بەدىنىدىكى جاراھەتلەرنى كۆرۈش) ئارىسىدىكى قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. خۇددى شۇ داۋاي بويىچە، ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان مىللىي غۇرۇرلۇق كىشىلەر جاھاننەما ئەينىكىدە مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نۇقسانلارنى دادىللىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى لۇشۈن شانلىق ئۈلگىلەرنى يارىتىپ بەرگەن. دۇنيا جامائەتچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغان لۇشۈننىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە بۈيۈكلۈكى ئۇنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مەرەزلىكلەرنى قەيسەرلىك بىلەن پاش قىلىپ، ئاكيۇچە «روھىي غالىبىيەت-

چىلىك»كە قارشى تۇرۇشنى ئېلان قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. لۇشۇن ئۆزىنىڭ «كوڭ يىجى»، «دورا»، «ئاكيۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق داڭلىق ھېكايىلىرىدە ئۇزاق ئەسىرلىك زۇلمەتلىك فېئوداليزم تۈزۈمى خەلقنى زەھەرلەپ قەلبىنى جاراھەتلىگەنلىكى، بۇ جاراھەتنى ساقايتماي تۇرۇپ ئۆزلىرىنى بېسىپ تۇرغان «ئۈچ چوڭ تاغ»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جاكارلىغانىدى.

خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ لۇشۇننى ئۈلگە قىلىپ نادانلىق تۈپەيلى چىقىش يولى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن 20 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ «بىچارىلىك» ھالىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى ھەم ئېچىنىش، ھەم كۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى.

«ئۇ ئۇزۇن، بۇ قىسقا دەپ ھاۋشىپ يۈردۇ بەزىلەر،
توغرى ئەگە ئۆيدە مالغا، ئىز تېپىشنى ئىستىمەس.

ئېھتىياجاتى ئۇچۇن سەن بىر كېڭەش بەرسەڭ ئەگەر،
بىز بىلۈرمىز دەپ تۇرۇپ ئىجرا قىلىشنى ئىستىمەس.

مەللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىپ ئىڭرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس.»

(«ئىستىمەس»دىن)

ياكى

«خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
تۈۋلۈغۇ شۇملۇق بىلەن رەڭدۇردەك يالغانىمىز باردۇر.

«ئىلىم.. پەنگە يۈرۈش قىلىنغان ئۇچار كۆكتە ـ ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.»

(«باردۇر»دىن)

مانا بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى. شائىر بۇ ئىللەتلەرنى ھەرگىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى نادان قالغان خەلقىمىزنىڭ چۈشكۈن روھىدىكى ئاشۇ «داغ»لارنى ئۆتمۈش جاھالەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم پەيدا قىلغان، دەپ چۈشىنىدۇ. ھەمدە، ئارقىدىنلا يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن خەلقنى ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا، بىخۇتلۇقنى تاشلاپ ئەركىنلىك يولىدا كۈرەشكە ئاتلىنىشقا چاقىرىدۇ.

«ھەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە، ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرسىتى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ!»
(«ئويغان»دىن)

بۇ ھەقىقەتەن زۇلۇم دەستىدىن سەۋر قاچىسى تاشقان بىر ئىنقىلابچىنىڭ يۈرەك ساداسى، دۈشمەن ئىستىھكامىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىغان قەيسەر جەڭچىنىڭ كۈرەش مارشى. ئەنە شۇ ئوتلۇق مىسرالار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك شائىر ئىكەنلىكىنىڭ پولاتتەك دەلىلى بولالايدۇ. ھەمدە غورۇرلۇق ئىنساندىن غايىلىك پىكىر تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«توپلام»نىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىكى پىكىر ئىزچىللىقىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى شائىر ئالغا سۈرگەن ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەملىكەت ئىچى ۋە قوشنا ئەللەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە دۇنياغا قاراش جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى، خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئاداققىچە كۈرەش قىلىشتەك ئىنقىلابىي غايىسى، بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ قايناپ - تاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېننىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمىنى قاتتىق پاش قىلىدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، قان - زەرداپقا تولغان بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇڭا شائىرنىڭ بۇ تېماتىك باسقۇچقا تەئەللۇق بولغان شېئىرلىرىنى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز. ئۇ «بىۋاپا» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

«ئابدۇخالىق ئوتتا كۆي، يا سۇدا ئاق، ۋەسلىگە پەت،
چىن يىگىت ئېيتقان سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن يانمىغاي.»

ئۇنىڭدىن باشقا شېئىرلىرىدىمۇ يەنە مۇنداق جاراڭ-
لىق مىسرالار بار:

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئەككىنىڭ بىرىگە تۇزماق جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.»

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.»

«جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس» دېگەندەك،
بۇ مىسرالاردا خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن ئىن-
قىلابقا ئۆزىنى پىدا قىلغان بىر قەيسەر جەڭچىنىڭ ئوبرا-
زى سۈرەتلىنىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھەقىقەتەن،
ئۆزىنىڭ شۇ ئوتلۇق قەسەمدىن يانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ، بىر تەرەپتىن، «مۇزلىدى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شىن-
جاڭنى زىمىستانغا ئايلاندۇرغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
مەغلۇبىيىتىنى مەدھىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئىچ پۇ-
شۇش» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ دۈشمەنگە قارشى ئۆچ-
مەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى ۋە
ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقىنى تۆۋەندىكى پارچىدا نامايان
قىلىدۇ:

«يۈرەككە ئوق تېگىپ ياتسام ئىدى ئاستانىدا، ھەي-ھەي،
مازارىم گۈل قۇچۇپ قالسا ئىدى بوستانىدا، ھەي- ھەي

ۋەتىنىڭ ئانا تۇپراقى گويا ئالتۇن، ھىدى رەيھان،
تەۋەررۈك نامىنى يازسام ئىدى داستانىدا، ھەي - ھەي

دەرۋەقە، شائىرنىڭ ھاياتى ئۇ كۈتكەن ئازادلىق كۈنلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىدى. لېكىن ئۇنىڭ غايىسى چېچەكلەپ مېۋە بەردى. قەبرىسى گۈل - چېچەككە ئورالدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق نامى تىيانشاننىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا ئۆچمەس يۇلتۇز بولۇپ پارلىدى.

* * *

«تۇپلام»دىكى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇبىدىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىك ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى بولغاچقا، بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلمىدۇق. لېكىن كىتابخانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغان مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەر يىپ ئۇچى تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيە ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان ئاممىباب جانلىق شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. بىز شائىرنىڭ بارلىق ئىجادىيىتىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي شەكلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىمۇ ئاشۇ نۇقتىدا گەۋدىلەنگەن. بەزى شېئىرلىرى شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە بېيىتلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

«گۈللۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانچىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ.»

(«ئاچىل»دىن)

«باغ ئارا سەيلە قىلىپ،
بىر دەستە گۈل تاللىدىم.
دەستە گۈللەر ئىچىدىن
بىر قىزىل گۈل تاللىدىم.

تاللىغىنىم گۈل ئەمەس،
سۆيگەن گۈزەل يارىم مېنىڭ.
بۇ گۈزەل يارىم ئۈچۈن،
بولسۇن پىدا جانىم مېنىڭ.»

(«باغ ئارا سەيلە قىلىپ»دىن)

بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغان كىتابخانغا ئاياننى، ئۇ شەكىل ھەم ئىپادىلەش ئۇسۇلى (سىمۋول، ئوخشىتىش قاتارلىقلار) جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىل ۋە ئۇسلۇبى بىلەن رەڭداش. شائىر يەنە شېئىرىي ئىجادىيىتىدە خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. مەسىلەن،* ئۇ شېئىرلىرىدا «يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس»، «كوزا سۇدا سۇندۇرغان ئە-

زىز، سۇ كەلتۈرگەن خارۇ زار»، «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ»، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس»، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» قاتارلىق خېلى كۆپ ماقال - تەمسىللەر شائىر ئىجادىغا خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك ھۆسن بەرگەن. ئۇندىن تاشقىرى شائىر ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى ۋە رەڭدار شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقان. بۇنىڭغا تىپىك ھالدا «سالام خەت» ناملىق شېئىرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ شېئىر ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق مەشھۇر ساتىرىك شېئىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. لېكىن مەزمۇن جەھەتتە ئۆزگە خاس يېڭىلىق بار. شائىر ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن پايدىلانغاندا، تىل جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس يېڭىلىق يارىتىپ ئۆزىدىن بۇرۇنقى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەنئەنە بولۇپ قالغان ئەرەبچە ۋە پارسچە ئاتالغۇلارنى كۆپ ئىشلىتىش ئورنىغا، ساپ ئۇيغۇرچە ئانا تىلنى قوللانغانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى ئاممىباپلىققا ئىگە قىلىپ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلاشتۇرغان ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا ئاساس بولغان تۈپ ئامىلدۇر. شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئاغزىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، شائىر خەلقنى نەزەردە تۇتقاندىلا، ئاندىن ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالالايدۇ. خەلق تەرىپىدىن مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى فېئوداللىق - خۇراپاتلىققا قارشى روھ

ئۇرمۇھەممەت زامان

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى ۋە ئاساسچىسىدۇر. ئۇ ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنى ئازادلىق - ھۆرلۈك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىردى. ئۇنىڭ سىياسىي لىرىكىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، شېئىرلىرى ئىچىدە فېئودال - خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش تېمىسىدىكىلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تېمىنى شائىر نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى؟ بۇ تاسادىپىي ھادىسىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسى بار. ئالدى بىلەن شائىر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ توپ ۋەزىپىسىنى، خاھىشىنى تونۇغان ۋە توغرا چۈشەنگەن. يەنى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىللەتنى مەنىۋى كىشەندىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن سىياسىي، ئىجتىمائىي توسۇقلارنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ھازىرقى دۇنيادا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىر ئېقىمىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋە تارقىتىشتىن ئىبارەت، دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە

شائىر يەنە، جاھالەت پەردىسىنى ئۆرتەپ تاشلاپ، خەلقنى
ئويغىتىش، ھەر خىل خۇراپىي ئىدىيە، فېئوداللىق توسقۇنلۇق-
لارغا قارشى كۈرەشكە قوزغاشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى،
ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ئىپادىلەشكە تېگىشلىك
زۆرۈر تېما دەپ چۈشەنگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان
دەۋردە فېئودال خۇراپىيلىق، مۇتەئەسسىپلىك ئىنتايىن كەڭ
دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ، يامراپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلى-
غانىدى. سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرماپ
تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ زىيانكەشلىكى، بۇزغۇنچىلىقى،
خەۋپ - خەتىرى تولىمۇ ئېغىر ۋە دەھشەتلىك ئىدى. خۇ-
راپاتلىق ھەتتا شائىرنىڭ شەخسىي ھاياتىغىمۇ قاتتىق
زەربە بەرگەنىدى. «شەيخ»، «موللا» تونىنى يېپىنىۋالغان
ئالدامچى كاززاپ ئوغرىلار شائىرنىڭ ئايالى ئايىمخاننى
«قوقاق تېگىپتۇ، ھۆردىتىپ قوقاقتىن خالاس قىلىش كېرەك»
دېيىشىپ، كېچىسى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇ تولدۇرۇلغان داس-
نى قويۇپ، ئايىمخاننى زەمبىلگە ماتاپ تېڭىپ، بۇ زەمبىل-
نى ھېلىقى يوغان داستىكى سۇنىڭ ئۈستىگە بىر غېرىچچە
ئېگىزلىكتە ئورنىتىدۇ. ئايىمخاننىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە
يوتقان ياپىدۇ. ئاندىن چوغدا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان تاش
ۋە كەتمەنلەرنى قىسقۇچ بىلەن ئەكىلىپ داستىكى سۇغا
تاشلايدۇ. سۇ پۇرۇقلاپ قايناپ پار كۆتۈرۈلۈپ ئۆينىڭ ئى-
چىنى پارلىق مونچىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. يالقۇندەك ئۇرۇلغان
ئىسسىق تەپتىدە ئايىمخان دوزاخ ئازابىنى تارتىدۇ. ئازاب-
قا چىدىيالمىغان ئايىمخان چىرقىراپ داد - پەرياد ئۇر-
سىمۇ، ھەتتا «قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! ھېچ ھالىم قالمىدى» دەپ
نالە قىلىپ قاقشاپ كەتسىمۇ موللا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ.

ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى ئېغىز ئاچۇرمايدۇ. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى موكىدەك تېز يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قىزدۇرۇلغان تاش ۋە كەتمەنلەرنى ئەكىلىپ تاشلاپ تۇرىدۇ. بالىسىنىڭ ئالى-سىكە چىدىيالمىغان ئانا سەۋر قىلالماي ئاخىر كېمىر تۈۋىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئايىمخاننى زەمبىل بىلەن تالاغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇستىگە چۈمكەلگەن ھەر بىر يوتقاننى ئاچقاندا ھور گويا قاسقاندىن كۆتۈرۈلگەندەك پۇرقىراپ چىقىدۇ. ئايىمخان ئاشۇ قىزىق ھوردا كۆيۈپ، پىشىپ قالاي دېگەندى. شائىر بۇ چاغدا قارا شەھەرگە كەتكەنىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئايالى ئىنتايىن زەئىپلە-شىپ، ئورۇقلاپ ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شائىر، ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. ئايىمخان بولسا كۆزىد ئېچىپ بېشىدا ئولتۇرغان شائىرنى بىرلا تېتىم كۆرگەندىن كېيىن قايتا كۆزىنى ئاچالمايدۇ... خوراپاتلىقنىڭ مانا مۇ-شۇنداق زىيانكەشلىكى ئالدىدا «شائىرنىڭ ۋۇجۇدى نادان-لىققا، خوراپاتلىققا قارشى غەزەپ بىلەن ئۆرتەنمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يەر - جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كۆرۈنەتتى. دەل - دەرەخلەر كۆمتۈرۈلۈپ، ئۆي - ماكانلار ئوڭتەي - توڭتەي بولۇۋاتاتتى. يەكتەكلەرگە ئورالغان سەللىلىك يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر گويا چۆل-دىكى ئېزىتقۇدەك پىلىلداپ كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى. ئۇلار-نىڭ رەتسىز چۇۋۇلچاق سېپىدىن خوراپاتلىق، نادانلىقنىڭ چاڭ - توزانلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك كۆڭۈلنى ئاينى-تاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خوراپاتلىق گويا ۋەھشىي ئېيىق بولۇپ، ئۇچرىغانلا ئادەمنى چىشلەپ يابۇت قىلىۋېتەتتى، خوراپاتلىق گويا دەھشەتلىك ئەجدىھا. پۈتۈن - پۈتۈن

پىزا - سەھرا، كەنتلەرنى سومبۇرۇپ يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى، پاكى ئوت پۇركۈپ كۆيدۈرۈپ خاراب قىلىۋاتاتتى. خۇراپاتلىق گويا بىر ئاپەت، گويا بىر ۋابا، پۈتۈن - پۈتۈن شەھەر، رايونلارنى خانىۋەيران قىلىۋاتاتتى...»① بىراق بۇ مەزگىلدە خۇراپاتلىققا قارشى تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنى سىياسىي ھۆكۈمرانلار بىلەن دىنىي ھۆكۈمرانلار قولىدىكى قورال بىلەن ئاغزىدىكى پەتىۋاسىنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ قاتتىق چەكلەيتتى ۋە باستۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مانا مۇشۇنداق دىنىي زۇلۇم، دىنىي قائىدە - يوسۇن، دىنىي ئادەت، دىنىي ئەقىدىلەرگە خىلاپ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق مەنئىي قىلىنىۋاتقان خەۋپلىك ئىجتىمائىي شارائىتتا باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ، دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى، زىيىنى، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك تەرەپلىرىنى قەھرى - غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، نادان خەلقنى ئالداپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە راھەت - پاراغەتتە، ئەيش - ئىشرەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھارامتاماق موللىلار، روھانىيلار، قازى - قۇززات، سوپى - ئىشانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىدىن پايدىلىنىپ، نادان خەلقنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ قان - تەرى، جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى مەسخىرە قىلدى، يۇمۇر قامچىسى بىلەن ساۋىدى. بۇنداق مۆتىۋەر،

① خېۋەر تۆمۈرنىڭ «ۋابالدۇر تۇرىۋاتقان ئادەم» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

تۆرىلەرگە بولغان رەنجىش ھېسسىياتىنى ئۆز شېئىرىدا مۇن-
داق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«ئۇمۇمى ھالىمىزغا قايغۇرۇش بىزلەردە ھاماقەتلىك،
ئالالساق ئىككى، ئۈچ خوتۇن، دىگەنلەر خوپ شىجائەتلىك.
سىلىق سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرۈشكە زاھىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك.»

جەمئىيەتتە خوراپاتلىق تەقۋادارلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى، ھەقىقەت، ئادالەت، ئىنساپ - تۈۋ-پىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىغا ئېچىنىدۇ، قايغۇرىدۇ. بۇ خىل خۇنۇك، بۇرۇقتۇم ھايات ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى:

«جاھالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۈنى كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ بۈگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر،
ئىبادىنىڭ ئىجتىھادىغا كۆڭۈل قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز، ئوقۇتۇرمىز، بىغەم چاپىناشقانىمىز باردۇر.»

دەپ ئىپادىلەيدۇ.

روشەنكى شائىر خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە جان تالىشىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۇنىڭغا ئېچىنماي، ئىچ ئاغرىتماي كۆرۈنۈشتە تەقۋادار بولۇۋالغان خىيانەتچى، پارىخور، چىقىمچى، ئاچكۆزلەرنى ئەيىبلىگەن. ئۇ يەنە فېئودال خوراپاتلىقنىڭ ھامىيلىرى بولغان ھاماقەت، تەلۋىلەر بىلەن تولغان زاماندىن قاتتىق بىزار بولۇپ،

ئۇنىڭ ئۈستىدىن «پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جىدىت دەپ قارغىشۇر، بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ، يانارمەن» دەپ شىكايەت قىلىدۇ. خۇددى مۇنبەت يەرلەرنىڭ سۇغا تەشنا بولغىنىغا ئوخشاش، ئەمگەكچى خەلقىمىزنىڭ نادانلىق، قالاقلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ زامانىۋى ئىلىم - پەن ئىگىلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى ئىزھار قىلىدۇ ھەمدە ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قالغان مىللەتنىڭ نادانلىقى، ھاماقەتلىكى، خۇراپاتلىقى ۋە بىچارىلىكىنى، ئۇلارنىڭ بولمىغۇر قىلىق، يامان ئادەت، يىركىنىشلىك پىسخىك خاراكتېرىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، پۇختا ئىگىلەپ، ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئويۇن - چاقچاق تۇپەيلىدىن دوستلار ئارا بىئەپ بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم كەمدۇر،
قۇۋلىقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە ياكى ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.»

شائىر مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، گۈللىتىشكە توسال-
غۇ بولۇۋاتقان خوراپاتلىق ۋە قالاقلىق تەرەپلەرنى ئېچىپ
تاشلىغان چاغدا، مىللەتنى كەمسىتىش، پەس كۆرۈش نۇق-
تىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قالاق ئىللەتلىرىنى كۆرسىتىپ
بېرىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش نۇقتىسىدا تۇرىدۇ. كىشىلەرنى تە-
رەققىياتقا، ئىلغارلىققا باشلايدۇ. ئۆزى ھەققانىي مەيداندا
تۇرۇپ، ئىلغار دېموكراتىك نۇقتىئىنەزەرنى، خەلقپەرۋەر-
لىكنى، مىللەتپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ خىل پاجىئە-
نىڭ سەۋەبچىسى ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلار بىلەن مىللەت
ئىچىدىكى فېئوداللىزمنىڭ مەنىۋى ھىمايىچىلىرى ئىكەنلى-
كىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، خەلقنى مانا مۇشۇ ئادالەت قۇياشى-
نىڭ پارلاق نۇرىنى توسۇپ تۇرغان «شۇم بۇلۇت»قا قارشى
تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ جاھالەت بۇلۇتلىرىغا
«سەن بىگىزنى خالتىدا ساقلايمەن» دېگىنىڭ بىلەن ئۇ ھا-
مان بىر كۈنى خالتىنى تېشىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆ-
تۈر بۇنداق پەتىۋايىڭنى دەيدۇ:

«كۆتۈر خالتاڭنى ئەي ئەخمەق، بۆلەك يەرگە كىرىدىك
قىلغىل،
كۆرمەسەن ئۈچى ئۇچلۇق بۇ بىگىزنى بۆز ياپالىغايمۇ؟
چىقار بوران تەرەپپال ئەگەر ھېچ ئويلىماي تۇرساڭ
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە، يېپىپ تۈڭلۈك ئالالىغاي-
مۇ؟!»

مانا بۇ تەرەققىياتنىڭ كۈشەندىلىرى، جاھىل، مۇتە-
ئەسسىپ كۈچلەرگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش.

شائىر ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ خەلقنى ئالداش، قاخشىتىش، ساختا قىلىش يولى بىلەن جان باقىدىغان، قان شورىغۇچ تىرىكتاپ زۇلۇكلىرىنىڭ خەلقنى خورلاپ، نادانلىق ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرالىشىنىڭ ئۇزاققا بارماي، پەت - چىت بولىدىغانلىقى، تارىخ تەرەققىياتىنى توسۇپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت مۇتلەق ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ناتوغرا ئىشىل بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا قارشى كەسكىن كۆرەش قىلىدۇ. 1987 - يىل مايدا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئۈستىدە شائىرنىڭ يۇرتى تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا شائىر بىلەن زاماندىش ۋە ئەينى يىللاردا ئە- مىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس باغلىغان ئابدۇگۇل ئابدۇللانىڭ سلىمىسىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇرۇن ئابدۇخالىق بىلەن ئۇ چاغدا ساۋاقداش بولغان، كېيىن چۈشكۈنلىشىپ خائىنلىق يولىغا ماڭغان روزى موللا بىر مەزگىل ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھۆكۈمەت خەلققە 750 دادەن ئاشلىق سېلىقى تاپشۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرسە، ئائىساپ روزى موللا ئۇنىڭغا يەنە بىر ھەسسە قوشۇپ 1500 دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدىكەن. 700 دادەن ئاشلىقنى ھۆكۈمەتنىڭ سېيىغا قويدۇرۇپ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ سېيىغا تۆكتۈرىدىكەن. بۇ ئاشلىقنى يىل ئاخىرىدا دارىن بىلەن ئىككىسى بۆلۈشۈۋالىدىكەن. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئەمگەك مېۋىسىنى مۇشتەبىت ھۆكۈمەت تارتىۋالغاندىن تاشقىرى، روزى موللىمۇ قوشۇقچىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ

خەلق قېنىنى شورىغانلىقىغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. شۇ خىل ھېسسىيات ئىچىدە بىر شېئىر يېزىپ، روزى موللىنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاپ قويىدۇ:

«روزى موللا سەنمۇ ئادەم، تۆۋە قىل، ئەسلىڭگە يان.
چۈنكى بولدى سەن يۆلەنگەن تاش داۋانىڭ قۇم داۋان.
ئەسكە كەلتۈر خەلقىمىزگە نى زۇلۇملار ئەيلىدىڭ،
قىلما ئۈمىد، تۇتما ماتەم، ئەمدى كەتتى شۇل زامان.

سەن زالىم بولساڭ خەلققە زۇلۇم ئەيلەپ تىنمىدىڭ،
زار قاقشىتىپ خەلقنى قىلچە رەھىم قىلمىدىڭ.
ھەر كۈنۈڭنى كەچ قىلالماي لاللا ئىتتەك قانسىراپ،
ئاخىرەتكە بارغىنىڭدا كۆرەرىڭنى بىلمىدىڭ.

چىن شۇرىندىن كەلسە بۇيرۇق بىر خىراجەت توغرۇلۇق
سەن بىزنى يۈز قىلىپ ھەركىمگە مىڭ سەر چاپلىغان.
كىم ئۇنى چاپسان تۆلەتسە چىقۇر دوزاخ ئاستىدىن،
بولسا سەن شەپقەت قىلماي پۇت - قولىنى باغلىغان.»

پارىخورلۇق، ئاچكۆزلۈكنى كەسكىن پاش قىلىپ، بۇ خىل ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يىغىرىنى ئىچىۋەتكەن بۇ مىسرالار، نائىنساپ روزى موللىنىڭ جېنىغا تەككەن. شۇڭلاشقا ئۇ شائىرغا سۈيىقەست ئورىسى كولىغان. ئاخىر شىڭ شىسەيىنىڭ جاللاتلىرىنى باشلاپ كېلىپ، شائىرنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ، جېنىغا زامىن بولغان: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىل پەسكەش، ناتەھلىلەرنىڭ سۈيى-

تەستىگە مەردانىلىك بىلەن تاقابىل تۇردى. بۇ قەھرىمانلىق روھى، قەيسەر ئىرادىسىنى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق جاكارلىدى

«بىزگە بار ھەر قاچان ئۆلۈم يا كۆرۈم،
ئۆلۈمدىن قورقماقلىق ئۆزى بىر ئۆلۈم،
كۆتۈرگىن باشىڭنى، تىك تۇت قەددىڭنى،
جەڭ قىلىپ ئۆلسەممەن ئېچىلغاي گۈلۈم ...»

«يۈرەككە ئوق تېگىپ ياتسام ئىدى ئاستانىدا ھەي ـ ھەي.
مازارىم گۈل قۇچۇپ قالسا ئىدى بوستانىدا ھەي ـ ھەي.
ۋەتەننىڭ ئانا تۇپراقى گويا ئالتۇن ھىندى زەپەر،
تەۋەررۈك نامىنى يازسام ئىدى داستانىدا ھەي ـ ھەي.»

بۇ جەڭگىۋار مىسرالار بىزگە يەنە شائىرنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى، ئاۋانگارت جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئېزىش قورالى بولغان دىنىي خوراپاتلىق، قاششاقلىق ئاسارىتىگە قارشى ئىلىم ـ پەن، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىلغارلىق ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى كەڭ تەشەببۇس قىلدى، مانا بۇ ئەينى زامان دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ يادروسى ئىدى. شائىر خەۋپ ـ خەتەرلەرگە قارىماي ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا قارشى چىقىپ، زامانىسىنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. تەرەققىيات ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ كۈشەندىسى فېئودال

خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مائا-
رىپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش، 20 -
يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭلا ۋە شۇ دەۋردە كۈرەش
قىلغان ئەدەبىياتچىلارنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماي، بۇ خىل
فېئودال خۇراپىيلىقنىڭ قالدۇق ئىدىيىلىرى بۈگۈنكى سوت-
سىيالىستىك دەۋرىمىزگىچە سوزۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن،
بۈگۈنكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇن-
لىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق ئىشلار ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىن تېپىلىدۇ. بۇنداق خۇراپىي خاھىشلارنىڭ
يامراپ كېتىشىگە ئەدەبىياتچىلار ئەزەلدىن سۈكۈت قىلىپ
تۇرغان ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى، تۇرمۇشتا كۆرۈل-
گەن زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى مۇئەييەن تىپىك خاراكتې-
ئارقىلىق چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت. خەلقسۆيەر،
مىللەتپەرۋەر ئەدىبلەرنىڭ قەلىمى بۇ مۇھىم ئىجتىمائىي
مەسىلىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئەمەس ۋە ئۆتۈپ كەت-
مەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دەۋرنىڭ قېنى ئۆركەش-
لەيدۇ. قەلبىدە خەلقىنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرى يالقۇنلايدۇ.
بۇ قايناق سۆيگۈ ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن ئىجاد قىلىشقا،
ئەكس ئەتتۈرۈشكە، تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەسەرلىرىدە كۆر-
سىتىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز خەۋپ - خەتەرلىك
ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدىمۇ ئىلھامىنى ئۇرغۇتۇپ، قەھرىمان-
لىق جاسارىتى بىلەن دەۋر رېئاللىقىغا قارشى چىققانى-
دى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى،
تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىللەتلەرنى رەھىم-
سىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى خەلق-
نىڭ فېئودال ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرىشىگە ئاتىدى.

فېئوداللىق خوراپاتلىقنىڭ مەرەزلىرى ئەينى دەۋردە بولسۇن، مەيلى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بولسۇن، خەلق مەنپەئىتىگە تۈپتىن ئۇيغۇن ئەمەس. مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى، دۇنيا ئىلغارلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ قۇدرەت تېپىشى، زامانىۋىلىشىشى، گۈللىنىشىگە توسالغۇ. ئۇ ئەۋج ئالغانسىرى سېسىق پۇراق تارقىتىپ، مۇھىتنى بۇلغاپ، خەلقنى زەھەرلەيدۇ. دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە قاراپ كېتىۋاتقان مىللەتنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا ئابروي - ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ. جاھالەتلىك فېئوداللىق قالاقلىق گۆرۈستانىغا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، فېئودال - خوراپىي خاھىشلارغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭغا رەھىم قىلماي، روھىي بېسىم ۋە ئىجتىمائىي ۋەھىمە پەيدا قىلىش كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ دىنغا قارشى تۇرغانلىق بولمايدۇ، بەلكى نورمال دىنىي ئەقىدىنى ھىمايە قىلغانلىقتۇر. مانا بۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، خۇشال - خۇرام، ئىجىل - ئىناق، باياشات، خاتىرجەم ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئورتاق تەلىپى، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىدۇر.

# زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى

مۇھەممەت پولات

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتى ئۇمۇمىيۈزلۈك ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنگەن، فېئودال ئەك-سىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلۇم ۋە زورلۇقى چېكىگە يەتكەن زۇلمەتلىك يىللاردا ئالەمگە كۆز ئاچتى. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرى ئېغىر ئەمگەك، جاپالىق تۇرمۇشتىن مىجىلغان دەردمەن خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ئىچىدە ئۆتتى. خورلۇق ۋە قاششاقلىق بىلەن جاھالەت ۋە تەڭسىزلىكنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرىتى ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. گەرچە، 1911 - يىلدىكى شىڭخەي ئىنقىلابى جۇڭگو تارىخىدا 2000 يىلدىن ئۇشۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئو-دال خانلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدا ماھىيەتلىك بىرەر ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى. فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن زالىم ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى ئېزىش ۋە دەپسەندە قىلىشىنىڭ سىنىپىي - ئىجتىمائىي ئاساسى بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قامەتلىك تەختكە يېقىندىن ئولتۇرغان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىنىڭ چىڭ خاندانلىقى ئەمەلدارلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچى

سىياسەتلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنى بېسىش ۋە
باشقۇرۇشنىڭ بىرمۇنچە يېڭى تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ،
شىنجاڭنى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن
يېڭى ئۇچىقىغا ئايلاندۇردى. ئۇ يەرلىك فېئوداللار بىلەن
مۇتەئەسسىپ دىندارلارنى ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن تەمىنلەپ،
پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى تالان - تاراج قىلىشىغا
تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى. يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ
ھەر قانداق يولىنى ئېتىپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى دېموك-
راتىك ھەرىكەتلەرنىمۇ شەپقەتسىز باستۇردى. جاھالەت ۋە
مۇتەئەسسىپلىك قاراڭغۇلۇقى ھەممە يەرنى قاپلىدى. شائىر
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي
شارائىتتا يەنى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر غالجىرلىشىپ،
خۇدىنى يوقاتقان، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن
ھالىدىن كەتكەن ئەمگەكچى خەلق ئامالسىزلىقتىن قىينىلىپ،
تىرىكچىلىك تۇرغۇنلۇقىغا چۈشۈپ قالغان بىر ۋاقىتتا ئىجا-
دىيەت سېپىگە قەدەم قويدى. سىياسىي بىپەرۋالىق، تەقدىرگە
تەن بېرىش، ھەممىگە سەۋر - تاقەت قىلىش ئۇ چاغدىكى
مۇتلەق كۆپ كىشىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر
خىل روھىي ھالەت ئىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىل
پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ بارغانچە كېڭىيىپ، جەمئىيەتنىڭ
ئومۇمىي مەنىۋى كېسەللىكىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ تولۇپ ئىج-
تىمائىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزلەندى. ئۇ،
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن
ئۇلارنىڭ خەلقنى ئېزىش ۋە باستۇرۇش سىياسىتىدىن باشقا
بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ تولۇپ سەۋەبلى-
رىنىڭ نادانلىق، قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك بىلەن خەلق

تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھەر خىل ناچار ئىللەت-
لەر ئىنكەنلىكىنى كۆردى. تەبىئىيكى، بۇنداق قالاق ئىجتىمائىي
شارائىتتا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ يەنى مەنىۋى تەرەپتىن
قاششاق، پەزىلەت ۋە خاراكتېردا بۇزۇلغان زەئىپ ئادەملەرنىڭ
سىياسىي ئارام ۋە تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدىن باشقا غېمى
بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىش
ۋە ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش يولىدا بىرەر ھەرىكەت قىلىشنى
تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. شۇڭا شائىر ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارنى ھەر خىل فېئودال، دىنىي
بويۇنتۇرۇقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭىلىق
ۋە ئىلغارلىققا جەلپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك بۇر-
چى دەپ قارىدى. بۇ خىل كۆز قاراش كېيىنچە ئۇنىڭ
مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى، ئۇنىڭ باي ۋە
جەڭگىۋار شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ
قالدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىل تېمىدىكى شېئىرلى-
رىدا، ئاساسەن، كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى شەپقەتسىز
پاش قىلىپ، قالاق ۋە بولمىغۇر تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن
يامان ئەخلاق، ناچار ئىللەتلەرنى كەسكىن تەنقىد قىلدى.
غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈشەكەپ ياتقان ئادەملەرنى ئويغىنىشقا،
ھەممىگە كۆنۈپ ئۆگەنگەن بېپەرۋا كىشىلەرنى سەزگۈرلۈك ۋە
ھەرىكەتچانلىققا ئۈندىدى. ئۇلارنى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆز-
گەرتىپ، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنى يېڭىلاش يولىدىكى ئۇلۇغ
كۈرەشكە دالالەت قىلدى. ئۇنىڭ «ئىستىمەس»، «ئۆزۈلمەس
ئۇمىد»، «باردۇر»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئويغان»، «ھار»
قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرىدا بۇ خىل مەزمۇن بەكمۇ روشەن

ئىپادىلىگەن.

شائىرنىڭ 1921 ـ يىلى يېزىلغان «باردۇر» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ دەسلەپكى يىللاردىكى مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىگە ئەڭ ياخشى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدا ئاپتور مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىسىنى كۈچلۈك ھالدا قامچىلاپ، ئېكسپلاتاتور سىنىپلار تەرىپىدىن خەلق تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈلگەن يامان ئادەت، ناچار ئەخلاق، ھادىسىلىرىنى ھەممە ئىجتىمائىي پالاكەتچىلىكلەرنىڭ يىلتىزى سۈپىتىدە قاتتىق قارىلايدۇ. تۇرمۇش پاكىتلىرىنىڭ جانلىق ۋە تىپىكلىكى، ھەجۋى تۈسىنىڭ قويۇق ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ شېئىر جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ ساتىرىك ئەيىبنامىسى، ئويغىنىش ۋە مەنىۋى مۇكەممەللىكنىڭ ئوبرازلىق دەۋەتنامىسى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىر خەلق تۇرمۇشىدىكى ئاشۇنداق بولمىغۇر ئەخلاقىي ئىللەتلەر بىلەن مەنىۋى زەئىپلىكلەرنى تەنقىد قىلغان چېغىدا، ھەرگىز ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويمايدۇ. ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە پاراسەت ئاتا قىلغۇچى دانا ۋە ئاقىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلققە پەند ـ نەسىھەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنى شۇ ئاجىز بىچارە خەلقنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسى، ئۇنىڭ ۋاپادار پەرزەنتى ھېسابلاپ، ئاشۇ مەنىۋى قاششاقلىقلارنىڭ جاۋابكارى سۈپىتىدە ئۆزىنىمۇ بىللە ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ نومۇس ۋە ئېچىنىش ھېسسى بىلەن تولغان قەلبى ۋىجدان ئازابىدا قىينىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاچچىق ئەلەم

ئەگەر ھەسرەت بىلەن تولغان مىسرالىرىدىن ئۆز خەلقىگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت، تەڭداشسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرىدا يۇقىرىقى مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى «باردۇر» شېئىرىدا پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان ھالدا، يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر خىل ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىچىدە ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ بۇنىڭدا ئاددىيلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىلىم - پەن ئىگىلەشتەك ئومۇمىي مەزمۇنلار دائىرىسىدىن چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ھالىتىگە نەزەر ئاغدۇرىدۇ:

«يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقىمۇ، داۋالىنىشنى ئىستىمەس.
..........................................................
ئىزلىدى ھۇما قۇشىنى كۈندە ئاسمانغا قاراپ،
ئىستىگەنلەر باشىغا ھۇما قونۇشىنى ئىستىمەس.

مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىپ ئىڭرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس.»

ئاپتور بۇ مىسرالىرىدا تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھەممىگە شۈكرى قانائەت قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك، تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرى كىشىلىرىنىڭ بىخۇتلۇق ۋە ھەممىگە پەرۋاسىز قاراشتەك روھىي ھالىتىنى، «ئۆيگە ئوغرى» كىرسىمۇ، «ئىز تېپىشنى ئىزلىمەس» لىكىدەك تېپىك ۋە ئوبرازلىق پىكىر بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، سەزگۈرلۈك

ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ خىل مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ 1926 - يىلى يازغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭدا شائىر كونىلىق ۋە نادانلىق ئاسارىتىدە ئازاب چېكىۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى جەمئىيەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن باغلاپ، ئۇنى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ. زۇلۇم ئوكيانىنىڭ «تاغ كەبى دولقۇنلىرى»دا لەيلەپ، ۋەھىمە ۋە ئەندىشە تۇمانى ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرگەن خەلقنى نىشاندىن ئاداشماي، خەتەرلىك قايناملاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، «پاراغەت ئارىلى»غا يېتىشكە، ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ چاراغلىق سىگنالىنى ياڭرىتىپ، ئازاد ۋە ئەركىن يېڭى دۇنيا قۇرۇشقا چاقىرىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىدا ئەكس ئەتكەن يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىق كۆز قارىشى، قالاق ۋە ئازابلىق تۇرمۇش ئۇستىدىن قىلىنغان شىكايىتى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئىدىيىسى بىلەن، ئۇنىڭ غايە ۋە ئىستىقبالى بىلەن تەبىئىي بىرلىشىپ كېتىدۇ.

شائىرنىڭ مەرىپەتچىلىك تېمىسىدا يېزىلغان بىر قاتار شېئىرلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراش ۋە چۈشەنچىلىرى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن بىرمۇنچە يۈكسەك ۋە مۇكەممەل بولغان. ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى ساپ، دېموكراتىك ئىدىيىلەرگە باي بولۇپ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرىدا شەكىللىنىپ

كېلىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈللىنىش ۋە روناق تېپىش ئارزۇسىنى، ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىشتىكى ھەۋەس ۋە قىزغىنلىقى بىلەن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان قارشىلىق ۋە نارازىلىقىنى ئەمەس، بەلكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن دەۋرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئادەتتىكىچە ئىلىم - پەنگە بېرىلىش، يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش، خەلققە ئاز - تولا ئارام بېرىدىغان ئاددىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن چەكلەپ قويمىغان. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىش، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى بىلىش، ئىنقىلابىي كۆرەش ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئازاد ۋە بەختىيار يېڭى ھايات قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب مەقسەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، كونىلىق ۋە خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسىدە قالغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئويغىنىش ۋە ئويۇشۇشىغا ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ۋەھىمە، دىلغۇللۇقىنى تاشلاپ، مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ «بېشىنى كېسىپ، قېنىنى چېچىشى»غا ئىلھام بەرگەن.

20 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. خەلقنىڭ قارشىلىقى ۋە نارازىلىقىنى شەپقەتسىز باستۇرۇپ، جەمئىيەتنى بىر مەزگىل تىنجىتقان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىنىڭ گۇرەڭلىكتە خۇدىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلا-

ناتسىيە قىلىشىنىڭ تېخىمۇ زەھەرلىك ۋاستىلىرىنى ئىشقا
سالدى. ئۇ يەرلىك خەلقلەرنى بۆلۈش ۋە پارچىلاش، ئۇلار
ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەپتىن شەپ-
قەتسىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، سىياسىي جەھەتتە بوغۇش
ۋە باستۇرۇشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ جىددىيلەش-
تۈردى. جەمئىيەتتە ئەكسىيەتچى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن
ئاچكۆز ئەمەلدارلارغا قارشى يېڭى كۈرەش ئۈندۈرمىلىرى
پەيدا بولدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق شائىرنى ئىدى-
يە ۋە دۇنيا قاراشتا تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنى ئۆز دەۋ-
رىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجا-
دىيتى يېڭى تېماتىك كەڭلىككە ئېرىشىپ، تېخىمۇ جەڭگى-
ۋار ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن بېيىدى. ئىنقىلابىي كۈرەش،
جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق، غايە ۋە ئۈمىد، ئەركىن ۋە ئا-
زاد يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئىستىكى شائىرنىڭ كېيىنكى يىللار-
دىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. ئو-
نىڭ بۇرۇنقى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئەلەم ۋە ھەسرەت،
مۇڭ ۋە قايغۇ، ئازاب ۋە تەنھالىق تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى
ئەمدى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئىشەنچ ۋە ھاياتنى يېڭىلاش،
ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلگەن جاسارەتلىك ئادەمنىڭ
ئىنقىلابىي شىجائىتى ئىگىلىدى.

ئۇ، بۇ يىللاردا يېزىلغان شېئىرلىرىدا ئىدىيىۋى مەز-
مۇنى ئىپادىلەشتە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇ-
سۇلدىن: يەنى جەمئىيەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
لەرگە بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلىپ، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇ-
بىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ غايە ۋە جاسارىتىنى توغرىدىن - توغ-
را ئەكس ئەتتۈرۈپ، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىنى

شەپقەتسىز پاش قىلىپ، خەلقنى ئازاد ۋە ئەركىنلىك يولى-
دىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە دەۋەت قىلىش يولىدىن، شۇنداقلا
مۇھەببەت ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى مەركەز قىلىپ، يار،
چېچەك، پەري، گۈل ۋە باھارغا ئوخشاش سىمۋوللۇق خا-
راكتېرى كۈچلۈك بولغان ھاياتبەخش شەيئىلەرنى مەدھىيە-
لەپ، جاپاكەش خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان
تەلپۈنۈشىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەل كېلەچەك، بەختىيار ھاياتقا
بولغان سېغىنىش ۋە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يولى-
دىن پايدىلاندى. ئۇنىڭ «يەجۇجى - مەجۇجى»، «بىر پە-
لەكنىڭ خەمكى»، «ھار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «زۇلۇمغا
قارشى»، «ياز تۈنى» «يېقىن بولدى»، «چىراغ»، «كۆرۈن-
گەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكگۈل خامشى» قاتارلىق
شېئىرلىرى دەسلەپكى ئۇسۇل بىلەن، «سېغىنىش»، «باھار
چېچەكلىرىدىن بىر تەسىر»، «پەغان»، «ئۈمىد تەبەسسۇمى»،
«ئۇيغۇر قىزى»، «ئىشقىدا پەرياد»، «ھىجران»، «مۇرەببە»،
«ئارمان» قاتارلىق شېئىرلىرى كېيىنكى ئۇسۇل بىلەن يازى-
لغان شېئىرلاردۇر. ئۇ بۇ شېئىرلىرىدا مەيلى قايسى ئۇ-
سۇلنى قوللانمىسۇن، قانداق پورما ۋە شەكىلدىن پايدىلان-
مىسۇن، ئوخشاشلا، تۇرمۇشنى ئەيىبلەش ۋە رەت قىلىش
نۇقتىسىدىن، يېگىلاش ۋە ئىسيانكارلىق نۇقتىسىدىن كۆز-
تىپ، كونا دۇنيا ۋە كونا تۇرمۇشنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ،
قالاق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئېچىپ
تاشلىدى. ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەلنىڭ
ئاۋال ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك-
لىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ، كۈرەش قىلىدىغان
ئىنقىلابىي ئىرادە بولۇش لازىملىقىنى، كېرەك بولغاندا

بۇ يولدا ئۆلۈشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ ۋە بەخت دەپ
بىلىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. شائىرنىڭ 1925-
يىلى يېزىلغان «بىر پەلەكنىڭ خەمىكى» ناملىق شېئىرى
ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇت-
دىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدا شائىر ئاي-
دىڭ كېچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر دەردمەن يىگىت-
نىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ، شائىرغا ئۆزىنىڭ ۋەھ-
شىلىك بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى، قاۋانغىمۇ، ئالۋاستىغىمۇ
ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر مەخلۇققا يولۇقۇپ، قورققىنىدىن
ئېغىر بىر ئاغرىققا گىرىپتار بولغانلىقىنى، چۈشىدە ئۇچراش-
قان خىزىرنىڭ ئېيتقىنىغا ئەمەل قىلىپ، گۈل ھىدىدىن دا-
ۋا ئىزدەپ، باققا قاراپ ماڭغانلىقىنى، لېكىن ئۇ باغدا ئۆ-
زى كۈتكەن گۈل - چېچەكلەرگە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن
قورقۇنچلۇق بولغان بىر يىرگىنىشلىك ھايۋانغا دۇچكەلگەن-
لىكىنى ئېيتىدۇ. چۈشىدە كۆرگەن بۇ كارامەتنىڭ تەكتىگە
يېتەلمىگەن ھېلىقى دەردمەن يىگىت بۇ ۋەقەگە تەبىر بې-
رىشنى شائىردىن سورايدۇ. شائىر ناھايىتى ئىخچام ۋە مە-
لىك قىلىپ، مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«ئەي ئاداش، چۈشۈڭدە كۆرگەن شۇم پەلەكنىڭ تەقدىرى،
ئۆڭۈڭدا كۆرگەنلىرىڭنىڭ چۈشۈڭدىكى بىر تەمسىلى.»

ئاجايىپ ئۆتكۈر ئاللېگورىك تۈس، ئاچچىق غەزەپ
ۋە مەسخىرە بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن
ھېلىقى يىرگىنىشلىك ھايۋان — خۇددى قاۋان كىم؟ بۇ دەل
شىنجاڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانى مىلىتارىست ياڭزېڭ-
شىن بىلەن ئۇنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىدۇر. شېئىرنىڭ ئېپىك
قۇرۇلمىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەشكىل قىل-

غان بەدىئىي دېتاللار گەرچە پالتاستىك تۈسكە ئىگە بول-
غان خىيالىي ۋەقەلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەي-
نى يىللاردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنىڭ
جانلىق كارتىنىسى، ياڭ زېڭشىنىڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەت-
چى ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېر ۋە ماھىيىتىنىڭ ئەڭ تىپىك
ئوبرازلىق تەسۋىرىدۇر. بۇ شېئىردىن بىز شائىرنىڭ ئۆز
دەۋرى ھاياتىغا بولغان نارازىلىقىنى، مەۋجۇت تۈزۈمگە
بولغان نەپرىتىنى، ئىنقىلابىي كۈرەشتە ئۆزى بىلەن تەق-
دىرداش بولغان ئاڭلىق ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈشتىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلى-
قىنى كۆرىمىز.

شائىرنىڭ «ئۆزۈلمەس ئۈمىد» ناملىق يەنە بىر شېئى-
رىمۇ يۇقىرىقى شېئىرىغا ئوخشاشلا ئەكسىيەتچىلەرنى قاتتىق
پاش قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈش يولىدى-
كى ئەخمەقانە ئورۇنۇشلىرىنى ئاچچىق مەسخىرە قىلغان ئىل-
ھامبەخش شېئىردۇر. ئۇنىڭدا خەلق كۈرىشىنىڭ كۈچ - قۇۋ-
ۋىتى بىلەن ئازادلىق تېڭىنىڭ مەڭگۈ ۋە مۇقەددەس ئىكەن-
لىكىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ تولۇپ تاشقان.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندا يېزىلغان يەنە بىر شې-
ئىرى «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس». ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىن
ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جىڭ شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆ-
كۈمرانلىقى تىكلەنگەن جاھالەتلىك يىللاردا يارىتىلغان.
ئاپتور بۇ شېئىرىدا خەلقنىڭ بېشىدىكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە
مىللىي خورلۇقنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئىن-
قىلاب بورىنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بې-
شارەت بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئوت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ»

تۇرغان ۋەھىمىلىك تۇرمۇشتا ياشاپ، ئازاب قايناملىرىدا «تونجۇقۇپ» يۈرگەن بىر ھالسىز دەردمەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىنىڭ يەنىلا «زوتلىنىپ» سوقۇۋاتقانلىقىنى، چاناپ مىڭ پارە قىلىۋەتسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئوخشاشلا ياشاپ، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىدىن قايتمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

«جان ئۈزۈلۈم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت،
ئۆلمىسەم، غازى، ئەگەر ئۆلسەم، شەھىدلەردىن ھېساب.

ئېقى ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ.

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.»

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ھاياتىي غايىسى، ئىنسانىي پەزىلىتى، تۇرمۇش ۋە سەنئەتكە بولغان يېڭىچە قارىشى ئىپادىلەنگەن «كۆڭۈل خاھىشى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭىزچۇ ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.»

شائىر ئۆز خەلقىگە بەرگەن بۇ تەنتەنىلىك قەسىمىنى شەرەپ بىلەن ئورۇندىدى. ئۇ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا،

بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان ئاجايىپ قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك، تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك شەپقەتسىز پاش قىلىنىپ، ئازاد ۋە ئەركىن يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئىستىكى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ، خورلانغان خەلقنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى زۇلۇم ۋە جاھالەتكە قارشى يېڭى كۈرەشكە تەييارلىدى. ئۇنىڭ چاقىرىقتەك نۇرلۇق، كەلكۈندەك قۇدرەتلىك بولغان ئاجايىپ شېئىرلىرى كونا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرىنى ۋەھىمە ۋە ساراسىمىگە سېلىپ، ئېزىلگەن خەلقنىڭ كۈرەش روھىغا غايەت زور ئىلھام بەردى. شائىر ئۆزىنىڭ خەلق تەقدىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان جەڭگىۋار ئىجادىيىتى ۋە كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆتكەن يالقۇنلۇق ھاياتى ئارقىلىق يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەس شانلىق سەھىپە قالدۇردى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە قانداق قىلىپ مۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال، شائىر ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىدىن، ئۇنىڭ ئەخلاق ۋە خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن ئىزدەش كېرەك.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكسىيەتچى چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمى كۈچەيگەن، يېرىم مۇستەملىكە - يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائىي ھالەتتىن ھەممە كىشى بىزار بولۇپ، فېئودال خانلىق تۈزۈمى ھالاكەتكە يېقىنلاشقان مۇرەككەپ يىللاردا تۇغۇلۇپ، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى تىك-

لەنگەن ئاپەتلىك يىللاردا ئۆستى. ئۇ، زۇلۇم ۋە زورلۇقتىن ھالسىزلانغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى بىلەن ئۇلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان ئەمەلدار - لۇ-پىلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆ-زى بىلەن كۆردى. ئۇلارنىڭ زالىملىقى، ئاچكۆزلۈكى، خەلق-نى ئېزىش ۋە تالان - تاراج قىلىشتا ھېچ نەرسىدىن يان-مايدىغان ياۋۇز تەبىئىتى ئۇنىڭغا تولۇق ئايان بولدى. بۇ خىل تەڭسىز ئىجتىمائىي شارائىت، قاششاقلىق ۋە ئادا-لەتسىزلىك بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق تۇرمۇش رېئاللىقى ئۇنىڭدا كونا تۈزۈم ۋە مەۋجۇت تەرتىپلەرگە نىسبەتەن قاتتىق نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ئېزىل-گەن خەلققە نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ھېسسىياتىنى پەي-دا قىلدى. شائىرنىڭ دادىسىغا ئەگىشىپ، كۆپ قېتىم چەت ئەلگە چىقىشى، روسىيىنىڭ تاشكەنت، شەمەي (سېمىپالاتىنسكى)، موسكۋاغا ئوخشاش تەرەققىي تاپقان شەھەرلىرىدە بولۇشى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى، باشقا خەلق-لەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى ئۇنى كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن يىر-گىنىش، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە قىلدى.

شائىرنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، ئۇ ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدىن باشلاپلا جاپاكەش خەلقنىڭ مەۋ-جۇت تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەت-چى ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان ھەر خىل كۈرەشلە-رىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى

يىللىرىدىكى تۇرپان ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەر نىسبە-
تەن كەڭرەك تارقىلىپ، سىياسىي، مەدەنىي ئويغىنىش دەۋ-
رىگە بۇرۇنراق قەدەم قويغان، خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى هاكى-
مىيەت ۋە يەرلىك فېئوداللارغا قارشى قوراللىق كۈرىشى
كۆپرەك مەركەزلەشكەن رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردە
1912 - يىلى ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ ئەمەت تاماق باشچى-
لىقىدىكى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاپ، مورى ۋە گۇچۇڭ را-
يونلىرىغىچە كېڭەيدى. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ 1913 - يىلى
قوزغالغان تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلىڭى-
مۇ تۇرپان رايونىدا ناھايىتى قىزغىن ئاۋاز قوشۇشقا ئې-
رىشتى. 1931 - يىلى باشلانغان، جىن شۇرېن هاكىمىيىتىگە
قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي خەلق كۈرىشىدە تۇرپان خەل-
قى ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ
دائىرىسىدە كېڭىيىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ خىل كۈرەشلە-
رىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ
ئىنقىلابىي روھى بىلەن قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن
مەدەت ۋە ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىدە ئۇلۇغ غايە ۋە سۆنمەس
ئىرادە يېتىلدۈردى.

يۇقىرىقى بىر قاتار ئامىللار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-
نى ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراشتا تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، خاراك-
تېر ۋە ئەخلاقىي - پەزىلەتتە تېخىمۇ تاۋلاپ، ئۇنى ئىلغار
ئىنتىلىشلەر بىلەن ئۇلۇغۋار غايىلەر يولىغا باشلىدى.

ھەدىنىي ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى مەسى-
لىسىدە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتۈنلەي يېڭى، ئۆزگىچە
يول تۇتتى. ئۇ، ئەدەبىياتنى خەلقنى ئويغىتىش ۋە ئۇنى

تەربىيەلەشنىڭ، ئۇلارغا ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭ-
قۇر تونۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە ئۆز-
گەرتىش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە جەلپ قىلىشنىڭ كۈچ-
لۈك قورالى دەپ قارايتتى. مىراس ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن
چەكلىنىپ قالماسلىق، ئالدىنقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى
ئالدىدا مەڭدىمەي، ئىجادىيەتتە يېڭىچە يول ئېچىش ئۇ-
نىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئىدى. ئۇنىڭچە، ئىنسان بەدىئىي
پىكرىنىڭ ئەڭ پارلاق مېۋىلىرىنىڭ بىرى بولغان شېئىر
جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ چىن ۋە ھەق-
قانىي ئىنكاسى بولۇشى، ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ
نازۇك تۇيغۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-
ئارمانلىرى بىلەن ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى كۈيلىشى، جا-
ھالەت كۆكىدە يېرىلغان قۇدرەتلىك بومبىدەك ئەكسىيەتچى
كۈچلەرنىڭ جىنايى ئۇۋىلىرىنى تىترىتىپ، ئۇلارنى ئۆلۈم ۋەھ-
مىسىدە سەرسان قىلىشى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ
ئاۋۋال شېئىرنىڭ ئۆزى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن خەلق-
قە يېقىن بولۇشى، ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مە-
سىلىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشى، شائىرنىڭ ھەممە بەدىئىي -
غايىۋى مەقسىتى كىتابخانغا تولۇقى بىلەن يېتىپ بېرىشى
كېرەك ئىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ شېئىرىي
ئىجادىيىتىدە بۇ تۈپ پرىنسىپلارغا باشتىن - ئاخىر ئەمەل
قىلدى.

ئۇ ئىسلامىيەت روھى بىلەن دىنىي ئەقىدىچىلىكنى
مەزمۇن قىلغان ئەنئەنىۋى مەدرىسە تەربىيىسى دائىرىسى-
دىن چىقىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلمىيلىككە ئىنتىلىپ، رۇس
ۋە خەنزۇ تىللىرى ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان خەلقلەرنىڭ

يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندى. ئۇ، شېئىرىي تىلدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قورشاۋىنى بۇزۇپ، چاغاتاي تىلى ۋارىسلىقىدىن قول ئۈزۈپ، خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ھېسسىياتىنى ئەڭ ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئىپادە قىلىش كۈچىگە ئەڭ باي بولغان ئوبرازلىق تۇرمۇش تىلىغا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، مۇرەككەپ ھادىسە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىگە يوشۇرۇنغان سىرلىق ئىچكى مەزمۇنلارنى، نازۇك ۋە مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلارنى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ئىبارىلەر بىلەن ھاياتلىقى كۈچلۈك بولغان روشەن بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئېنىق ۋە كونكرېت بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان باي ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى مۇنداق يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى جەڭگىۋار روھ بېغىشلاپ، ئۇنى دەۋرنىڭ ساداسى، خەلق ئىرادىسىنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنىغا ئايلاندۇردى. ئەدەبىي ئەخلاق ۋە سەنئەتكارلىق جۈرئىتى يېقىندىن ئېيتقاندا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر شانلىق ئۆلگە تىكلىدى.

ئەدەبىي ئەخلاق — ئەدىبنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ مىزان ۋە ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ، شائىرنىڭ ھاياتقا ۋە ئەدەبىيات ئىشىغا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ساپ ۋە سەمىمىيلىكىدە، ئەدەبىي قاراش ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي رىئاللىقى بىلەن بولغان

بىردەكلىكىدە، خەلقىنىڭ ھېس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئارمانلى-
رىنى چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىدە، ئىشقى-
سى، خەلقىنىڭ غايىسى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەقىدىسى-
گە ئاخىرغىچە سادىق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

سەنئەتكارلىق جۈرئىتى بولسا ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقى-
قەت مەيدانىدا، خەلق مەنپەئىتى مەيدانىدا تۇرۇشنى، يېڭى،
ئىلغار نەرسىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، كونا، ئەكسىيەتچى
نەرسىلەرنى پاش قىلىشتا جۈرئەتلىك بولۇشنى، ھەرقانداق
ۋاقىتتا غايىنى ۋە ئىستىقبالنى سۆزلەيدىغان شىجائەتكە
ئىگە بولۇشنى، ھەيۋە ۋە دوقلار ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە
ۋە ئېتىقادىدىن كەچمەيدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىگە ئىگە
بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان
ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئەدىب ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى ئەخلاق
ۋە پەزىلىتىگە يەنى سەنئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ پاك
ۋە سەممىيلىكى بىلەن ھاياتنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈ-
رۈشتىكى جاسارەت ۋە قىزغىنلىقىغا تايىنىپ، رېئاللىقنى
چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلق-
نىڭ ساداسى ۋە دەۋرنىڭ نەپەسىگە ئايلاندۇرۇپ، جەمئى-
يەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىپ تۆھ-
پە قوشىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەرقانداق ۋاقىتتا راست
گەپ قىلدى، ھەقىقەت ۋە ئەقىدە ئالدىدا تەۋرىنىشنى نو-
مۇس ھېساپلىدى. ئۇ، غايە ۋە ئېتىقاد يولىدا جان بېرىش-
كە رازى بولدىكى، يۆنىلىشكە قاراپ ئىش كۆرىدىغان
ئەقىدىسىز نەزمىكەشلەردىن بولۇشنى خالىمىدى. ئۇ ھەر-
قانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ غايە ۋە ئۈمىدىگە سادىق بولۇپ،

ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ بىلەن قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كۈيلەپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى، كۈرەش قورالى، جەڭ سىگنالىغا ئايلاندۇردى.

ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقىگە ۋە ئۇنىڭ پارلاق كېلەچىكىگە باغلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خەلقتىن باشقا ھېچقانداق ئۇتقۇزغۇچ خۇدا يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى مەدھىيىلەشكە، ئۇنى ئويغىتىش ۋە تەشكىللەشكە بېغىشلىدى. خەلقنى ئۆز كېلەچىكىنى ئۆزى يارىتىشقا قوزغاش، ئۇنىڭدا ئۆز كۈچىگە نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن چۆچۈمەي، زۇلۇم ۋە جاھالەتكە يالقۇنلۇق ئوق بولۇپ ئېتىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى خەلق - ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىدى. بارلىق كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك قالدۇقلىرىنى، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ۋە مەنىۋى زەئىپلىكلەرنى، تۇرمۇش ۋە ھاياتقا بولغان كونىچە قاراش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى شەپقەتسىز قامچىلىدى. ئۇ «پارىدىن يامبۇ تويىدىغان»، «ھارام يەپ، توڭگۇزدەك سەمرىگەن» چىرىك ئەمەلدارلارنى، «نېمە دېسە، ھە دەپ، باش ئۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان» مەنىۋى قۇللارنى، «ۋىجدانىنى بىر پۇڭلۇق ئەمەل»گە مىنىۋېلىپ، «ئەلنى پىرىگە» سالىدىغان يالاقچى، ساتقۇنلارنى، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا قارشى «ئىتتەك ھاۋشىيىدىغان» جاھىل - مۇتەئەسسىپلەرنى، تەقدىر تۇمانى بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان نەپسى بالا قازى - موللىلارنى، زۇلۇم ۋە زورلۇق ئالدىدا تىترەپ، «تەۋۋا - تەكبىر ئوقۇيدىغان» «ئالۋاستى باسقان» قورقۇنچاقلارنى، غەپلەت ئۇيقۇسىدا

«ئۆلۈكتەك قىمىرلىماي» ئۇخلاۋاتقان چۈشكۈن بەندىلەرنى،
قىسقىسى، يالغان ۋە تۆھمەت بىلەن تولغان جىنايەتلىك
كونا دۇنيانى چىن ۋە ھەققانىي شېئىرىيەتنىڭ غەزەپلىك لىرىك
يالقۇنىدا ئۆرتىدى. جەمئىيەتنىڭ ئۇيقۇمۇشلۇق تەبىقىسىگە
مەنسۇپ بولغان بىرمۇنچە ئادەملەر تېخى ئادەتتىكى ئابال-
لويىلار ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي تۇر-
غان بىر چاغدا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەردانە ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولغان ياڭ زېڭ-
شىن ۋە چىن شۇرېنلارنى ئەيتىڭگە قاراپ تۇرۇپ «تىل-
لىدى»، ئۇلارنى «پاخلاننى يۇڭىدىماي يەيدىغان» چىل
بۆرىگە، ئەلنى يالماپ يۇتىدىغان يالماۋۇزغا، ھەممىنى چەي-
لەپ نابۇت قىلىدىغان نىجىس قاۋانغا، «ئەلنى ئىڭرات-
قان» قانخور زالىمغا ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك
شائىرانە جاسارىتىنى ئىپادىلىدى.

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىمىزدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، شا-
ئىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — «مۇھىت ئاتلاس»دىكى يال-
غۇز كېمىدەك «تاغ كەبى دولقۇنلار» ئىچىدە قاڭقىپ يۈر-
گەن ئەلەملىك خەلقنىڭ «قەپەزدىكى بۇلبۇل»دەك ھەس-
رەتلىك سايراپ ئۆتكەن ۋاپادار شائىرى، «تۇپرىقى كۆز-
لەرگە سۈرمە، تەرىپى داستان» بولغان ئۇلۇغ يۇرتىنىڭ
قەھرىمان ئوغلى، «كۆزى تېڭىلىپ جوۋازغا قوشۇلغان سې-
رىق ئۇي»دەك ياۋاش ۋە چىدامىلىق خەلقنىڭ تۇيۇقسىز
پارتلىغان غەزەپ ۋولقانىدۇر. ئۇ — يېڭى زامان ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ۋەكىلى، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدە-
نىيىتىمىزنىڭ ئىپتىخارىدۇر. ئۇنىڭ مىللىي روھ ئۇرغۇپ
تۇرغان ئاجايىپ شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى

تۇرمۇش ۋە كۈرەشنىڭ، ئۇنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرىتى بىلەن ئۈمىد ۋە غايىسىنىڭ، غەزەپ ۋە نەپرىتى بىلەن چىدام ۋە غەيرىتىنىڭ پاك ۋە ئالىيجانابلىقى بىلەن ساددە ۋە ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىنىڭ، دانا ۋە ئەقىللىقلىكى بىلەن سەنئەت ۋە بەدىئىي پىكىر يۈكسەكلىكىنىڭ لىرىك خاتىرىسىدۇر.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭ ۋە كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن شانلىق ھاياتى بىلەن قايناق ئىجادىي ئەمگىكىنى پەقەت ئۇنىڭ «ياز تۈنى» ناملىق شېئىرىدىكى «كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار» دېگەن ئاجايىپ مىسراسى بىلەنلا خاراكتېرلەش مۇمكىن.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1926 - يىلى يازغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا «بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان، بېغىم باھارى گۈلىنى، ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن» دەپ يازغاندى. ئەپسۇسلى، شائىر بۇ ئۇلۇغ ئارمىنىغا يېتەلمىدى. ئۇنىڭغا ئۆز بېغىنىڭ باھار گۈللىرى ئىچىدە خەندان ئۇرۇپ كۈلۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇ، كۈرەش ئىرادىسى پۇرۇقلاپ قايناپ تۇرغان، يامرىغان كەلكۈندەك قۇدرەتلىك ئىلھام بىلەن ئىجاد قىلىپ، بەدىئىي پىكىر ۋە سەنئەت يۈكسەكلىكىنىڭ نۇرلۇق چوققىسىغا قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلەۋاتقان بىر چاغدا بىزدىن ئايرىلدى. ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ نەپرەتلىك دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ قىممەتلىك ھاياتىغا چاڭ سالدى!

شائىرنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ ئوتلۇق شېئىرلىرى شائىرنى ئىنسان ۋە شائىر سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنىڭ مۇناسىپ ۋارىسى

بولغان ۋىجدانلىق كۈيچىسى سۈپىتىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇلۇغ خەلققە تولۇقى بىلەن يېتىپ كېلەلمىگەندى. لېكىن بەختىمىزگە يارىشا ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يېڭى ھايات بەخش باھارىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ باي ئەدەبىي ئىجادىيىتىمۇ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى. ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىي مىراسلىرىدىن ھەقىقىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن، شائىرنىڭ بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى تېپىلىپ مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. لېكىن شائىرنىڭ تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان شانلىق ھاياتى ۋە باي ئەدەبىي مىراسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تېخى ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى داۋاملىق ئىزدەشكە، توپلاپ، ئېلان قىلىشتا، دەۋر خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ چوڭ ۋە ئالاھىدە تېما ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئورۇن بېرىپ، ئۇنىڭ شانلىق نامىنى ھەقىقىي مەڭگۈلەشتۈرۈپ، ئەۋلادلىرىمىز قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە، قىسقىسى، ئۇنىڭ باي ۋە جەڭگىۋار ئەدەبىي مىراسىغا تولۇقى بىلەن ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ — دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئېھتىياجىدۇر.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە خاسلىقى

مەھمۇد زەيدى

ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئوغلى ئۇيغۇر — يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جامائەت ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ، 20 - ۋە 30 - يىللاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تىل، ئۇسلۇب، ژانىر ۋە مەزمۇن جەھەتلەردىن يېڭى بۇرۇلۇشقا ئىگە قىلغان بىر نامايەندە ئىدى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلق شائىرنى ئۇنتۇغىنى يوق. شائىرنىڭ ئەل ئىچىگە تارقالغان ئەسەرلىرى ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان خەلقنىڭ قەلبىدە ساقلاندى. ئۇنى ياد ئېلىپ ناخشىلارغا ئېيتىپ كەلدى. «ئاچىل»، «شۇنىسىدا بىر گەپ بار» قاتارلىق ناخشىلار 30 - يىللاردىن تاكى بۈگۈنگىچە جاراڭلاپ، ئۇنى ئەسلىتىپ كەلدى.

شائىرنىڭ ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگەن شېئىرلىرىدىن قارىغاندا، بۇ شېئىرلار ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي شارائىتنى بەدىئىي جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار يېڭى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە سىڭىپ كىرىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شائىر مىللىي ئويغىنىش، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي

دوستلۇقنى پۈتۈن پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرگەن ۋە ئىجادىيە-
تىدە، ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېتودى رېئالىزىم
بىلەن رومانتىزمنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ژانىر ـ شەكىل
جەھەتتىن، قوشاق، مۇرەببە، رۇبائى، غەزەل ـ مەسنەۋى،
مۇخەممەس، مۇسەددەس ھەم ئەركىن شېئىر شەكىللىرىنى
قوللىنىپ، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ساھەسىدە يېڭىچە سە-
ۋىيە ياراتقان ۋە شۇ چاقىچە بۇ ساھەدە تولۇق كۆرۈلۈپ
باقمىغان جەڭگىۋار، رېئالىستىك، ئۈمىدۋار، كىشىلەرنى كونا
دۇنيادىن يىرگىنىپ، يېڭى دۇنياغا تەلپۈندۈرىدىغان ئەسەر-
لەرنى ياراتتى.

شائىرنىڭ تىل جەھەتتە خەلق ئاممىسىغا چۈشىنىشلىك،
ئاممىباب، ئوبرازلىق، ھەم نەپىس، ھەم چۈچۈك بولۇشتەك
ئانا تىل بايلىقىدىن ياخشى ئوزۇقلانغان. شۇنداق بولغان-
لىقى ئۈچۈن شائىرنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى خەلق ئاممىسى
بىلەن بىللە ياشاپ كەلدى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇنىڭ
بىرقانچە شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك ناخشىسىغا ئايلىنىپ،
ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ھەر قاچان پارقىراپ
تۇرىدىغان ئېسىل مەدەنىي مىراسى بولۇپ قالدى. شائىر-
نىڭ سىماسى بولسا، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تار-
ىخىنىڭ ئالدىنقى ۋارىقىدىن ئورۇن ئالماقتا.

شائىر ئاشۇ دەۋرلەردە خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىن
ۋە چۈشىنەرلىك، ئاممىباب يازما ئەدەبىيات تېخى بولمىغان
زامانلاردا بىرىنچى بولۇپ تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە
يېڭىلىق ياراتتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر يازما ئەدە-
بىياتىدا (ئايرىم ئەسەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئاددىي
خەلق چۈشىنەلمەيدىغان ئەرەب ـ پارس سۆزلىرى كۆپرەك

ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا، بۇلاردىن كېيىنكى پەرقـ
لەنگەن ھالدا چوڭقۇرلۇق ئىشلىتىدۇ. ئامما ئۇيغۇر جانلىق تـ
لىدا ئەسەرلەر يازغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تـۇرىدۇ. ئەدە
بىيات تارىخىدا شۇ نەرسە مەلـۇمكى، ئـۆز خەلقى ئـۈچۈن
ئۆچمەس تۆھپە يارىتىشنى كۆزلىگەن ھەربىر ئەدىب ئەڭ ئالدى
بىلەن ئۆز تىلىنى سۆيۈشى، ئانا تىلىنىڭ بـارلىق لـۇغەت
فوندىنى بىلىشى ۋە ئۇنى بېيىتىش يولىدا تىرىشىشى لازىم.
مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خـاس ھـاجىپنىڭ سـۆزى بىلەن
ئېيتقاندا، ئـەقىل - ئىدراكنىڭ گـۈزەللىكى تىل بىلـەن،
تىلنىڭ گۈزەللىكى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«قايسى بىر دەۋرگە خاس بولسا ئىنسان
ئېيتىدۇ شۇ دەۋرنىڭ ناخشىسىنى.
قايسى بىر سىنىپقا خاس بولسا شائىر
سۆزلەيدۇ شۇ سىنىپنىڭ خاھىشىنى.»

شۇنداق، 30 - يىللاردا ياشىغان شائىر ئـبدۇخالىق
ئۇيغۇر شۇ يىللارنىڭ ناخشىسىنى ياڭراتقان، ئەلنى ئۇيغـ
نىش ئۈچۈن تاڭ ئالدىدا چۇقان كۆتۈرگەنىدى.

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبۇ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
ئۆزگىلەر كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ، كەتتى يىراق،
مـەن مـىسالى يـالىڭاياغ، دەسسـەپ تـىكـەن
ماڭارمەن...»
(«غەزەپ ۋە زارەدىن»)

مانا بۇ دۇنياغا نەزەر سالغانلىق ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى كۆزەتكەنلىكتۇر.

شائىر «ياز تۈنى» دېگەن شېئىرىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى بىر خىل بەدىئىي ئالاھىدىلىكنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش تۈسى ئارقىلىق شۇ چاققىچە كۆرۈلمىگەن ياكى ئاز كۆرۈلگەن كۈچلۈك ئىنسان خاراكتېرىنى ئاچتى. بۇ شېئىر شائىرنىڭ جۇشقۇن ھاياتىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى ئىدى. كىچىككىنە بۇ شېئىر كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. ئالايلى:

«بار مەگەر شائىر غېرىپ، يالغۇز ياتار كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار.»

بۇ مىسرالاردىكى سېلىشتۇرمىنى ھەممە كىشىنىڭ ئىپتالىشى ناتايىن. كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار، دېگەن پىكىر شائىرانە پىكىردۇر. بۇنىڭ كۈچلۈك دەۋر كۆرۈنۈشى بار. ئۇنىڭدا تۇرمۇش بىلەن كۈرەش قوشۇلغان، شائىرنىڭ ئۆمۈر تارىخى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شېئىرنىڭ كۈچىمۇ شۇنىڭدا.

شائىرنىڭ «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن شېئىرىدا، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس گۈزەللىك، مىللىي پسىخولوگىيىلىك ھالەتلەر تېپىك ئىپادىلەنگەن. شېئىرنى ئوقۇساق، كۆز ئالدىمىزدا سۆزلۈك چىراي، سومبۇل چاچلىرىنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈگەن، قول - بارماقلىرىغا خېنە ياققان بىر قىز پەيدا بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئىنساننىڭ ساپ ۋە پاك قەلبى، ياخشىلىق ئۈچۈن ھەر قاچان كۆڭۈل دېرىزىسىنىڭ ئوچۇق بولۇشى

كۆيلەنگەن. سۇنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ دېگەندەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولىدۇ. مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يىلتىزى بولسا، شۇ مىللەت تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىدۇر. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، بۇ ئالاھىدىلىك ئالدى بىلەن تىلدا ئىپادىلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىنى سالدى. شائىر ئىجادىيىتىدە تىل ئوبيېكتنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلغان: «خېنە ياققان تىرنىقىڭ خۇددى بەدەخشەن لەئلىدۇر، قاشلىرىڭدۇر يېڭى چىققان خۇددى شەۋۋالنىڭ ئېيى...» دەيدۇ. قىزلارنىڭ چېچىنى سۇمبۇلغا، قېشىنى شەۋۋالنىڭ ئېيىغا ئوخشىتىشى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدىكى خەلقلەر 30 كۈن روزى تۇتقاندىن كېيىن، ھارپا ئاخشىمى ئۆگزىلەرگە چىقىپ يېڭى چىققان ئايغا قارايدۇ. ۋ ئاي ناھايىتى ئىنچىكە، ئەگىم بولۇپ، ئەتىكى خۇشاللىقتىن يەنى ھېيتتىن دېرەك بېرىدۇ. شەۋۋالنىڭ ئېيى دېگەن شۇ. دېمەك، شائىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ قېشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن بىر چوڭ مىللىي بايرامدىن دېرەك بېرىدىغان كۈننى ئەسلىتىدۇ. ئۇ يەنە:

«بىر قاراشتا گۈل يۈزۈڭگە ئاشىق بولدۇم بىقارار،
ئوخشىغان قات ـ قات كۆزۈڭ خۇددى ئېلېكتر يالتىرار»

دەيدۇ. يۈزنى گۈلگە ئوخشىتىش ئادەتتە ئەنئەنىۋى ئادەت بولسىمۇ، لېكىن كۆزنى ئېلېكتر چىرىغىدەك يارقىن نۇر چاچىدىغان قىلىپ سىپاشتۇرۇش ئالاھىدە بىر خىل ئىپادىلەش

ئۇسۇلى بولسا كېرەك. ئابېكتىر دېگەن بۇ سۆزنىڭ قوللىنى-
لىشى شائىرنىڭ ھېسسىياتىغا باغلىق ئەھۋالدۇر. چۈنكى،
شائىر يېڭى شەيئىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ
ھېسسىياتىمۇ ئىجادى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ
سىماسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە خىزمەت قىلدۇرۇلۇپ، بۇ سۆز
ئاڭلىق يوسۇندا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا قوبۇل قىلىنغان.
شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى يۈزلىنىشكە،
يېڭىلىققا يېتەكلىگەن. ھالبۇكى، جەمئىيەتتىكى يېڭى ئىش-
ھەرىكەتلەر ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا
پەيدا بولىدۇ. ئۇنى يازغۇچى ئاڭلىق ھالدا ئىجادىدا قول-
لىنىپ ئىستېمال دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ
ئاتالغۇ قېلىپلىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ

ھەر بىر شېئىرىدا بىر - ئىككى يېڭىلىق ۋە يېڭى سۆز
ئاتالغۇلار ئورنىنى تاپقان.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى خەلق ئىجادىيىتى بىلەن، يېڭى
دەۋر بىلەن باغلايدىغان ۋاستىلەر كۆپ ۋە ھەر خىلدۇر.
«خەلق قوشاقلىرى ۋە تەرمىلەردىن ئەينەن پايدىلىنىش
ماھارەت بەلگىسى ھېسابلانمايدۇ. ئەنئەنە - تەكرارلىنىش
ئەمەس، بەلكى راۋاجلاندۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ»① بۇ
نۇقتىنى تەدبىقلاپ كۆرسەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز
ئەسەرلىرىدە ئەنئەنىنى تەكرارلىمىغان، بەلكى راۋاجلاندۇر-
غان، بېيىتقان.

شائىرنىڭ «باردۇر» ناملىق شېئىرىدىمۇ قويۇق مىللىي،
ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىردا 20 - يىللاردىكى

---

① ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا «ۋەزىرلەر، تېپلوكېيىسى ۋە ئۇستازلار رەھنە-
رەھلىكى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇرغۇن ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. شېئىردا رايون ئالاھىدىلىكى بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكى «دەۋر روھى»، كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، موللا، مەزىن، ئاخۇن، شائىيۇ، دارىن، ئامبال قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھۈنەر - سانائەت، ئالىم - ئىنژېنېر، ئاپتوموبىل.... قاتارلىق يېڭى - كونا چۈشەنچىلەر بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىردىن ئازغىنە مىسال ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى:

«مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ - سەللا، ئەپسى بالا موللىمىز، سۇلتانىمىز باردۇر.

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە توتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە ئەي بۇ خۇدايىم دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي، ھاڭ - تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.

ئەل - يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلەر بىر كۈن، ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز
باردۇر.»

شائىر مەزكۇر شېئىردا ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ بىر ئاددىي ئەزاسى سۈپىتىدە، ئىلگىرى كەت-

كەن خەلقلەردىن كۆپ كەينىدە قالغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبلە-
رىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ ئۆتسىمۇ، شېئىرىدىكى ھېسسىيات-
نىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، بولۇپمۇ ئاخىرىدىكى ئۆزىنىڭ ئەل -
يۇرتىنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولالمىغانلىقىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇشى — ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى كىشىلەرنى تەسىر-
لەندۈرىدۇ. دېمەك، شائىر رېئاللىقنى توغرا كۆزەتكەن، دۇن-
يانى خېلى ئەتراپلىق تونۇۋالغان، دۇنيانى ئۆزگەرتىش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۇنيانى توغرا تونۇش كېرەك، شۇ
چاغدىلا ئۈنۈملۈك ئىش قىلغىلى بولىدۇ دېگەن داۋلىنى
چوڭقۇر چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك دەۋردىن ھالقىپ
كېتەلمەيدۇ. ئۇ بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش شەرت-شارائىتىنىڭ
ئىنكاسى ۋە يازغۇچىنىڭ مۇھىتتىن ئالغان تەسىراتىنىڭ
جەۋھىرى، دېگەن قائىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىدا رو-
شەن ئىسپاتلاندى. «دەۋر ئالاھىدىلىكى شەيئىلەردىن تاشقىرى
نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەت كونكرېت مىللەت، كونكرېت
سىنىپ، كونكرېت شەخسلەرنىڭ كونكرېت تۇرمۇش، ئىدىيە
ۋە ئىدىيەۋى ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك
دەۋر ئالاھىدىلىكى مول، رەڭدار مىللىي تۇرمۇش مەزمۇنى-
دىلا نامايان قىلىنىدۇ»①

شائىرنىڭ «بىر پەلەكنىڭ خەمكى» دېگەن شېئىرىدىمۇ
قويۇق مىللىي پۇراق ۋە مىللىي رەڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇ-
رىدۇ. سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە، تەنھا بىر يىگىت خىيالغا
چۆمگەن قىياپەتتە، تام تۈۋىدە بېشىنى ئېگىپ (ئىككى تە-

① «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تۈلىمى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر» ئىجادىيەت دەۋرلىرى، 1985 - يىل 13 - سان.

زىنى يېشىپ، بېشىنى ۋە قولىنى تىزغىنا تويغان هالدا ئولتۇرىدۇ. يىگىتنى ئۇچراتقان كىشى ئۇنىڭ قىياپىتىدىن دەردمەنلىكىنى بىلىدۇ، يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىش بىلەن سۆز باشلايدۇ. سالام قىلىش مىللىي ئۆرپ-ئادەتنى ئىنكاس قىلىشتىن دېرەك بېرىش ئۈچۈن ئېلىنغان.

«ئاستىلاپ بېرىپ يېقىن مەن ئۇڭا بەردىم سالام،
ئېمىدۇر، دەردىڭ سېنىڭ دەپ باشلىدىم ئاۋۋال كالام.

ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، رەھمەت ساڭا، سورىما، دېدى،
قوزغىما كونا كېسەلنى، كەت نېرى، تۇرما دېدى.»

شۇنداق قىلىپ، بۇ كونا كېسەل - گۈلخۇمار يىگىت خىزىر بىلەن ئۇچرىشىپ باغنى، باغۋەننى ئىزدەپ ماڭغىدەكەن. بۇ سىيۇژىتنى ئاپتور چۆشنى ئۆرۈش ئارقىلىق ئانات يايدۇرىدۇ. چۈشكە تەبىر بېرىش، كېلىدىغان ئىشلارنىڭ كىشى چۈشىگە مەلۇم بولۇشى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنە ئىدى. شائىر بۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا گۈلخۇمار، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىپادىلەش، باغنى بولسا، يۇرت - ۋەتەن ئورنىدا قوللانغان دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىدا بۇ ئەنئەنىمۇ تەبىئىي بىر هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاپتور شۇ زامانىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەردىن ۋە تارىخىي ئەنئەنىلەردىن ئىجادىي هالدا پايدىلانغان ۋە فانتازىيە ئاساسىدا خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتقان مىلىتارىستلارنى يوقىتىشنى كۆزدە تۇتقان.

«ئەي ئاداش چۈشۈڭدە كۆرگەن شوم پەلەكنىڭ تەقدىرى،
ئوڭۇڭدا كۆرگەنلىرىڭنىڭ چۈشۈڭدىكى بىر تەمسىلى»

دېيدۇ شائىر. دەرۋەقە، سالام قىلىش، رەھمەت ئېيتىش، خىزىرغا يولۇقۇش، چۈشكە تەبىر بېرىش، گۈل، باغۋەن، قاۋان، ئالۋاستى، ئەسلى ـ ۋەسلى ... قاتارلىق سۆزلەر ۋە بۇ سۆزلەرگە بېرىلگەن رەڭ، تۈس، پىكىرلار ئەسەرنىڭ ئۈمۈتسىزلۇنالىقىنى، مالالىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. شائىر «ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئېگىزدىنى تەشكىل قىلغان مەلۇم ئاساسلارنى، چۈشەنچىلەر يىغىندىسىنى ئانا سۈتى بىلەن بىرگە ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، شۇ تۇپەيلى ئۇ يا فرانسۇز ياكى نېمىس ۋە ياكى رۇس ۋە ياكى باشقا بىرەر مىللەت ۋەكىلى بولۇپ يېتىلىشىدۇ»①.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا يەنە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىمۇ، ھېكمەتلەرمۇ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «ھېلى بارنىڭ ھېلىغا، ھېلى يوقنىڭ جېنىغا (كېلىدۇ)» دېگەن تەمسىلنى شائىر ئۆز شېئىرىدا مۇنداق ئىشلەتكەن:

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان خەلق ئىچىدىكى ھەر خىل سۆز ـ ئىبارىلەرنى

---

① بېلىنسكىنىڭ ئۆزبېكچە «تاللانغان ئەسەرلەر»، «تەنقىد ھەققىدە نۇتۇق» دېگەن ئەسەرىدىن ئېلىندى.

مەسىلەن، بەخت يۇلتۇزى، ئۈمىد كەبى، ئۆمۈر باھارى، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، ئەلنى غەمدىن خالاس قىلىش، شور پېشانە، ياقىدىن ئېلىش، ئىت ئۆرگانى تونۇيدۇ، ھەقىقەت لازىسى ئاچچىق ... دېگەندەك ئىبارىلەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، دەل جايىدا ئىشلىتىپ، ئۆز شېئىرلىرىغا پىكورا ۋە ئۆزگىچە تۈس بېرىپ، شېئىرلىرىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ـ بەدىئىي غايىسىنى ئورلاندۇرغان.

«زامانە زورۇ زومبۇنىڭ، تاماشا ھەم راسا كورنىڭ،
خېرىدارىنى خوش قىلدى، ياراپ مالى قەسەمخورنىڭ،
مەردكە چاپلىماق بوھتان، تارىخىي كەسپىي قەسەمخورنىڭ،
ھامان تەتۈرسىگە ماڭدى پەلەك، پېشانىسى شورنىڭ.
ئالمىسام بىر كۈن ياقاڭدىن، ئالارمەن تاڭلا قىيامەتتە.»

بۇ مۇخەممەستە خەلق دانىشمەنلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى زومىگەرلەرنى پاش قىلىپ ئېيتقان «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگەن سۆزلىرىنى دەل جايىدا قوللىنىپ، ئەمگەكچى خەلق بىلەن ئوخشاش مەيدان ۋە كۆز قارىشىنى ئىنتايىن جايىدا ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن، خۇددى ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئەدىبى لۇشۈن ئېيتقاندەك، «... ئىشلەتكىنى تولىمۇ ئاددىيتىنكى ماتېرىيال، لېكىن ئىشلەپچىقارغىنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چىرايلىق مەشۇت ...» بولغان. شۇنىڭ بىلەن شائىر شېئىرىي تىلىنىڭ نەپىسلىكى، پىكرىنىڭ ئېنىق ۋە توغرا بولۇشى، ئوبرازىنىڭ گۈزەل ۋە زوقلىنارلىق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا قوياشنى ئۇلۇغ-

لايدىغان ئادەت بولغان. بۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەمەلىيەتتە، ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىدۇ قەدىمدىن تارتىپلا قۇياشنى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەيدىغان ئېتىقاد بار. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا قۇياشقا بولغان كۆز قارىشىنى ئاددىيلا يېزىپ قويمىغان. ئۇنى ناھايىتى بەدىئىي، نەپىس تىل بىلەن يېزىپ، يېڭى بىر مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«قۇياشنىڭ تەمكىنى باردۇر، ساچۇر نۇرىنى داۋام ئەيلەر،
سۇباتى يوق بۇئۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ؟
جاھالەت بۇلۇتى توستى، قۇياشنى ھېچ كۆرۈپ بولماس،
ئەگەر بولمىسا ھازىرلىق، بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟»

بۇ شېئىرىدا ئومۇمىي ھاياتنى جاھالەتلىك زامان بىلەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىغان. بوران ھەممىنى سۈپۈرۈپ كەتكەندەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىنقىلاب ئاخىر مەيدانغا كېلىدۇ دەيدىغان پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدىكى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان گۈللەرگە ئوخشايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇردا گۈزەل غايە، ئۇستۇن ماھارەت بولغان. ماكسىم گوركى: «ئىنساننىڭ ئارزۇ - تىلىكى قانچە ئۈستۈن بولسا ... ئۇنىڭ قابىلىيەت ۋە تالانتى شۇنچە چاپسان راۋاجلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان ئاشۇ يىللاردا ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىپ ئىلغار ئىدىيىنى بەدىئىي شەكىللەردە ئوتتۇرىغا قويۇشى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-

نىڭ ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىمكى،
ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيسە، كېلەچەك شۇنىڭكى بولىدۇ. ئەكەل-
گۈسى پەقەت ئۇسلۇبقا ئىگە كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ». شائىر
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇستەقىل ئۇسلۇب ياراتقان. ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تالانت ئىگىسى. بىز ئۇنى مەڭگۈ
قەدىرلەيمىز. ئۇنىڭدىن ئۆگىنىمىز.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولالامدۇ؟

ئىسمائىل تۆمۈرى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدە گەپ ئېچىلغاندا، بىزدە ھازىر يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى «ئۇلۇغ»لاپ كۆرسىتىدىغان بىر خىل خاھىش بار. دەرۋەقە، تارىختا ئۆتكەن يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ تولىسى بىزگە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىمىز تەبىئىي ئەھۋال، چۈنكى، ھەر بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئورغۇنلىغان شائىر - يازغۇچىلارنىڭ بەلگىلىك تۆھپىسى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە. ئەمما، شۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈركى، تارىخىي مەدەنىي بايلىقلىرىمىزنى ياراتقۇچىلارنىڭ ئېچىدىكى ۋەكىللەرنىڭ تۆھپىلىرىنى، جۈملىدىن ئەدەبىي بايلىقىمىزنى ياراتقۇچى ناماياندىلەرنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدە، چەك ئۆلچىمى، دەرىجە پەرقى بولۇشى كېرەك. مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر بىرقانچە ھەتتا ئون نەچچە كىشى بولۇپ گەۋدىلەنسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر

ياكى ئىككىسىلا بايراقدار، قالغانلىرى ياندىشقۇچىلار ھېساب-
لىنىدۇ.

بۇ ماقالىدە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسچىسى دېيىشكە بولامدۇ - يوق؟ دېگەن پىكىرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرىمىز.

ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بولىدۇ. ناۋائىي دەۋرىدىن تاكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىكىدىكى دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىگىچە بولغان ئۇزاق بىر مەزگىلدە، خەلق ئىچىدە زاماندىن زارلىنىدىغان، رېئاللىق ئۈستىدە شىكايەت قىلىدىغان ئىدىيىۋى ھالەت بىر خىل ئومۇمىي كەيپىيات ھالىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى. بۇنداق كەيپىياتنى ئۇزاق ئۆمۈر سۈرگەن فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، مانا مۇشۇنداق ئومۇمىي كەيپىيات فېئوداللىق دەۋرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ئورتاق تېما بولغان. شۇنىڭدەك، شۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يارىتىلغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدا، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەش، فېئودال جاھالىتىگە قارشى ئادالەتنى، ۋاپادارلىقنى ۋە پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى تېما ئورتاقلىقى ئىدى. لېكىن، ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئورتاق تېمىنىڭ ئېچىلىشى، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇق

دەرىجىسى مۇئەييەن دەۋردە ئوخشاش بولمىغان، چۈنكى
ھەر قايسى دەۋردىكى ئىجتىمائىي شارائىت، يازغۇچى -
شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىدى،
بولۇپمۇ، ئەڭ مۇھىمى، ھەر قايسى دەۋردە ياشىغان يازغۇ-
چى - شائىرلارنىڭ رېئاللىقنى كۆزىتىشى ۋە تەھلىل قىلى-
شى ھەم شۇ رېئاللىق توغرىسىدىكى باھا چۈشەنچىلىرى بىر
خىل بولمىغانلىقتىن، ئۇلار رېئاللىقنى بىر - بىرىگە ئوخ-
شىمايدىغان نۇقتىدا تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

ھالبۇكى، بۇ خىل ئەھۋال دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋ-
رىدىكى ئەدەبىياتىمىزدا تۈپتىن ئۆزگىرىپ، رېئاللىقنىڭ
ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە دەل ئېچىپ
بېرىلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا خېلى
ئىلگىرىلا مەيدانغا كەلگەن تەنقىدىي رېئالىزم مېتودى بۇ
دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى
ساھەلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە ئۆز رولىنى يەنىمۇ جارى
قىلدۇردى. نەتىجىدە، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەدەبىي
ئەسەرلىرىمىزدە، فېئودالىزمنىڭ چىرىكلىكى رەھىمسىز ئېچىپ
كۆرسىتىلىشكە، مىللەتنىڭ ھايات بەدىنىدىكى ئىللەتلەرپاش
قىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك يېڭى ئەدەبىي خاھىش بارلىققا كې-
لىشكە باشلىدى. گەۋدىلىك بىر نۇقتا شۇكى، بۇ دەۋر ئەدە-
بىياتىدا دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈ-
رۈش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇنداق
ئەھۋال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تېپىپ،
ئەينى دەۋردىكى چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي ۋەقەلەر — دېھقانلار-
نىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىنى، بۇ كۈرەش جەريانىدا بار-
لىققا كەلگەن قەھرىمانلىقلارنى كۈيلەشنى تېما قىلغان قوشاق ۋە

داستانلارمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. قىسقىسى، دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېمىلار — خەلقنى مۇستەملىكە ئاسارەتكە، قالاقلىققا، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشقا، قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇشقا، غەپلەتتىن ئويغىنىشقا، مەرىپەتپەرۋەرلىككە يۈزلىنىشكە، نادانلىق ۋە نادامەتكە، زۇلۇم - زۇلمەتكە، زورلۇق - زومبۇلۇققا قارشى ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىشقا، ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىككە دەۋەت قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى.

«ھەر قانداق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئورغۇن ئەدىبلەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن مىللەت مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئورغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى شۇ دەۋرنىڭ پۈتۈن بىر ئەدەبىيات خەزىنىسىنى تولدۇرۇپ، ئەدەبىي بايلىققا ئايلىنىدۇ. لېكىن، ھەر دەۋر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەدىبلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نامايەندىلەرمۇ بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى ئاشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ»①. دەرۋەقە، دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەنلەردىن ماۋراخۇن بىننى ئابدۇلقادىر يېگىسارى (ناقىس)، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى، موللا نازىم، موللا نىيازى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق)... قاتارلىق شائىر - ئەدىبلەر

---

① ئۇيغۇر [illegible] زامانىنىڭ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» [illegible] لېكسىيىلەرە دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

بىزنىڭ ھازىرقى زامان بابىدا
بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئەدەبىياتىنى شۇ دەۋر —
بۇلار ئىگىلەيدۇ. مۇئەييەن ئورۇن ئۇلارنىڭ ئەدەب-
تۆھپە قوشقانلار. شەكىللەندۈرۈشتە مۇئەييەن
ھەرىكىتىدە ئىككى جەھەتتە ئەمەلىي ئىجادىيىتى ۋە
بىرى، ئۇيغۇرلاردىن جەھەت-
تىن ئورتاقلىق مەۋجۇت: ئەكس ئەتتۈرگەن ئېپما
خەلقىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز شائىرلار بۇ ئورتاقلىق، دىنىي خۇرا-
قارشى كۈرىشىنى، ئىستىبداتلىققا پېئودالىزم ۋە ئازادلىق
ئۈمىدىنى، ھۆرلۈك ۋە ئارزۇ - پاتلىقتىن قۇتۇلۇش
دېموكراتىيە ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك
ئىنتىلىشلىرىنى، ھالدا ئەكس بولغان
مەركەزلىك تەلپۈنۈشلىرىنى ئاڭدىن ئۆي-
دەۋرگە بولغان كونا خەلقنى ئۇلار
ئەتتۈرگەن. ئەڭ مۇھىمى، بىر تەرەپتىن
ئەكس ئەتتۈرگەن، يەنە بىر
خىتىشىنى ئاساسلىق تەلپىنى توغرا
شارائىتتا دەۋر ئېيتقاندا شائىرلىرىمىز
ئاشۇ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتتا يېڭىچە
تونۇپ يەتكەنلىكتىن، ھەرىكەت قىلغان.
ھەرىكەت يولىدا ئۆچمەس يولىنى ئەدەبىياتىمىزنى
مەرىپەت دەۋرىدىكى ئىنقىلاب دېموكراتىك
يۇقىرىدىكى شا-
ئوينىغان رول مۇئەييەن شەكىللەندۈرۈشتە ئەكس
ماھىيەتلىك بىر نۇقتىنى ئىرلارنىڭ رېئاللىقتىكى
شائىر موللا نازىم موللا
تارىخشۇناس ۋە ئەتتۈرگەنلىكىنى
«ئويغان ئويغىدىن» ناملىق
1921 - يىلى يازغان «ئويغىنىش نىيازىنىڭ
(تەۋپىق)نىڭ توختاجى
شېئىرىدىن. مەمتىلى شائىر قۇتلۇق ھاجى
شېئىرىدىن. ناملىق شېئىرىدىن،
ئەھلى ۋەتەن» ناملىق ئۆز ئەمدى» ناملىق شېئىرىدىن
شەۋقىنىڭ «قېرىنداشلار، «ئويغان» ناملىق ئويغۇرنىڭ
شائىر ئابدۇخالىق ئويغۇرنىڭ
ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز①.

① بۇ شېئىرلار «ئويغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن ئېلىنمىلەر»، «ئابدۇخالىق ئويغۇر شېئىرلىرى» دېگەن كىتابلاردا ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 86 - يىل 11 - سانىدا بېرىلگەن.

دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشتە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاشۇ بىر قىسىم ئامايەندىلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدىكى ئورتاق كەيپىياتنى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە مۇئەييەن ئورتاقلىق بارلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتۇق. ۋەھالەنكى، شۇ شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدىن بىر - ئىككى نۇقتىنى ئاساسلىق ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ھەر قايسى شائىر - يازغۇچىنىڭ ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتى، سەرگۈزەشتىسى، بىلىم سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى، تەربىيىلىنىشى، جەمئىيەتنى كۆزىتىشى، شۇنىڭدەك ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا مەلۇم پەرق بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ھايات كارتىنىسىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك كەڭ ۋە چوڭقۇر ھەم ئېنىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە قادىر بولالىغان ئەمەس، شۇندىقلا خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋرگە خاس بولغان ئومۇمىي پسىخىكىسىنى، ئاڭ ئالاھىدىلىكىنى جانلىق ھەم روشەن يورۇتۇپ بېرەلىگەن ئەمەس.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دەۋردە، بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى قاتتىق تەقىپلەنگەنىدى ھەم دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى جاھالەت قاپلىغانىدى. شائىر سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ شۇنچە ئېغىر ھەم ناچارلىقىغا قارىماي، ھەر خىل يوللار بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە چىقىدىغان، ئىلغار پىكىرلەر تەرغىب قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ژۇرناللارنى

قولغا چۈشۈرۈپ ئوقۇپ تۇرغان؛ سودا ئىشلىرى بىلەن رو-
سىيىگە بېرىپ ــ كېلىش پۇرسەتلىرىدە، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى-
نىڭ ئالدى ــ كەينىدىكى چوڭ ــ چوڭ ئىجتىمائىي ۋەقە،
ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ تۇرغان؛ كۆڭلىدە شىنجاڭ ۋەزىيىتى،
جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرنى
مۆلچەرلەپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ، سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرگەن،
ئۆز مۇھىتىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى چوڭقۇر كۆزەتكەن،
تەھلىل قىلغان. شائىر مۇشۇنداق بىر قاتار كۆزىتىش، سې-
لىشتۇرۇش، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي
تۇرمۇشقا بولغان دەسلەپكى تونۇشىنى، جەمئىيەت تەرەققى-
ياتى توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن.
شائىرنىڭ ۋەتەن خەلقىنى زۇلمەتلىك كۈنلەردىن
قۇتۇلدۇرۇپ، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى-
نىڭ شەكىللىنىشىگە دەسلەپ سۇن جۇڭشەننىڭ سەنمىنجۇ-
يىسى (ئۈچ مەسلىكى) تەسىرلىك رول ئوينىغانىدى. بىراق،
شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، فېئودال خانلىق تۈزۈم بىكار
قىلىنغانلىقى ئايان بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىنقىلاب
جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۈزۈل ــ كېسىل ئۆزگەرتەلمىدى.
پومېشچىكلار سىنىپى جاھانگىرلارنى ئۆزىگە ھىمات قىلىپ،
شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ،
فېئودالىق تۈزۈمنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالغانلىقتىن، شۇن-
داقلا مەملىكىتىمىز يەنىلا بىرلىككە كەلتۈرۈلمەي، مىلىتارىست-
لارنىڭ بۆلۈپ ئىدارە قىلىشىدا تۇرغانلىقتىن، ۋەتەننى
قۇتقۇزۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى شائىر كېيىنچە روسىيە
زېمىنىدىن ئىزدىگەن. شائىر سۇن جۇڭشەن مەسلىكىنىڭ
رېئاللىققا ئايلىنىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى:

«ھەر سەگدا① قىلدى دۇ - دۇ②،
ئۆز ئالدىغا ئىدارە،
جۇڭشەننىڭ③ سۆزلىرىنى
سانىماي بولار قاتارە.

سەنمىنجۇيى يىپىلدى،
قىلماي ئەمەل ۋە كارە،
بولدى جۇڭگو ئاخىرى
يىگىرمە ئىككى پارە④.»

دەپ ئىزھارلىسا، ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — لېنىن باشلىغان ئىنقىلاب يولى ئىكەن، دەپ تونۇيدۇ. بۇنداق ئىدىيىۋى خاھىش شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدا كۆرۈلىدۇ:

«ھەقىقەت روھى قىچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
نە بولدى، خۇش پۇراقى ھېچ كەتمەدى بۇ دىماغىمدىن.
ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم ھېچ شەجەن - رۇجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم - دە ئاخىر، لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.»

شائىر ئەنە شۇ لېنىن يولىنى ئۆز خەلقىگە تونۇتۇشتا، ئالدى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ

① ھەر تۈلكىدە.
② تۈلكىنىڭ ئەللىك چوڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارى
③ جۇڭ شەن — سۇن جۇڭشەن.
④ جۇڭگونىڭ ئەينى زاماندا 22 تۈلكىگە بۆلۈنۈپ ئىدارە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ماھىيىتىنى خەلققە تونۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن شۇ قىسمەتتىكى كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللاردىن ئىزدەيدۇ. شائىر مۇشۇ نۇقتىدا، ئالدى بىلەن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى، فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«ياڭ① نىڭ خىيالى باشقا،
ئۇستا ئىمدى تالاشقا.
ئۇستا ئىمدى ئەل ئارا
تۇرلۇك نىزا باشلاشقا.

ياغىنا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۆرى پاقلان تاپقاندەك،
يوقىدىمايلا يەپ كەلدى.

يەتتە باشلىق يەلماۋۇز،
مەھكەم تۇرنىشىپ ئالدى،
تىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تيەنجىندە جاي سالدى.»

بۇ مىسرالاردا تەسۋىرلەنگەن ياڭ زېڭشىنىڭ ئوبرازى ئەكسىيەتچى، چىرىك فېئودال ھۆكۈمرانلار، خىيانەتكار ئەمەل-

① ياڭ — ياڭ زېڭشىن.

دارلارنىڭ ئومۇمىي سۈرىتى ئىدى، خەلقنىڭ يوقسۇللۇق، چاپالىق، زۇلمەتلىك كۈنلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق سەۋەبىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر تىل ۋاستىسى بىلەن ئېچىپ كۆرسەتكەن. شائىر ئىككىنچى بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى شائىر، بىر تەرەپتىن، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن دەپ ئىزاھلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي چۈشەنچە - ئەقىدىلەرنىڭ كاساپىتىدىن دەپ كۆرسىتىدۇ:

«بار ئىدى قازى - موللا
ئۈستىدە تونۇ سەللا.
ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ،
دەپ چىقاردى پەتىۋا.»

«ئىزلىدى ھۇما قۇشىنى كۈندە ئاسمانغا قاراپ،
كەيپىيات بولغانى شۇ، ھۇما بۇلارنى ئىستىمەس.»

شائىر خەلقىمىزنىڭ شۇ تارىخىي شارائىتتا زۇلمەتلىك كۈنلەرگە قېلىشىنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبىنى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلايدۇ ۋە بۇنداق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن خەلق كونا ئادەتتىن قول ئۈزۈپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى خاھىشى تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئىپادىلىنىدۇ:

«پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر - جەدىت دەپ قار-
غىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.
.. .. .. .. .. .. ..
ئىلىمۇپەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ-
خەتەر،
ھالىمىز قولدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.»
(«غەزەپ ۋە زار»دىن).

«ئوت ھارۋىسى بىلەن ياكى ھاۋا كېمە بىلەن
يول يۈرۈش - يۈرمەك يولىن تاپقانىڭكى.
چۆل ئارا غەپچەگىلىتىپ، يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق ھارۋىغا كالا قاتقانىڭكى.
... ... ... ... ... ...
ئىلىمۇپەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كۆكرەك كېرىپ، تەدبىر - ئەقىل تاپقانىڭكى.
پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ زەبۇن ياشىماق ئەرسا - تەتۈر نادانىڭكى.»
(«ھار» ماۋزۇلۇق شېئىردىن).

«سىلەرگە ماددىي خالتام يوق، مەنىۋى خالتام شۇدۇر،
دوستۇم،
جاھان بەك كۆپ ئۇزاپ كەتتى، جاھالەت ئۇيقۇدا
ئۇيغۇردۇم،
ئويغىنىش ئاچقۇچىنى ئىزدەپ بۇلىڭغا خېلى قايغۇردۇم،

«پەن ـ ماتارىپ ھەممىدىن ئەلا دېدىم، شۇنى ئىشقا ئاشۇردۇم،
ھەممىڭلارغا سالامىم شۇ، قالدى گەپ بولسا ـ يار ـ يۆلەكتە.»

(1928 ـ يىلى قارا شەھەردىن تۇرپانغا ئەۋەتىلگەن «سالام خەت»تىن)

«ياۋاشلىقنىڭ دۈشمىنى كۆپتۇر، ياۋاشلىق بىر بىلىمسىزلىك،
بىلىمسىزلىك ـ جاھالەتتە ياشاش مۇمكىنمۇ ـ قانداقمۇ؟»
(«ئىچ پۇشۇش» شېئىردىن)

شائىر، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلمىغاندا، خەلقنىڭ كۈنى بارغانچە ئېغىرلىشىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئەۋلادلارنىڭ ھال ـ كۈنىمۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

ئوقۇتماي باللارنى ئويىنىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئەستا! بۇ باللار ئاخىر يېرىم ناننى تاپالغايمۇ؟
ئوقۇغۇلار، ئوقۇتقۇلار، ھاۋا ھەم ئەۋزانىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟»
(«ئۈزۈلمەس ئۈمىد»دىن).

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مانا شۇ نۇقتىلارنى خەلققە تونۇتۇش، چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھارماي تىرىشقان، ئاندىن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ شۇ ھالەتكە يېتىشكەن-

لىكىنى خەلقىمىزگە تونۇتۇشنىڭ ئاساسىنى ھازىرلىغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى، خەلقىنى كۈرەش يولىغا ـ قەد كۆتۈرۈش يولىغا ئاتلاندۇرىدىغان ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىدا، ئۆزى ياشىغان مۇھىتتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي بېسىملارغا ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ زورلىشىغا قارىماي، ئۆزگىچە يول تۇتقان ۋە بۇ يولدا قەتئىي مېڭىپ، ئاخىردا قىممەتلىك ياشلىق ھاياتىنىمۇ پىداكارلىق بىلەن تەقدىم قىلغان. شا-ئىرنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئۈس-تىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئازادلىق ـ ھۆرلۈككە ئېرىشىشنى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئى-لىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۈزلىنىشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى قاششاقلىق ۋە خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشنى قىزغىنلىق بىلەن تەشەببۇس قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋر-دىكى كۆلپەتلىك كۈنلەرگە قېلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇب-يېكتىپ سەۋەبلىرىنى ھەر تەرەپلىمە شەرھلەش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى تەدرىجىي يۇسۇندا دېموك-راتىك ئىنقىلاب ئىدىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ باردى. ئۆ-زىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرىنى خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مىللىي ئېڭىنى، ئومۇمىي پىسخى-كىسىنى جانلىق رەۋىشتە سىزىپ كۆرسىتىش ۋە بۇنداق ئاڭدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈش ئۈچۈن مەرىپەت يو-لىغا مېڭىش، مەرىپەت يولى ئارقىلىق زامانىۋى ئاڭنى يې-تىشتۈرۈش، زامانىۋى ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكى ئاساسىدا كۈ-

رەش يولىغا مېڭىش، كۈرەش يولى ئارقىلىق ھۆرلۈككە ئې-
رىشكەن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئازادلىق تېڭىغا يېتىشكە
مەركەزلەشتۈرىدۇ.

بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان نۇق-
تا شۇكى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتتا
ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى ھېسا-
بىدا ، خەلقنى بوغۇشلاپ تۇرغان ئىككى چوڭ زەنجىرنى
ئۈزۈپ تاشلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن.
ئۇ، ئۆزىنىڭ قوشاق شەكلىدە يازغان دەسلەپكى ئاددىي
قۇرۇلمىلىق شېئىرىدىلا فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ بىر تىپى،
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولغان ياڭ-
زېڭشىننىڭ مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان جىنا-
يىتىنى، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتەك شۇملۇقىنى، خەلق-
نى تۇيغۇزماي شىلىۋېلىش ھىيلىسىنى، خەلقىمىز ئارىسىدا
ياشاۋاتقان دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان فېئودالىزمنىڭ مە-
نىۋى كۆپپاكچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلقنى غەپلەتتە
قالدۇرۇشتەك سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدەك خەل-
قىمىزگە تارىخىي جەريانلاردىن سىڭىشىپ ئورناشقان تەق-
دىرچىلىكتىن ئىبارەت ئىدىيىئالىستىك قاراشلارنىڭ، ئۆز ئى-
چىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارى-
دىغانلىقى بىلەن ئەينى زاماندا كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ
ئالاھىدە، تەرەپلىرىنى بۇنداق بىرقانچە جەھەتكە يىغىن-
چاقلاش مۇمكىن:

شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ

بىر پۈتۈن مەزمۇنىغا پەلسەپىۋى نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ
گەرچە ماركسىزمچى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ھاياتتى-
كى ھاكىمىلىق بىلەن مەھكۇملۇق، قالاقلىق بىلەن ئىلغار-
لىق، قاششاقلىق بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىك، تەقدىرچىلىك
بىلەن ئىجادچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
ھالدا شەرھلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئىلغارلىققا
ئىنتىلىش روھىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر تەنقىدىي رېئالىزملىق مېتودنى قوللىنىپ، ئەيى-
نى زامان رېئاللىقىنىڭ ئىللەتلىرىنى، خەلقنىڭ ئېڭىدىكى
قالاقلىقنى، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، قالاق
تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ، دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ مەنىۋى كىشەن
ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ بەرگەن، گۈزەل
غايە، كېلەچەك تۇرمۇشنى، ھۆرلۈك ھايات ھەققىدىكى تە-
سەۋۋۇرلىرىنىمۇ ئىپادىلەپ بەرگەن.

ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە
كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنىنى، خەلق قوشاق
شەكىللىرىنى، رۇبائىيچىلىقنى ئۆزلەشتۈرگەندىن تاشقىرى،
يەنە خەلق چۆچەك - رىۋايەتلىرىدىكى ھۇما قۇش، يالماۋۇز
پەرى، خىزىر... قاتارلىق ئوبرازلار ۋە بەدىئىي ۋاستىلەر-
دىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، بۇ تەرەپلەرنى يېڭى ئىجتىما-
ئىي مەزمۇننى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلدۇرغان بۇنىڭغا بىر-
ئىككى مىسال:

«كۆرسە مەجنۇن ئۆشبۇ ھالىمنى تېخى مەجنۇن بولۇر،
ياكى پەرھات كۆرسە ھالىمنى يامان مەھزۇن بولۇر».
(«مەرسىيە»دىن)

«ئاپىرىن شائىر فۇزۇلى، قۇددۇسۇللا ئاپىرىن.»

(«مەرسىيە»دىن)

شائىر بۇ «مەرسىيە» ماۋزۇلۇق شېئىرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالىرىدا ئۆزىنىڭ ھىجرانلىقتا ئۆتۈۋاتقان روھىي ھالىتىنى خەلق رىۋايەتلىرىدىكى «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شېرىن» لەرنىڭ ھالىغا ئوخشاتسا، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرىدا (تۆتىنچى مىسرانى ئەمەلىيەتتە شائىر يېپىق قالدۇرغان) شائىر فۇزۇلىنىڭ «مۇھەببەت بىر بالادۇر كىم، گىرىپتار بولمىغان بىلمەس» دېگەن مىسراسىنى بىشارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىنھانلىق ئىچكى ھېسسىياتىنى ئېچىپ بەرگەن.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەنمىنجۇيىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قارا شەھەرگە بېرىپ ئالتە ئاي كۇرسقا قاتنىشىدۇ. گەرچە سەنمىنجۇيى بىر خىل ئىلغار مەسلەك بولسىمۇ، لېكىن شۇ قېتىملىق كۇرستا گومىنداڭچىلار ئۇنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭ ئىلغار مەزمۇنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. شائىر مانا شۇ خىل ئەھۋالنى خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئالدار كۆسەنىڭ شەيتان بىلەن دەممۇ دەم مىنگىشىپ سەپەر قىلغانلىقنى بىلەن تەققاسلاپ، ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«كۇرستىن يېڭىلىق كۈتسەك، كونا مۇقامى يەنە لاي، لاي،
شەيتان شاللىغا مىنگەندەك، داي ـ داي، سوڭرە ناي، ناي.»
(قارا شەھەردىن تۇرپانغا ئەۋەتىلگەن «سالام خەت» تىن).

بۇنىڭدىن باشقا، شائىر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى-
دە ئوخشىتىش، سىمۋوللاش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش، جانلاندۇ-
رۇشتەك ئەنئەنىۋى ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىنمۇ مۇۋاپىق
پايدىلانغان، كېزى كەلگەندە، تارىخنى ۋە ئەجدادلارنىڭ
شانلىق ئىش - ئىزلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە، شائىر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيىتى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارنى تەربىيە-
لەش، كۈرەشكە ئۈندەش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ غايىسى، مەق-
سىتى ۋە ئارزۇسىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا ماھىرلىق بىلەن
سىڭدۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە يېڭى كۆز
قاراش، يېڭى پىكىر، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە ئىلھاملار ئىدىيە-
ۋى خاھىشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، كلاسسىك ئىبارىلەر،
دىنىي ئۇقۇملار، ئابستراكت - مەۋھۇم سۆز - جۈملىلەر-
نى ئىمكان قەدەر ئاز ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ جانلىق ت
بىلەن، ماقال - تەمسىللەر بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپ
لىگەن. بولۇپمۇ شائىر تىل ئىستېمالىدا ماقال - تەمسىل-
نى قوللىنىشقا كۆپ ئېتىبار بەرگەن. بۇنى تۆۋەندىكى
مىسرالاردىن كۆرىمىز:

«ئەقىلسىزلەر تېپىپ قۇۋۋەت جاھان ئاسايىشىن بۇلغار،
كوزا سۇندۇرغان ئېزىزۇ، سۇ كەلتۈرگەن خار - زار.»
(«دەردى دەۋران» دىن)،

«ئابدۇخالىق ئوتتا كۆي، يا سۇدا ئاق، ۋەسلىگە يەت،
چىن يىگىت ئېيتقان سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن يانمىغاي.»
(«بىۋاپا» دىن).

«ئابدۇخالىق قىلىپ پىدا جان، بەلباغىنى ئالماپ ئىككى چىڭ.
«جاندىن كەچ، جانانغا يەت»، بۇ بەكمۇ ئەلا پارىندۇر.»
(«ئارمان»دىن).

«جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتۇلماي، ئۆتمەكتە ئۆمۈرلەر تامام،
يالغۇز ئاتىنىڭ چىپىڭى چىقماس، يا يەتمەدى مېنىڭ چامام.»
(«رۇبائىي» ۋە پارچىلاردىن).

«توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ، دېگەن قەدىم سۆز بار ئىدى.»
(«مۇزلىدى» ناملىق شېئىردىن).

«ئىت ئۇرغانىنى تونۇر، دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېنىمىز باققانىمىز باردۇر.»
(«باردۇر» ماۋزۇلۇق شېئىردىن).

دېدى: «ئەي نادان، بىلمەمسەن تاش باغرىندۇر بۇ پەلەك،
كۆرمىدىڭمۇ ئونىدۇ ئۇ دېبىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك»».
(«باھار چېچەكىدىن بىر تەسىر»دىن).

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىگەن ۋە بۇ تىلنى پەننىي - مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتا مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلغان. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئىستېمال قىلغان تىلىنىمۇ خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ بارغان، يەنە بىر جەھەتتىن، شائىر ئۆزىنىڭ

ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق كۆپلىگەن زامانىۋى ئۇقۇم-
لارنى، پەن - تېخنىكا تىللىرىنى ئىشلىتىپ، لۇغەت سۇس-
تاۋىمىزنى بېيىتىشتا مەلۇم تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەن.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەت جە-
ھەتتە يېڭىلىق ياراتقىنىدا، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەن-
ئەنىلىرىگە سۈيۈنۈش ئاساسىدا، شېئىرىيەتتە پىكىرنى ئەر-
كىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىرمۇنچە چاچما شېئىرلارنى-
مۇ يېزىپ قالدۇرغان. قىسقىسى، شائىرنىڭ شېئىرلىرى جەڭ-
گىۋار روھتا سۇغۇرۇلغانلىقى، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ ناھايىتى
قويۇقلۇقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

شائىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە،
كىشىلىك ھاياتتىكى ئۇششاق - چۈششەك ھادىسىلەرنى ئە-
مەس، خەلقىنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان، جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىدا تەسىرلىك رول ئوينايدىغان مەسىلىلەرنى، دېموك-
راتىك ئىدىيىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكىلىك رول ئوي-
نىيالايدىغان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ئەكس
ئەتتۈرگەن. مۇھىمى، شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە، ئىلگىرى سۈر-
گەن پىكىرلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا دېموكرا-
تىك ئىدىيىنى، ئىنقىلابىي ئاڭنى دادىل سىڭدۈرگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىر مىسرالىرىدا، ئۇنىڭ
جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىر قەدەر توغرا كۆر-
سىتىپ بېرەلىگەنلىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ كى-
چىككىنە بىر دەلىلى:

«قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئول ئەقىلسىزلىك دەلىلىدۇر،
سېنىڭ بۇ يۇقىدا بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟

كۆتۈر خالتاڭنى ئەي ئەخمەق، بۆلەك يەرگە كىرەك قىلىنىل،
كۆرەمسەن ئۇچى ئۇچلۇق بۇ بىگىزنى بۆز ياپالىغايمۇ؟
چىقار بوران تەرەپپال، ئەگەر ھىچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە يىپىپ تۈگۈلۈك ئالالىغايمۇ؟

(«ئۈزۈلمەس ئۈمىد» تىن).

شائىر بۇ مىسرالاردا ئىپادە قىلىنغان پىكىر بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، خوراپاتلىق، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئەللەيلىتىشتەك ھىيلە - مىكىرلىرى ھامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى خەلقنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىدىغانلىقىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەرگەن.

دېمەك، ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان باھا - مۇلاھىزىمىز ئاساسىدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ھازىرقى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولالايدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىلى

ئىمىنجان ئەخمىدى

ئەدەبىيات — ئىدېئولوگىيىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى، بىر ئىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن نىسبىي مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا ۋە ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنىڭ دەۋرگە بۆلۈنۈشى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ دەۋرگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي دەۋرلىرى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىدېئولوگىيە ئالاھىدىلىكلىرى، ئەدەبىياتنىڭ ئەنە شۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى ئۇسۇل ئالاھىدىلىكى (مېتودولوگىيە، تېماتىك ئالاھىدىلىك) ھەم ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىلدىن ئۇزاقراق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بۇرژۇئا دېموكراتىك

ئىنقىلاب — شىنخەي ئىنقىلابىنى ۋە يېقىن قوشنىمىز بولغان روسىيىدە قوزغىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا غايەت زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ئۆزىگە بەلگە قىلىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا ۋەزىيىتىدە بارلىققا كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭغىمۇ ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزمەي قالمىغانىدى. ئېلىمىزدە مەيدانغا كەلگەن بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق دولقۇنى، روسىيە، كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا قوزغالغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى؛ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز تەسىر كۈچى دائىرىسىگە ئېلىش سانائەت تاۋارلىرىنى ساتىدىغان بازار، خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سىياسىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى، ۋەتەن ساتقۇچ ئەمەلدار، فېئودال كۈچلەرنىڭ قاراقچىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى تالان - تاراج قىلىشىغا يول قويۇپ بېرىشى قاتارلىق ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ ئويغىنىشىغا، بىرخىل يېڭى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوبيېكتىپ تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىغانىدى. شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى زور دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ۋەقە بۇ خىل يېڭى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدېئولوگىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېڭى دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم سىياسىي-ئىجتىمائىي ئاساس سېلىپ بەردى.

ئىجتىمائىي ئاڭ — ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ

ئىنكاسى، ئۇ ھەر بىر شەخسنىڭ ئىگىنىڭ ئاددىي يىغىن-
دىسى بولماستىن، مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ، سىنىپنىڭ،
گۇرۇھنىڭ ئىگىدىن ئىبارەت. ئەينى ۋاقىتتا بۇ يىغى ئىج-
تىمائىي ئاڭغا ئىگە بولغان جەمئىيەت ئەزالىرى بىر سى-
نىپ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى سۈپە-
تىدە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ
ئىدىيىسى ۋە شوئارلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىسلاھات تەلىپىنى
ئەكس ئەتتۈردى.

ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋارىسلىققا
ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات
جەھەتتىكى تارىخىي ئەنئەنىسى ئوخشاشمىغانلىقتىن، ئۇمۇ
ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. يىغى تارىخىي دەۋردە شە-
كىللەنگەن بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى، ئالدى بى-
لەن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئوخشاشمىغان دەرى-
جىدە ئۆز ئىنكاسىنى تاپىدۇ ھەمدە ئۇ مىللىي ئاڭ فورمى-
سى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ يىغى
تارىخىي دەۋرى مىللەتنىڭ پەخرى بولغان ئەدەبىيات ۋە-
كىللىرىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى
تونۇپ يەتكەنلىكىدە، قاتمۇ قات، سىنىپىي مىللىي زۇلۇم
ئاستىدا قالغان، جاھالەت ۋە غەپلەتتە ئۇخلاپ ياتقان
مىللەتنى كۆرگەنلىكىدە، مىللىي ئويغىنىشنى چاقىرىق
قىلىش ئارقىلىق مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي ئاڭ
پەيدا قىلىشقا تىرىشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى
مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي ئاڭ پەيدا قىلىش يو-
لىدىكى تىرىشچانلىق، تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، دەۋر تەل-
پى، مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ھالدا،

كونا فېئوداللىق تۈزۈمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، مىللەتنىڭ
مەنىۋى ئەركىنلىكى، خەلقچىللىق، گۈللىنىش، ئىلىم - مەرى-
پەت ھەممىدە دېموكراتىيە قانات يايغان ئىجتىمائىي ھايات-
نى قولغا كەلتۈرۈش مۇددىئاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ھەر بىرنىڭ دەۋر ئەدەبىياتىدا مىللىي ئالاھىدىلىك
ۋە مىللىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى مەزكۇر مىللەتنىڭ ئە-
دەبىيات ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا
يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىشقا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەل-
كى مىللەت ۋە رايون چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىپ،
باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن يېڭى قان ۋە پايدىلىق
ئۇزۇقلارنى قوبۇل قىلىشقا موھتاج. يېڭى زامان ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى ئۆزى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى دەۋردە، دەۋرنىڭ
ئەدەبىياتقا قويغان يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈر-
گەن ئاساستا، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي
ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئەدەبىياتقا تىل، مەزمۇن
ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلىق ئېلىپ كىردى. بۇ يېڭىلىق
ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملىشىپ كەلگەن، پەقەت يازما
ئەنئەنىگە ئاساسلانغان ئوتتۇرا، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئە-
دەبىي تىلىنى (ئاتالمىش «چاغاتاي تىلى»نى) يېڭىلاپ،
بىرقەدەر خەلقچىللىققا، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بارلىققا كەلتۈرۈش
يولىدىكى ئەمەلىي تىرىشچانلىقلاردا، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى،
ئوبيېكتى، بەدىئىي پىكرى جەھەتتە بۆسۈشنىڭ بارلىققا
كەلگەنلىكىدە، ئويغىنىش، دېموكراتىك تەلەپلەرنى ئەكس
ئەتتۈرگەن يېڭىچە، ھازىر جاۋاب سىياسىي لىرىكىلارنىڭ
پارتىلىغانلىقىدا، ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ زور يېڭ-

لىنىشلارغا ئىگە بولۇپ، يېڭى زامان شېئىرىيەت شەكلىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى دەۋر قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئازادلىققىچە بولغان مەزگىلى ئالدىنقى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدىن روشەن پەرقلىق ھالدا، دېموكراتىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپتۇر. جۈملىدىن بۇ ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ئۆزى بارلىققا كەلگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە كونا دېموكراتىك ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئەدەبىي مىراسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات خەلقنى ئويغىتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن ئاكتىپ رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلدى.

يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنىڭ شەكىللىرى سۈپىتىدە ئابدۇقادىر بىنىنى، ئابدۇۋارىس قەشقەرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ۋە ئابدۇللا ھاپىز قاتارلىقلارنى ئاتاپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلار ئەنە شۇ يىللاردا بىر ئەدىب سۈپىتىدىلا ئەمەس، ئويغىنىش، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئاكتىپ تەشكىلاتچىسى، باشلامچىسى، پائالىيەتچىسى سۈپىتىدىمۇ مەيدانغا چىققانىدى. فېئودالىزم بىدئەتچىلىكى ۋە مەنىۋى ئاسارەتىدىن قۇتۇلۇپ، بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىگە، ئىن-

سانىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىگە، يېڭىلىق دېموكراتىيىنىڭ
ئىنتىلگەن بۇ ئەدىبلەر خەلقنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋەكىللىرى،
ھەقىقىي خەلقپەرۋەر ئىنسانلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدە-
بىياتىمىز تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»
ناملىق ئەسىرىدە، 1919 - يىلىدىكى «4 - ماي» ھەرىكە-
تىدىن كېيىن ئېلىمىزدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت
ھەرىكىتىگە ۋە ئۇنىڭ بايراقدارى بولغان ئۇلۇغ ئەدىب
لۇشۈنگە باھا بېرىپ كېلىپ: «لۇشۈن بۇ يېڭى مەدەنىيەت
قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ باتۇر بايراقدارى بولدى،
لۇشۈن — جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى،
ئۇ ئۇلۇغ ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ مۇتە-
پەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىنقىلابچىدۇر»، «لۇشۈن — مەدەنىيەت
سېپىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىكىگە ۋەكىللىك قى-
لىپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئەڭ
توغرا، چوڭ باتۇر، ئەڭ قەتئىي، ئەڭ سادىق، ئەڭ يالقۇن-
لۇق، مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللىي قەھرىمان. لۇشۈننىڭ
يۆنىلىشى — جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ يۆنىلى-
شى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. XX ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلان-
غان ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگىنى-
مىزدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئەدەبىياتنىڭ شەكىللى-
نىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن يېڭى
زامان دېموكراتىك ئەدەبىيات دەۋرىگە ئاتلاش مەزگىلىدىكى
بىر دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە، يېڭى زامان دېموكراتىك ئە-
دەبىياتىمىزنى باشلاپ بەرگەن، شۇنداقلا ئۇنى يېڭى دېموك-

رانىڭ ئەدەبىيات پەللىسىگە كۆتۈرگەن بۈيۈك سىما ئىكەنلىكىنى، خۇددى «لۇشۈننىڭ يۆنىلىشى — جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى مەدەنىيەتنىڭ يۆنىلىشى» بولغىنىدەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۆنىلىشىنىڭمۇ يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر خىل يۆنىلىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نامىنىڭ يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتا بويىچە ئىسپاتلاش مۇمكىن:

1

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جەمئىيەتتىكى ئويغانغان بىر قىسىم ئىلغارلارنىڭ (بۇلار گەرچە بىر قەدەر ئاز بولسىمۇ) ۋەكىلى سۈپىتىدە، مەيدانغا چىقىپ، دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ تەلەپلەرنى ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەڭ زور ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ شېئىرنى قورال، «ئويغىنىش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا خۇددى لۇشۈنگە ئوخشاش «چوقان» سالغان. ئۇنىڭ «چوقان»لىرى ئۆز سەپداشلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن جاراڭلىق ئىدى. ئۇ بۇ «چوقان»لىرى ئارقىلىق جاھالەت، غەپلەتتە ئۇخلاپ ياتقان مىللەتنى ئويغىتىپ، مىللىي ئاڭ پەيدا قىلىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ:

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغانغىن، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر،
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر»

(«ئويغان»دىن)①

«ياتورسەن ئۇيقۇ - غەپلەتتە ئۆلۈكتەك قىمىرلىماي ھېچ،
تەۋەككۈل بىرلە ياتساڭ، قارا باسار تۈنلەر يېقىن بولدى.
...............................................
قوپۇڭ جان قايغۇسىن ئەيلەڭ، ۋاقىت ئاز بولسا ھەم باردۇر،
...............................................
بۇ پۇرسەت كەتسە قولدىن، جاننى بۇ قىش توڭلىتۇر ئەمدى.
ئىشتمەمسەن بۇرادەرلەر، قولاقلار پەردىسى ساقمۇ؟
كېكىرتەك جىق قىچقىرىپ يىرتىلىشقا ھەم يېقىن بولدى.»

(«يېقىن بولدى»دىن)

نىچۈك ئەھۋالدا دۇر مالالەت،
ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىڭ كۆزنى.
قىلىڭ غەيرەت، قىلىپ ھىممەت،
قوپۇڭ، تاشلاپ قۇرۇق سۆزنى.

(«رۇبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

دېگەن مىسرالىرى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپى، شائىرنىڭ يۈكسەك مىللىي ئېڭى ئاساسىدا ئۇرغۇپ چىققان جاراڭلىق خىتابلار ئىدى. شائىرنىڭ يۈكسەك مىللىي ئېڭى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا يە-

ئىز ئۇچۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

«كۆڭۈل تولۇن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنىچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، ئاڭدا بىر چۇقان بىلەن».
(«كۆڭۈل خاھىشى»)

«ئېچىنار كۆڭۈل ساڭا ئويغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم،
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى
ئاڭلىمايسەن، زادى نېمە بولغىنىڭ».
(«ئويغان»دىن)

«مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىپ ئىڭرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس».
(«ئىستىمەس»دىن)

يېڭى زامان دېموكراتىك ئويغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، مەيدانغا چىققان، زىيالىيلارنىڭ ئىلغار قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىتى خەلقنى ئويغىتىش، ئارقىلىق كونا فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن مەرەزلەرنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئابدۇخالىق ئويغۇر بۇ مەقسەت يولىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارغان. تىللاردا داستان بولغان سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى، ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار شائىر ئىكەنلىكىنى، مۇھىمى، ئالدى بىلەن

ئۆزىنىڭ بىر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. شائىرنىڭ «غەزەپ ۋە زار»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ۋە «ئارمان» ناملىق شېئىرلىرىدا چاقناپ تۇرغان ئىدىيە ھەمدە ئۆزىنىڭ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى ھارپىسىدىكى ۋە داۋامىدىكى جەڭگىۋار ئىنقىلابىي پائالىيىتى، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن دۈشمەنگە تىز پۈكمەي، جاللاتلارنىڭ تىغى ئاستىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى بۇ پىكرىمىزگە ئىسپات بولالايدۇ.

## 2

يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنىڭ ئىجادىيەت مېتودى تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە (بۇ ھەقتە باشتىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم) كۆرۈلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودى ئۆزىنىڭ يارقىن ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە ئەدەبىياتىمىزغا مەزمۇن جەھەتتىلا ئەمەس، ئىجادىيەت مېتودى، تېما ئالاھىدىلىكى جەھەتتىمۇ كۆپ يېڭىلىق كىرگۈزگەنلىكى، ئەدەبىياتىمىزنى رېئالىستىك ئەدەبىيات دەۋرىگە كىرگۈزۈش يولىدا كۆرسەتكەن ماھىيەتلىك تىرىشچانلىقى بىلەنمۇ خاراكتېرلىكتۇر.

رېئالىزم تۇرمۇشتىكى پېرسوناژ، ۋەقەلىك ۋە شارائىت قاتارلىقلارنى يىغىنچاقلاپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ، رېئال تۇرمۇشنى جانلىق ۋە كونكرېت بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈشنى، يازغۇ-

چىنلىق روشەن، كۈچلۈك سىياسىي خاھىشقا ئىگە بولۇشىنى ھەمدە، بۇنداق خاھىش بىلەن ئوبيېكتىپ تۇرمۇش چىنلىقىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئەسەرلەردە بولسا، يازغۇچى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا تۇرۇپ، زۇلمەتلىك كونا تۈزۈمنى، بارلىق چىرىكلىك، ئەكسىيەتچىلىكلەرنى، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق پاش قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەيدۇ.

ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ ھازىرقى ھالەتتىن ھالقىپ چىقىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقى، رومانتىك يازغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك، جۇشقۇن ھېسسىياتقا، يۈكسەك ئۈمىدۋارلىققا ئىگە بولىدىغانلىقى كىشىلەرگە ئايان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن ئاكتىپ رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە مۇشۇ كەمگىچە يېزىلغان تەتقىقات ماقالىلىرىدە خېلى ئوبدان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە قويۇلماقتا. شۇڭا بۇ ھەقتە مىساللار ئېلىپ تەپسىلىي شەرھلەپ ئولتۇرمايمەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى، ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە ئىدىيىسى، ئۇلۇغۋار مەقسەت - مۇددىئالىرى ئارقىلىق تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى يېڭى دەۋر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىدا سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئامىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى.

ـ يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەش، ئىلغار، ئىنقىلابىي مەرىكەتلەرنى كۈيلەش، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش، كونا، قالاق، ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشكارىلاش رېئالىزمنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىگە كىرىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە سوتسىيالىستىك رېئالىزم بىخلىرىنىڭ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنىڭ بىر بايراقدارى بولۇپلا قالماستىن، بۇ ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە — يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات دەۋرىگە ئۆتۈشىدىمۇ بىر كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئالايلى:

«چىقار بوران تەرەپپال، ئەگەر ھېچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە يېيىپ ئۆگزەڭ ئالالىغايمۇ؟»
(«كۆڭۈل خاھىشى»دىن)

دېگەن مىسرالىرىدا ئۇ پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئىنقىلاب بورىنىنىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى مەردانىلىك بىلەن جاكارلىغان بولسا؛

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، ئابدۇخالىق كلوت ئۈمىدە،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سوزۇلەر شۇندا چاھان.»
(«سېغىنىش»تىن)

«ئابدۇخالىق، قىل پىدا جان، بەلنى باغلاپ ئىككى چىگ،
«جاندىن كەچ، جانانغا يەت»، بۇ بەكمۇ ئەلا چارىدۇر.»
(«ئارمان»دىن)

دېگەن مىسرالىرىدا ئۆزىنىڭ ئازادلىق - ھۆرلۈككە بولغان قەتئىي، تەۋرەنمەس ئىشەنچىسى ۋە جەڭگىۋار ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

ئۆۋەندىكى مىسرالاردا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىي، ئىلغار ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، «ئۇ لېنىن باشچىلىقىدىكى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن — سوتسىيالىستىك سوۋېت تۈزۈمىدىن «ھەقىقەتنى تاپقان»لىقىنى يۈرەكلىك ھالدا جاكارلىغان»② ئىدى:

«ساڭا ھاجەتمەن بۇ ئۇيغۇر،
دەردىگە تاپسۇن فارىغ.③
ئۆمىدىن قالدۇرما يەردە،
پەر مەدەت بەرگىل شۇرا④.»
(«پەر مەدەت» تىن)

«ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
نە بولدى خۇش پۇراقى كەتمىدى بۇ دىماقىمدىن.
ئىزلىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن - روجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم - دە، ئالدىم لېنىننىڭ كۇلباغىدىن.»
(«رۇبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن پەيدا بولغان تەنقىدىي رېئالىزمدىن ئىبارەت ئىجادىيەت مېتودىنى يېڭى تارىخىي دەۋردە، مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىتىش ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش يولىدا ئوينىغان ئىجادىي رولى ئارقىلىق ئۇيغۇر يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتى-دا بىر يۈكسەك پەللە ياراتتى.

3

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئەدەبىيات دەۋرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ۋە تىل جەھەتتە يېڭىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ جەھەتتە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۇنۇم-لۈك ئىشلىگەن شائىر بولۇپ، ئۇ ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنى زىچ بىرلەشتۈرگەن. دەۋر تەلىپى ۋە يېڭى ئەدە-بىي مېتودنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا، شېئىرىيىتىمىزدە يېڭى زامان شېئىرىيەت شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، شېئىرىيەت تىلىنىڭ خەلق جانلىق تىلى، ماقال-تەمسىل، خەلق قوشاقلىرى تىلى ئاساسىدا يېتىلىنىپ، قويۇق خەلقچىللىققا، ئاممىۋىلىققا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە دەۋر روھىغا ئىگە بولغان يېڭى ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللە-نىشى يولىدا ئۈچمەس خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاممىباب خەلق تىلىدا گۈزەل ۋە راۋان، چوڭقۇر مەزمۇن-لۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يازغان ھازىر جاۋاب سىياسىي

لىرىكىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلب قولۇپىنى ئېچىپ،
خەلق قەلبىدە مەڭگۈلۈك مۇنار تىكلىدى. خەلق شائىرىنىڭ
ئۆزىگە چۈشىنىشلىك تىل بىلەن يېزىلغان چوڭقۇر مەزمۇن-
لۇق، پاساھەتلىك شېئىرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قەلب دەپتىرىدە
قەدىرلەپ ساقلاپ كەلدى. شائىرنىڭ 40 - يىللارنىڭ
ئاخىرىغىچە مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەن شېئىرلىرىنىڭ زاما-
داشلىرى ۋە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن داۋاملىق يادلىنىپ،
شائىر نامى بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىدىكى ئاسا-
سى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەنە شۇ.

شېئىرىيەت — تىل سەنئىتىدۇر. «كىشى تىل بىلەن
كامالالەت تاپىدۇ». كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى يۈسۈپ
خاس ھاجىپ، ئەلشىر ناۋائى قاتارلىق نامايەندىلەر ئۆز-
نىڭ گۈزەل، پاساھەتلىك، كۈچلۈك تىلى ئارقىلىق
ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ
تۇرىدىغان ئالتۇن دەۋرلىرىنى يارىتىپ، شۇ دەۋر ئەدەبىياتى-
نى ئۆز نامى بىلەن نۇرلاندۇرغان بولسا، ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرمۇ ئۆز شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي
تىلىنى يېڭى تارىخىي دەۋردە چوڭ يېڭىلىققا ئىگە قىلىپ،
كلاسسىك ئەدەبىي تىللاردىن روشەن پەرقلىق بولغان
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش
ۋە ئۇنى ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىپ، يېڭى دەۋر يۈك-
سەكلىكىگە كۆتۈرۈش يولىدا زور خىزمەت كۆرسىتىپ، يېڭى
زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى تىل جەھەتتىنمۇ
نۇرلاندۇردى.

ئاخىردا، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك

ئەدەبىياتتىن ئىدېئولوگىيە، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىن زوشەن پەرقلىق ھالدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يېڭى تارىخىي دەۋرگە — يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى دەۋرىگە كىرىشى ۋە يېڭى پەللىگە يۈكسىلىشى يولىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىجادىي جەھەتتىن كۆرسەتكەن ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسى بىلەن بۆلگۈچ ۋەكىللىك سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئىزاھلار

① شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ۋە مىساللار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»دىن ئېلىندى.

② «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار سۆزى، 9 - بەت.

③ فارىغ — قۇتۇلماق.

④ شۇرا — كېڭەش مەنىسىدە

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك توغرىسىدا

چاپپار ئەمەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-نىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 54 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. شائىرنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ خاتىرىسىنى ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى مۇقىم-لاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇ جۇڭگو كوممۇنىس-تىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ماركس-زىم - لېنىنىزىملىق مىللىي سىياسەتنىڭ تېخىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا مۇناسىۋەت-لىك ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى ياخشى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مەن شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر-لىرى ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببەتنىڭ قاينام - بۇلىقى، قاراڭغۇ زۇلمەت تۈنىدە چاقنىغان چاق-ماق، خەلقنى ئازادلىق - ئەركىنلىك يولىدا كۈرەشكە

چاپىرغان جەڭگىۋار خىتابنامە، شۇڭا ئۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە يۇلتۇزدەك چاقناپ، خەلق قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلالىدى؛ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېندىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلىپ، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىسيانكارلىق روھ خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش دولقۇنلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. خەلققە زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى. شۇڭا بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە باھا بەرگەندە، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر، يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۇن جۇڭشەننىڭ باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلابى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغان بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردا ياشىدى. بۇنداق بىر ئىجتىمائىي مۇھىت شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇ ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنغان «يېڭى ياشلار»، «شەرق ئەنزارى» قاتارلىق ئىلغار گېزىت، ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ ئىلغار كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان مەزگىلىدە، ئە-

گەكچى خەلقىنىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۆلەتكە خوجايىن بولغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە تەڭ باراۋەرلىككە ئېرىشىپ، يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ ھال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياش قەلبىدە زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى، ئېزىلگەن خەلقىنىڭ ھالىغا ئېچىنىش تۇيغۇلىرىنى ئويغاتتى. ئۇ چوڭ سودىگەر ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋالىق ئوغلى بولغاچقا، خەنزۇچە، رۇسچىنى بىلىدىغان زىيالىي بولغاچقا، ئائىلىسىگە تايىنىپ «بايۋەچچە» بولۇپ ياشىشى ياكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا بىرەر «ئەمەلدار» بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ «بايۋەچچە» بولۇشنىمۇ، «ئەمەلدار» بولۇشنىمۇ خالىمىدى. بەلكى، پۈتۈنلەي ئەكسىچە، ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىۋالدى؛ ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇش، خەنزۇ تىلى ۋە رۇس تىلىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن، سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن تونۇش ئىدى. بۇ ھال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە ئەدەبىياتقا قىزغىن ھەۋەس ئويغاتتى. شۇڭا ئۇ قەلەم ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش يولىنى تاللىۋېلىپ، شەكىل جەھەتتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، مەزمۇن جەھەتتە ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببەتنى كۆيلەيدىغان دېموكراتىك ئىدىيىدىكى ئىلغار شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئىبارەت كىچىككىنە زېمىندا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئويمانلىقتا تۇرۇپ، كەڭ جاھانغا، بىپايان ۋەتىنىمىزگە نەزەر تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن مەملىكىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ئىشلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئىلغار دېموكراتىك كۈچلەرنى قىزغىن قوللىدى، ھۆكۈمران گۇرۇھلارغا غەزەپ - نەپرەت ياغدۇردى. بىز بۇ ئۇقتىنى شائىرنىڭ «يەجۈجى - مەجۈجى» ناملىق شېئىرىدىن ئوچۇق كۆرىمىز. شائىر بۇ شېئىرنىڭ بېشىدا سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىغا قىزغىن ھېداشلىق قىلىدۇ ۋە بۇ ئىنقىلابنى ئالقىشلايدۇ:

«مەنچىڭ غۇلاپ ھەممە خۇش،
بولدى يۇرت ۋە قولى بوش.»

لېكىن شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن تىغمۇ تىغ قارشىلاشتى. خائىن يۈەن شىكەي سۇن جۇڭشەندىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، خانلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش خام خىيالىدا بولدى. شىمالىي مىلىتارىستلار ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگونى بىرقانچە پارچىغا بۆلىۋەتتى. ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى كونا ئەمەلدارمۇ ئۆزى بەگ - ئۆزى خان بولۇۋالغانىدى. شائىر بۇنداق بىر سىياسىي ۋەزىيەتنى ناھايىتى يىغىنچاق ھالدا مۇنداق ئىپادىلىدى:

«ھەر سىڭدا قالدى دۇدۇ،
ئۆز ئالدىغا ئىدارە،
جۇڭشەننىڭ سۆزلىرىنى،
سانىماي بولار قاتارە.

سەنمىنجۇيى يېپىلدى،
قىلماي ئەمەل ۋە كارە،
ئاخىرى بولدى جۇڭگو،
يىگىرمە ئىككى پارە.»

رەئىس ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە، جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىر ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەقىقەتنى تاپقانلىقىنى، ئوكتەبر ئىنقىلابىنىڭ توپ - زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگو خەلقىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئەنە شۇنداق ھەقىقەت ئىزدىدى ۋە ئاخىر لېنىن يولىنىڭ ئەڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«ھەقىقەت روھى قىپچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
نە بولدى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى دىماغىمدىن.
ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن - رۇجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم - دە، ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.»
(«رۇبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا قىزغىن ھېسداشلىق قىلغان بىر دېموكراتىك شائىرلا ئەمەس، بەلكى ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتىنى ئىزدىگەن، لېنىن يولىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەلمۈرگەن ئىلغار شائىر. بۇ نۇقتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەھلىل قىلىشىمىزدا ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشىمىزدە ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئاساسىي پاكىتلارنىڭ بىرى.

1912 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ياڭ زېڭشىن فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئەڭ جاھىل ۋەكىلى ۋە ئەڭ چوڭ ھىيلىگەر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شىڭشىڭشانى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا چىقىشىنى، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلىدى. دېموكراتىك كۈچلەرنى قاتتىق باستۇردى؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچتى. خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، پارا ئېلىش ۋە خىيانەت قىلىش ئارقىلىق شەخسىي بايلىق توپلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاچكۆزلۈكى ھەقىقەتەنمۇ ھەددىدىن ئاشقانىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ «ئاتاقلىق جياڭجۈن»دىن قىلچە قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن مەيدانغا چىقىپ، ئۇنى «يالماۋۇز» دەپ ئاتىدى:

«ھېچ تۈيمىدۇق بۇ ئىشنى،
ئۆتكەزدۇق يازۇ قىشنى،
جىياڭجۈن بولۇپ ياڭ زىڭشىن،
باشلىۋەتتى قىرىشنى.

ياڭنىڭ خىيالى باشقا،
ئۇستا ئىدى تالاشقا.
ئۇستا ئىدى ئەل ئارا،
تۈرلۈك ئىزا باشلاشقا.

ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۆرە پاقلان تاپقاندەك،
يوقىدىمايلا يەپ كەلدى.

يەتتە باشلىق ياڭاۋۇز،
مەھكەم ئورنىشىپ ئالدى.
ئىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تىيەنجىندە جاي سالدى.»
(«يەجۇجى ـ مەجاجى» شېئىرىدىن)

بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈشنى خالىمايتتى. جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققاندىن كېيىن كونا تۈزۈم ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى. بەلكى، ئۇ

ياڭ زېڭشىنىڭ كونا جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلققە بولغان زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. خەلققە قىلچە ئەركىن-لىك بەرمىدى. شۇڭا شائىر قانخور، ئالدامچى جىن شورىنى جىن - شەيتانغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى پاش قىلدى ۋە خەلقنى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كۈرەشكە ئات-لىنىشقا چاقىردى:

«ئادىمى ئالماشتىمۇ، يولى — تۈزۈم ئالماشمىدى،
جىن دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى.
ياڭ ئۆلۈپ تاپتى لەنەت، بولمامدىكەن جۇمھۇرىيەت؟
بەرمىسە جۇمھۇرىيەت، بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى.

ئەپتى «جىن»نىڭ ئۆزى جىن، جىننىڭ كۆڭلى بولغاي قىيىن،
ئېتىبارى بىر تىيىن، قىلغان ئىشى قاملاشمىدى.
ئابدۇخالىق نەرە تارت، ئەنە قالقان، ئەنە ئات،
ئوخلاپ يېتىش بەك ئۇيات، جىننىڭ ئىشى قاملاشمىدى.»
(«ئۈچ شېئىر»دىن)

بۇنداق ھالەتتە ھەر قانداق ۋىجدان ئىگىسىنىڭ چى-داپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا شائىر قۇللۇق-تىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت دەپ ھېسابلىدى،

«ھەممىنى قۇللۇق قىلسا،
ھايۋاندەك زۇلۇم قىلسا،

دەپسەندە كۆكۈم قىلىنا،
ۋىجدان قانداق چىدىغاي؟!

غىمىمىزنى يەيلى بىز،
ئىمە دېسەك دەيلى بىز.
قول قوۋۇشتۇرۇپ لەببەي دەپ،
نە قىلسا قاراپ تۇرماي!»
(«غەيرەتنىڭدىن ئايانماي» شېئىرىدىن.)

شائىرنىڭ كۈتكەن كۈنلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى. 1931 - يىلى خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. جۈملىدىن 1932 - يىلى 12 - ئايدا تورپان دېھقانلىرىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايىش قىلدى. قوزغىلاڭچىلار «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش» ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، جىن شۇرېن ئەۋەتكەن 500 كىشىلىك جازا قوشۇنىنىڭ راسا ئەدىپىنى بەردى. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «موزلىدى» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ غەلىبە شەنىگە تەنتەنە قىلدى:

«ئاقارغان تاڭ سۈبھىگە چۈشتى، قىزىل قان جىلۋىسى،
ئۈجۈقۈپ بولدى شۇكەم پالەچ چېرىكنىڭ ھەممىسى،
پاك - پاكىز چۈشتى قولغا ئوق ۋە مىلتىق جەممىيسى،
قالدى جان قايغۇسىدا لويى - ئامبال، تۇڭچىسى،

مىسلى كەچكۈزدە چۈشۈندەك ھالى پەرىشان مۇزلىدى.»
(«مۇزلىدى» شېئىرىدىن)

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يالاڭ زېمىنلىشىش ۋە جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتى خەلقنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. شۇڭا ئۇلار خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش، بىخۇدلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلىدى. ھەرقايسى جايلاردا دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى يۆلەپ، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا كەڭ يول قويدى. ھەرقايسى جايلاردا پاھىشىخانا، ئەپيۇنخانا، قىمارخانا ۋە مەيخانىلارنى ئېچىشقا يول بېرىپ، ياشلارنى چىرىكلەشتۈرۈش ۋە زەھەرلەش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى ئويغىتىپ مەرىپەت يولىغا كىرىشكە، ئىلغار مىللەت ۋە دۆلەتلەر تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلاپ، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىپ، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەمىمىي كۆيۈنۈش بىلەن چاقىرىدۇ.

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ، كەتتى يىراق،
مەن مىسال پالەكياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.»
(«غەزەپ ۋە زارە»دىن)

شائىر ئۆزى تاللاپ ئالغان ۋەتەننى زۇلمەتتىن قۇ-
تۇلدۇرۇپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتەك
ئۇلۇغۋار غايىنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئىشقا ئا-
شىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كەلگۈسىگە زور ئۈمىد-
ۋارلىق بىلەن قارايتتى. شائىرنىڭ «ئارزۇ - ئارمانىم مې-
نىڭ» دېگەن شېئىرى ئەنە شۇنداق ئۈمىدۋار غايىنىڭ
ئامايەندىسى ئىدى:

«يار ۋەسلىگە يېتەشتۇر ئارزۇ - ئارمانىم مېنىڭ،
بولغۇسى بىر كۈن نېسىپ دەردىمگە دەرمانىم مېنىڭ.
ئائۈمىد ئۇغلان ئەمەسمەن، مىڭ جاپا چەكسەممۇ گەر،
ھېرلۈكتىن ئاپىماق ۋەتەننىڭ ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ.»

شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋەتەنگە، خەلققە
بېغىشلاپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ۋەتەننى، خەلقنى
كۈيلىدى. خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن جان
پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلدى ۋە ئەڭ ئاخىرى خەلقنىڭ
بەخت - سائادىتى يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

بىزگە مەلۇمكى، شېئىر — شائىرنىڭ قەلب ساداسى
ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئارزۇ - ئارمانلىرى-
نىڭ ياڭراق ناۋاسى. ھەر بىر يازغۇچى، شائىرنىڭ ئۆز
دەۋرىدە كىمنى ياقلاپ، كىمگە قارشى تۇرغانلىقى، كىمگە
مۇھەببەت باغلاپ، كىمدىن نەپرەتلەنگەنلىكى ئۇنىڭ يازغان
ئەسەرلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىز
يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئاب-
دۇخالىق ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىنىڭ ۋەتەنپەر-
ۋەر، خەلقپەرۋەر ئىلغار شائىرى، خەلقىمىزنىڭ باتۇر پەرزەنتى.

«سەن ۋەتەن، مىللەت دېمەك تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر، ئالىي نىشانلىق، كۆلچەك بولاقتا قانمىغىل،»
(«ئۇلۇچ شېئىرىدىن)

شائىر ئۆز شېئىرىدا ئىزھار قىلىپ ئۆتكىنىدەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ نامى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىشقا ئاشقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، خەلق ئۆز بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان شائىرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە مەڭگۈ چاقنايدۇ.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەرىپەتپەرۋەر ئىلغار شائىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

بۇ يىل ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇغۇلغىنىغا 86 يىل، قۇربان بولغىنىغا 54 يىل بولدى. شائىر پەقەت 32 يىللا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ تولىمۇ قىسقا ئۆمۈر. لېكىن بىز ئۇنىڭ قىسقىغىنا ھايات تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ھەممە ئۇلۇغۋار غايە — ئىستەكلەر، جەڭگىۋار خىتاب ۋە چاقىرىقلار بىلەن تولغان، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان يالقۇنلۇق، مەردانە مىسرالىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، قەلبىمىز سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى خەلقنى ئويغىتىپ، جاھالەتكە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىش ۋە يېتەكلەشتەك ئىلغار ئىدىيىنى ئۆزىگە بايراق قىلغان. ئۇنىڭ بۇ يولدا قىلغان ئەجرى ۋە خەلققە تەقدىم قىلغان مەنىۋى بايلىقى تولىمۇ قىممەتلىك. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى مەرىپەت يولىغا باشلاش جەھەتتىكى خىزمىتى ۋە تۆھپىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى، بولۇپمۇ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى ئاساسلىق تەرەپلىرىنىڭ بىرى.

شائىر ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋا-

قىت شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر ئىدى. بۇ دەۋر شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا «جاھالەت بۇلۇتى توستى، قۇياشنى ھېچ كۆرۈپ بولماس»، «تۆت ئەتراپقا باقسام مەن، زۇلمەتتە قالغان ھەر جاي»، «تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ئەل - يۇرت زالىمنىڭ زۇلۇمىدىن» دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك زۇلمەتلىك ئىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى خەلقنى قۇل قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى سىياسىي جەھەتتە دەھشەتلىك باستۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە رەھىمسىزلىك بىلەن تالان - تاراج قىلماقتا ئىدى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە قاتمۇ قات ئىسكەنجىگە ئېلىپ، نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى نادان، قالاق، شۈكرى - قانائەتلىك، ياۋاش - مۆمىن، ئىتائەتچان قۇللارغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ياڭ زېڭشىن تەپ تارتماستىن مۇنداق دېگەن: «بۈگۈنكى كۈندە جاپادىمۇ، ئۆلۈم - كۆرۈمدىمۇ بىللە بولغۇچىلار ئۇۋەندىكى نادانلاردۇر. بۇنداق نادانلار ئىنتايىن نادان بولسا، ئۇلار بىلەن ئۆلۈمدىمۇ - كۆرۈمدىمۇ، جاپادىمۇ - مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولغىلى بولىدۇ.» («ياڭ زېڭشىن سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 17 - جىلد، 41-بەت) خەلق قانچە نادان بولسا، شۇنچە ئاسان ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن ئەكسىيەتچىل قاراش ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى توپ قاراشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ مەزگىللەردە پەقەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارمىغان، بۇ چاغلاردا مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا نەقەدەر ئېتىبارسىز قارالغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي ھۆججەتلەردىن قىسقىچە ئىككى نەقىل كەلتۈرىمەن.

بۇ مەزگىللەردە «ئۆلكە بويىچە مائارىپ ئۈچۈن ئىش-

لىتىدىغان يىللىق راسخوت 100 مىڭ يۈەنلا بولۇپ، ئىچكى رايونلاردىكى چوڭراق بىر ناھىيىنىڭكىنىمۇ يەتمەيتتى. بىر ناھىيىنىڭ مائارىپى ئىچكى رايونلاردىكى چوڭراق بىر كەنتنىڭكىنىمۇ يەتمەيتتى ... ...» («ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» خەنزۇچە توپلام 2 ـ قىسىم. 26 ـ بەت، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى 1987 ـ يىل 1 ـ سان 29 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل). بۇ 1918 ـ يىلىدىكى ئەھۋال توغرىسىدىكى مەلۇمات، ئەمدى شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىنكى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقايلى: «1920 ـ يىلى ... ... مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتە ئۆلكە بويىچە يىللىق مائارىپ خىراجىتى ئاران 100 نەچچە مىڭ يۈەن ئىدى. تىياتىرخانا، مەدەنە-يە يۇرتى قاتارلىقلاردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى» (بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 ـ يىلى»، 214 ـ بەت). بۇ پۇلنى شۇ چاغدىكى 3 مىليون 300 مىڭ ئاھالىگە چاچقاندا، 33 ئادەمگە بىر يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە بۇ مەسىلە توغرۇلۇق تەھلىل يۈرگۈزۈشتىن كۆرە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئەھۋالنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىشكە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، مۇنداق بىر پاكىتنى كۆپچىلىكنىڭ ئەمگە سېلىپ قويىمىز: «قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى ماشاۋزۇ 1916 ـ يىلى ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى توشۇپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتقاندا، 30 نەچچە ھارۋىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كەلگەن.» (بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 ـ يىلى» 134 ـ بەت). ئۇ چاغلاردا ئامباللارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولاتتى.

ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولغاچقا، تەبىئىي، مائارىپنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ خاراب ئىدى.

ياڭ زېڭشىن مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى يۈرگۈزۈپ، مەدەنىي - مائارىپنى ئاشۇنداق قاتتىق چەكلىگەن بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە دىنىي خۇراپاتلىقنى ھەددەپ تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى جېنىنىڭ بارىچە يۆلىدى. ئۇ، دائىم مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە سادىق قىلىپ، پۇت - قولىنى چۈشەپ غەپلەتتە قالدۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرەتتى. 1923 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇ، ناھىيە ... ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا بەرگەن بىر مەخپىي يوليورۇقىدا مۇنداق دېگەن: «يېقىندىن بېرى جايلاردىكى ئەمەلدارلار دىنغا قارىتا كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇۋېتىپتۇ ھەمدە سەۋەبسىزلا ئاخۇنلارنى ئالماشتۇرۇش، تۈرلۈك بانا - سەۋەب بىلەن جازالاش ئىشلىرى كۆرۈلۈپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنداق قىلىش خەلقنىڭ رايىغا توغرا كەلمەيدۇ. چەنخۇيلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى — ئاپتور) دىنغا ئېتىقاد قىلىشى، ئاخۇنلارنى ھۆرمەتلىشى ئۇلارغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت. ئۇلارنىڭ نادانلىقىمۇ مۇشۇنىڭدا. ئەگەر چەنخۇيلار دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان، ئاخۇنغا ھۆرمەت قىلمىغان بولسا، ئۇلار ھېچنېمىدىن ھەزەر ئەيلىمەيتتى - دە، ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بىلەن باشقۇرۇش تەسكە چۈشەتتى ... كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ دىندىن پايدىلانغىنى، خۇيزۇ - چەنخۇيلارنىڭ كىتاب - ناملىرىغا ھۆرمەت قىلغىنى تۈزۈك» (ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلىرىمىزدىن ساۋاقلار» 2 - قىسىم،

14 ـ چىلد، 45 ـ بەت). پاك زېھنىي يەنە ئۆكتەبىر ئىنـقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە باشقا ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى چەكلەشتىمۇ دىنىنى كۈچلۈك ۋاسىتە قىلىپ ئۈنۈملۈك پايدى-لانغان. بۇ جاھالەت قاراڭغۇلۇقى شائىرنىڭ «يەجۇجى — مەجۇجى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئەكس ئەتكەن:

«بۇ پارىلەرنىڭ بەرى،
يۇرتىمىز ئىدى شىنجاڭ.
ئۇيغۇر ئىدى ئاھالى،
يوق ئىدى ئۇندا بىز ئاڭ.

بار ئىدى قازى - موللا،
ئۈستىدە تونۇ سەللا.
ئەمرىنى ئۇتماق ۋاجىپ،
دەپ چىقاردى پەتىۋا.»

ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغاچقا، بۇ مەزگىللەردە خەلق تېخىمۇ غەپلەتتە قېلىپ، «مىسالى كۆزىنى تېڭىپ جوگازغا قوشقان سېرىق ئۇي»غا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەنسىرەتتى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر نادانلىقى ۋە قالاقلىقىدا قېلىۋاتقان پاجىئەلىك ئەھۋالىغا قاتتىق ئېچىنغان. شائىر 1920 - يىللاردا يازغان «ئىستەسەس» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ غەزىپى ۋە قايغۇسىنى مۇنداق ئىپادىلىدى:

«ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستەمەس.

ھام① نىڭ ئەۋلادى بۇ كۆن قوللۇقتا بىرى قالمىدى،
تۈركىي ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستەمەس.

يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستەمەس.

باشقىلار يۈگۈر، پاراخوتتا ساياھەتلەر قىلۇر،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىش ئاسان ئەمەس.

ئىزلىدى ھۇما② قۇشىنى كۆندە كۆكلەرگە قاراپ،
ئىستىگەنلەر بېشىغا ھۇما قونۇشنى ئىستەمەس.»

شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئەكس ئەتكەن ئىدىيىسى 1921-يىلى يېزىلغان «باردۇر» دېگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ شېئىرلىكى بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. تەرەققىيپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەن شائىر بۇ شېئىرىدا مىللەتنىڭ ئېغىردىكى نادانلىق، قالاقلىق ئىللەتلىرىدىن قاتتىق نەپرەت-

① ھام — نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ 2-ئوغلى، بۇ يەردە ياۋروپادىكى مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ھۇما — ئەپسانىلەردە تەسۋىرلىنىدىغان بەخت قۇشى.

لىنىپ، ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىدى. بۇ شا-
ئىرنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان قەيسەرلىكىنىڭ
بىرى، خەلقنىڭ ئېڭى ئېچىنارلىق، زەئىپ ھالەتتە تۇرۇۋات-
قان ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا، خەلققە ئۆز ۋۇجۇدىنى چىرمى-
ۋالغان مەرەزلەر ۋە زەئىپلىكلەرنى تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى-
نى تونۇش ۋە چۈشىنىش ئېڭىنى ئويغىتىمىغاندا، ئۇلارغا پەن-
مەدەنىيەتنى ۋە ئىلغار ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە سىڭ-
دۈرۈشكە زېمىن ھازىرلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا شائىر بۇ
مەزگىللەردىكى ئاساسلىق شېئىرلىرىنى ئاشۇ مەقسەتنى كۆز-
دە تۇتۇپ يازدى.

بىز شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، شۇ شارائىتتا شا-
ئىردەك ئىلغار كىشىلەرنىڭ ئالدىغا دۇچ كەلگەن توسالغۇ
ۋە قىيىنچىلىقلار ئاز ئەمەس ئىدى. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا
«پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جىددىت دەپ قارغىشۇر»،
«چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇ سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج»
دېگىنىدەك، ئۇنىڭ شارائىتى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ
ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەرغىپ قىلىشنى ئىجتىمائىي تۈزۈم قات-
تىق چەكلىگەنىنىڭ ئۈستىگە، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر،
قالاق ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى كونا كۆز قاراشلارمۇ يولىنى تو-
سۇۋاتتى. لېكىن شائىر بوشاشماي، يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق رو-
ھىنى ئىپادىلىدى:

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، ئابدۇخالىق كۆت ئۈمىد،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۆزۈلۈر شۇندا جاھان.»

(«سېغىنىش» تىن)

شائىر ئەنە شۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىلەن توختىماي
ئىلگىرىلىدى. شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ

پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ 1919 – يىلىدىن 1926 – يىلىغىچە بولغان يەتتە يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چاغدىكى ئىچكى – تاشقى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق چەكلىشى ۋە توسۇشىغا قارىماي ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، خەلقنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. بىرمۇنچە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. شائىر 1916 – يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن روسىيىنىڭ شەمەي دېگەن يېرىگە بېرىپ، بۇ يەردە رۇس تىل – يېزىقىنى ئوقۇدى. بۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى يېقىنلاشقان مەزگىل ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابىنىڭ بوران – چاپقۇنلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىرنىڭ ئىدىيىسى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شائىر ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شوتاڭدا ئوقۇپ خەنزۇچە خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ، سۇن جۇڭشەننىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. مانا بۇ مۇھىم ئىككى ئامىل شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى بالدۇرراق قوبۇل قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ دەۋرلەردە ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شائىر شۇڭلاشقا ئۆز خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە نادانلىق – قالاقلىقنى ۋاقتىدا بايقاپ، خەلقنى نادانلىق – قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى

بالدۇرراق تونۇپ يەتكەن. ئۇ خەلقنى ئويغىتىپ، نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلىم-مەرىپەت يولى ئېچىپ، خەلقنى ئىلىم-پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك. خەلقنى ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مۇشۇ تارىخىي شارائىتتا چىقىش يولى تېپىشنىڭ مۇقەددىمىسى، دەپ قارىغان. شائىرنىڭ مۇنداق قاراشقا كېلىشىدە يەنە مۇنداق سەۋەبىنىڭ بولۇشىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ؛ بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالساق، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەدىبلەر ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسىي تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. XI ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەڭ كۆپ زىكرى قىلىنغان مەسىلە بىلىم-مەرىپەت مەسىلىسى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان. بۇ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىنى مائارىپ تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىغان.

«بىلىمنى بۇيۇك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنى تولۇق.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بىلىمنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم رولىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. «ئەتە بەتۇلھە قايىق»تىمۇ ئىلىم-مەرىپەتنىڭ رولى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇپ، «سائادەت يولى بىلىم

بىلەن ئېچىلدى. بىلىم ئال سائادەت يولىنى ئاچ» دەپ خىتاب قىلىنغان.

مىنىڭچە، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىلىم - مەرىپەت كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەدەبىياتىمىزدا ئېسىل ئەنئەنە بولۇپ، ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشنىڭ تەسىرىمۇ خېلى زور رول ئوينىغان. مانا مۇشۇنداق ئامىللار تۈپەيلىدىن شائىر مەرىپەتپەرۋەرلىك بايرىقىنى دادىل كۆتۈرۈپ چىقالىدى.

شائىرنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، دۇنيانى ۋە رېئاللىقنى تونۇشى چوڭقۇرلاشقانسېرى پىكرى تېخىمۇ روشەنلەشتى ۋە ئۆتكۈرلەشتى. شائىر ئىلىم - مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلىشتا بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، نادانلىقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى بىلەن ئىلىم - مەرىپەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى تەرەققىياتنىڭ ئىلىم - مەرىپەتتىن كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ نادانلىق ۋە قالاقلىقنىڭ زۇلۇمغا مەھكۇم قىلىپ، قۇللۇقتا قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

«ئوت ھارۋىسى بىلەن ياكى ھاۋا، كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش - يۈرمەك يولىن تاپقانىنىڭكى.

چۆل ئارا غەچچىڭلىتىپ، يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق ھارۋىغا كالا تاتقانىنىڭكى.

زۇلۇمغا مەھكۇم بولۇپ، باش ئۇرۇپ، قول تۇۋۇشتۇرۇپ،
نېمە دېسە راست دېمەك قۇللۇقتا قالغانىنىڭكى.

ئىلىم - پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كۆكرەك كېرىپ، تەدبىر - ئەقىل تاپقانىڭگە.

پەنگە ئارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارە - زەبۇن ياشىماق، تەرسا - تەتۈر نادانىڭگە.»

(«ئارەدىن»)

1926 - يىلىدىن كېيىن، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ 2 - باسقۇچى باشلاندى. بۇ باسقۇچنى شائىرنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى دېيىشكە ھەقلىقمىز. شائىر 1923 - يىلى مەخسۇت مۇھىدى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا 2 - قېتىم بېرىپ ئۈچ يىل مەخسۇس ئوقۇدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىغان. پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئېزىلگەن ئەل، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ كۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىكىلگەنىدى. شائىر بۇ يەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدىنى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئىنقىلابىي ھەقىقىتىنى كۆردى.

«ھەقىقەتنىڭ روھى ئېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
لە بولدى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماغىمدىن.

ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن - روجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم - دە، ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.»
(«رۇبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

شائىر مۇشۇ شېئىرىدا ئېيتقاندەك، شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاپقاراڭغۇ جاھالەتلىك ھالىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇدى، جاھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇ چاغدىن باشلاپ شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىدا ناھايىتى زور بۇرۇلۇش بولدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر شۇ مەزگىللەردە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېڭى يولغا قەدەم قويدى.

«ئوقۇماي سودىگەرلىك قىلغىنىڭ كۆپ مەنپەئەت قىلماس،
ئىلىپ بەشكە، سېتىپ ئونغا كامالاتىغا يەتكۈزدى.

بالىلارنى ئىبەردۇق دىن ئۈچۈن سەمەرقەندۇ بۇخاراغا،
بۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاللا ھەيز ئىستىنجاغا يەتكۈزدى.»

(«رۇبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

بۇ قىتئە① — شائىرنىڭ يېپيېڭى روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىچىككىنە بىر ئەينەك. شائىر ئۆز خەلقىنىڭ غېمى ۋە قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، سودىگەرچىلىكتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئۆزىنى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىدى. پۈتۈن دىققىتىنى خەلقنى ئويغىتىشقا قارىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا ئۆتتى. ئۇ گېزىت - ژۇرنال چىقىرىپ كەڭ تۈردە جامائەت پىكرى توپلاپ، نامىنى كەڭ كۆلەمدە ئويغىتىش خىزمىتىنى

① قىتئە — بىر خىل شېئىر شەكلى

ئىنىلەش ئۈچۈن شەمەيدىن بىر يۈرۈش مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ئالدۇردى. ئەپسۇسكى، بۇ مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ياڭ زىڭشىن تۇتۇپ قالدى. شائىر بۇنىڭ بىلەن بوشىشىپ قالماي، مەخسۇت مۇھىدى، ئىسكەندەر خوجا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە 1927 - يىلى «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» قۇرۇپ، 300 سەر كۈمۈش ئىئانە توپلاپ، تۇرپاندا ئاقارتىش مەكتىپى، ھۆررىيەت مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرنى ئاچتى.

بۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، پىكىرلىرى قويۇق دېموكراتىك ئىنقىلاب تۈسىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرى يۈزەلىكتىن - چوڭقۇرلۇققا، تارراق مەنىدىن كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە يېڭىچە روھقا ئىگە قىلىندى. ئۇنىڭ بۇ يىللاردا يازغان «غەزەپ ۋە زار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «كۆڭۈل خاھىشى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن مۇنداق روشەن ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: بۇنىڭ بىرى، شائىر دەسلەپتە نادانلىق ۋە قالاقلىقنى يۈزەكى ھادىسە سۈپىتىدە كۆزەتكەن بولسا، ئەمدى ماھىيەت جەھەتتىن كۆزىتىپ، ئۇنى قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىجتىمائىي مەسىلە دەپ قارىغان.

«ئەي پەلەك، بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن.

ئانا - بوۋامدىن مىراس كونا كىبەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن.

... پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر-جىدىت دەپ قارغىشۇر-
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

چۆل - جەزىرە، دەشتۇ سەھرا ئىچىدە قالدىم نائىلاج.
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ، قوشۇلاي قاتارىمەن.

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قىزلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا ئۆرلەپ ھەققە ئاھ ئۇرارىمەن.»
(«غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدىن)

بۇ مىسرالار يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇ-رۇپتۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ مەسىلىنى قايسى دەرىجىگە يەتكۈزۈپ، نەقەدەر كەسكىن قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش تېخىمۇ ئاسان.

ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنىڭ يەنە بىرى شۇكى، شا-ئىر ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ئەركىنلىك - ئازادلىق يولىدا كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈر تەييارلىقى دەپ قارىغان. بۇ — بىزنىڭ تېخىمۇ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان مۇھىم نۇقتا.

«ئوقۇغۇلار، ئوقۇتۇغۇلار، ھاۋا ھەم ئەۋزانىنى① بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت يوقالغايمۇ؟»
(«ئۈزۈلمەس ئۈمىد» شېئىرىدىن)

① [illegible]

«دەۋر جەۋرىدىن ئىست! ھالىڭغا، ئويغۇر، ۋايىكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسىن!»

(«غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدىن)

ئالدىنقى ئىككى شېئىر ئوقۇش – ئوقۇتۇشنى يەنى ئىلىم – مەرىپەت بىلەن قوراللىنىشنى «ھازىرلىق» سۈپەتىدە كۆرسەتكەن بولسا، كېيىنكى ئىككى مىسرادا زۇلۇمدىن-مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى «جاننى ئالقانغا ئېلىپ كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىرنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن خاھىشچانلىق، غايە، ئىستەكلەرمۇ ئەمەلىيەتتە، «ھازىرلىق» سۈپىتىدە خەلقنى كۈرەشكە باشلاشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى يادروسىغا ھەر تەرەپتىن چەمبەرچاس باغلانغان. شائىرنىڭ كېيىنكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى مۇشۇ ئىدىيەۋى تەييارلىقنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىدۇر.

شائىر 1928 – يىلى «چىراغ» دېگەن سەرلەۋھەدە بىر شېئىر يازغان. بۇ شېئىر سەككىز مىسرادىنلا ئىبارەت كىچىك شېئىر بولسىمۇ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىلىم – مەرىپەت توغرىسىدىكى ئومۇمىي كۆز قارىشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

«تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گۆھەر بۇ چىراغ،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن، نۇرى جەۋھەر بۇ چىراغ.

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرنىڭ مەنبەئىدۇر بۇ چىراغ،
تۈندە يول تېپىپ مېڭىشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراغ.»

بۇنىڭدا ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت بۇ چىراغ ئاخىرى تۈنلەرنى يورۇتىدىغانلىقىنى، مۇشۇ مەشئەلگە، تايانغاندىلا نىشاندىن ئاداشماي توغرا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇ شېئىرنى شائىرنىڭ يالغۇز مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئىلغار ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ يەكۈنى ۋە مېغىزى دېيىشكە بولىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە پۈتۈن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئىلغار شائىر بولۇشقا تامامەن مۇناسىپ، ئۇ بارلىقىنى ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش، تەرەققىي تاپقان يېڭىچە ئىستىقبال يارىتىشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى دەۋرىمىزدە تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. شائىرنىڭ روھى بىزنى ئىلىم - مەرىپەت گۈللىنىۋاتقان ھازىرقى دەۋرنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا زور غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئېلىمىزنى پەن - مەدەنىيەتتە يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلاشقا كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرىدۇ.

# ئىنقىلابىي مەرىپەتپەرۋەر شائىر

## مۇھەممەتجان سادىق

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى — ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي باھا بېرىش خىزمىتى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى رەتلەش ۋە يېزىپ چىقىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان، مەرىپەتپەرۋەرلىكنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتىدا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەپ كەلدى. بۇ تېما ئۇيغۇر ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىغا قىزىل قان تومۇردەك تارتىلىپ، ئۇنىڭدا توختىماي ساغلام ۋە جۇشقۇن قىزىل قان ئېقىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئالىم ۋە تىلشۇناس مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مىسالغا ئېلىنغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھەر بىر نەمۇنىلىرىدا؛ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىن تارتىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شا-

ئىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى قاتارلىقلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق داستانلىرىدا؛ ناۋائى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي دەۋرىي ئەدەبىياتىنىڭ غەزەل ۋە داستانلىرىدا؛ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى، خوجىلار دەۋرى ۋە كېيىنكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى ئىجادىيىتىدە ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بارغانسېرى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم شەرتى سۈپىتىدە كۆيلەندى.

شىنجاڭغا دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى مەركەز قىلغان ھازىرقى زامان ئىدىيىسىنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى مەركەز قىلغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى يېڭىچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي خۇراپاتلىقى ئىنتايىن كۈچەيگەن شىنجاڭدا بۇ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ نوقول ئۆزىنىلا ئىپادىلەشكە بولمايتتى. بەلكى دېموكراتىيە، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنى ئويغىتىش، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم، دىنىي خۇراپاتلىقنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەرىپەتپەرۋەرلىكنى دەل شۇنداق كۆيلىگەن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە كۆيلەنگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى شائىرنىڭ كىچىكىدىنلا تىرىشىپ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ۋە ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىت-

نى ئۆگىنىشىدىن، تەرەققىي تاپقان خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ
ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىدىن شەكىللەنگەن.
شائىرنىڭ دادىسى چوڭ سودىگەر بولغاچقا، ئۇنى شىنجاڭ-
دىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا
ھەتتا شەرقىي ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەرگىچە بىرقانچە
قېتىم بىللە ئېلىپ بارغان. بۇ ساياھەتلەر شائىرنى ئىج-
تىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر خىل باسقۇچى، سىياسىي، ئىلىم-
پەن، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل دەرىجىسىدە تۇ-
رۇۋاتقان خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىۋاستە
تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. كۆپ بىلىم ئىگىلەپ
يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن شائىر ئۆزى كۆرگەن رايون
مەملىكەتلەردىكى نىسبەتەن ئويغانغان ۋە تەرەققىي تاپقان
خەلق ھەم مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى
بىلەن ئەينى چاغدىكى ئۆز خەلقىنىڭ سىياسىي ئورنى، ئىج-
تىمائىي رېئاللىقىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئەھۋال-
نى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئېغىر سىنىپىي - مىللىي زۇلۇم ۋە
ئوتتۇرا ئەسىر خوراپاتلىقىنىڭ ئاسارىتىدە قاقشاۋاتقان
خەلقىنىڭ ئېچىنارلىق ئەھۋالى شائىردا خەلق ئازادلىقى، ئىن-
قىلابىي دېموكراتىيە ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى
پەيدا قىلىپ، ئىنقىلابىي يولغا باشلىغان. شائىرنىڭ ئىجا-
دىيىتى مانا مۇشۇ ئىنقىلابىي ئىدىيىلەر تۇپرىقىدا كۆكلەپ،
خۇش پۇراق چاچقان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر XX ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى
بىلەن 30 - يىللىرى ئارىلىقىدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللاندى. بۇ مەزگىل شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مې-
ۋىلىرىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋالغان ھىيلىگەر ۋە

قارا نىيەت ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلى ئىدى. بۇ ئىستىبداتلىق يىللاردا سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ئېغىر كۈچىيىپ، شىنجاڭ جاھالەتلىك دوزاخقا ئايلانغانىدى. ياۋۇز ۋە مەككار مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ۋە بىر قىسىم دىندارلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەرلىك فېئودال-پومېشچىكلار بىلەن بىرلىشىپ، دەھشەتلىك سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا مىللىي تەڭسىزلىكنى ئورتىغا قويۇپ، مىللەتلەر ئارا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، بىرىنى بىرىگە سېلىپ جېدەل-ماجرا پەيدا قىلىپ، توپلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، شىنجاڭنى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك زىندانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، كۆپ تىل ئۆگىنىپ، كۆپ بىلىم ئىگىلىگەن، ئويغانغان ۋە تەرەققىي تاپقان مەملىكەت ۋە خەلقلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىرنىڭ
رىي ئىجادىيىتىنىڭ تېماتىكىسى، تەبىئىي ھالدا، سىنى-
- مىللىي زۇلۇمنى پاش قىلىش، دىنىي خۇراپاتلىقنى
، قىلىش، جانىجان خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ۋستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ دادىل چىقىش يولى ئىزدەش، خەلقنى ئويغىتىشقا، ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئازابلىق ھەسرەت، قاتتىق ئېچىنىش، يالقۇنلۇق ئۈمىد، قايتماس ئىرادە روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ مەركىزىدە جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقان سۆيۈملۈك خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرىش تۇرىدۇ. بۇ جاراڭلىق چاقىرىق جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقان خەلققە ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن

ـسىڭدۈرۈلگەن ناچار ئىللەتلەرنى سەمىمىي، كۆيۈنۈپ تەنقىد قىلىش؛ ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان ۋە بۇنى بىلىشنى ئىستىمىگەن خەلقنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن ئاھ ئۇرۇپ تولغىنىپ، گوت بولۇپ، چاقماقتەك يېنىش، قايغۇ ئازابىدا قىينىلىپ بەلبلا ئۈمىدلىك كۆزىنى سۇزۇلىدىغان جاھانغا تىكىش، پەن - مەدەنىيەت گۈللىنىدىغان، ئازاد - ئەركىن، يېڭى دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭگە ئاتلىنىش چوڭقۇر، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

«يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس.»
(«ئىستىمەس»دىن)

فېئودالىزم زەھەرلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ ئىنتايىن خەتەرلىك كېسەلگە مۇپتىلا بولغان مىللەت جېنى چىقىپ كېتىۋاتسىمۇ، داۋالىنىشنى ئىستىمەيدۇ. بۇ كېسەل قانداق كېسەل؟ بۇ قۇللۇق كېسىلى! بۇ تەقدىرگە تەن بېرىش كېسىلى! شائىر مۇنداق يازىدۇ:

«زۇلۇمغا مەھكۇم بولۇپ، باش ئۇرۇپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ،
نېمە دېسە راست دېمەك، قۇللۇقتا قالغانىڭكى،
تۇۋا - تەقسىر ئوقۇشۇپ، كانايدىن ئالسا قورقۇشۇپ،
ئەستاغپۇرۇللا ئوقۇش، ئالۋاستى باسقانىڭكى.»
(«ئار»دىن)

بۇنداق قۇللۇق تەقدىرگە تەن بېرىشتىن ئىبارەت ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان مىللەت «كۆزىنى تېڭىپ

جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۆي»دەك «يەر - يۈزىدە تېپىل-
ماس چىدام» بىلەن زۇلۇمنى غىڭ قىلماي تارتماقتا.

•

«دۇنيا ئۇرغانى تونۇر» دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە داردىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.
مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا
تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز - سۇلتانىمىز باردۇر.»
(«باردۇر»دىن)

شائىر ئۆز خەلقىنىڭ بۇنداق ئەھۋالىدىن كۈچلۈك ئار نومۇس ھېس قىلىپ، «پەلگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق، خارۇ زەبۇن ياشىماق، تەرسا، تەتۈر نادانىڭكى» دەپ، ئۆز خەلقىنى ئېچىنىش ۋە ئەلەم بىلەن تەنقىد قىلىدۇ. شائىر سۆيۈملۈك خەلقىنىڭ بۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆزىنى ئېغىر كېسەلدىن قۇتقۇزمىسا، تەقدىرىنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ مىللەت يوقىلىدىغانلىقىنى تونۇپ چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتكە پاتىدۇ:

«ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ.
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتىسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ.
ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئويغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى نېمە بولغىنىڭ؟...»
(«ئويغان»دىن)

شائىر كىيىنكى «جىق قىچقىرىپ يىرتىلىشقا» ئاز قالدۇ. تەنە ـ ھەسرەت بىلەن «دۈشمەنمەيەن بۇرادەرلەر، قۇلاقلار پەردىسى ساقمۇ؟» دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا شائىر ياركى ئۆزىنىڭ تەنھالىقىنى ھېس قىلىپ، ئالەمگە قايغۇ ـ زارىنى چاچىدۇ:

«جەبرە ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلماي، ئۆتمەكتە ئۆمۈرلەر تامام،
يالغۇز ئاتىنىڭ چېكى چىقماس»، يا يەتمىدى مېنىڭ چامام!»
(«روبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شائىر تەرغىپ قىلىۋاتقان دېموكراتىيە، خەلق ئازادلىقى ۋە ھۆرىيەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى خەلق ئاڭسىز، ساۋاتسىز تۇرۇۋاتقان، ھەر خىل مەنىۋى كىشەن ـ كويزىلار پۇت ـ قولىنى چۇشەپ تۇرغان شارائىتتا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئىكەن، شائىر ئۆز غايىسى ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەنھالىق ھېس قىلىپ، قايغۇرماسلىقى ھەم مۇمكىن ئەمەس. بىراق بۇ قايغۇ چۈشكۈنلۈك ـ ئۈمىدسىزلىك بولماي، بەلكى، ئەتراپىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بىر چاغدا، بالدۇر ئويغانغان ۋە بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ ئۆز خەلقىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن جەڭچىنىڭ قايغۇسىدۇر. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەت ياستۇقىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئويغانغان ۋە تەرەققىي تاپقان خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتىنى قىزغىنلىق بىلەن يەنە تەشۋىق قىلىپ، ئۆز خەلقىنى ئويغىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ:

«ئوت ھاۋىسى بىلەن ياكى ھاۋا، كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش يۈرمەك يولىنى تاپقانىڭكى.
ئىلىم - پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كۆكرەك كېرىپ، تەدبىر - ئەقىل تاپقانىڭكى.»

شائىر خەلقىنىڭ بۇنداق ئويغانمىغانلىقى خەلقنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەن - مەدەنىيەت مەرىپەت يولىغا مېڭىشقا قويمايۋاتقان «ھاماقەت دەۋر»دىن ئىكەنلىكىنى غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

لا ئەقىل دەپ ئويلىدى، چىندىن نەزەر سالماي تۇرۇپ،
يېڭىلىپ كەتتى ئۇلار، كۆپتىن بېرى ھوشيارىمەن،
پەنگە ماڭماق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارمەن.»
(«غەزەپ ۋە زار»دىن)

شائىر سەۋەبىنى تاپتى، ھەممىنى قىلىۋاتقان «ھاماقەت دەۋر»، خەلق يەنىلا پەن - مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتكە ئىنتىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ، ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قانچىلىك قىيىنچىلىقلارغا، توسقۇنلۇقلارغا يولۇقمىسۇن «شېئىر ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن» قايتمىغاندەك، قايتماسلىقى كېرەك! شائىر بۇنداق چاغدا، ئۇرغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ۋە قەدىردان خەلقىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ، يالقۇنلۇق كۈلخانىغا ئايلىنىدۇ:

«شۇندا كۆز ئالدىمدا ئايان: تاغۇ دەريا، گۈل - چىمەن،
تۇپرىقى كۆزلەرگە سۈرمە، تەرىپى داستان بىلەن،

تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ئەل ـ يۇرت، زالىمنىڭ زۇلۇمىدىن،
چىن يىگىتلەر، ئەزىمەتلەر، قۇتقۇزۇر ئىمكان بىلەن»
(«كۆرئوغلى داستانى»دىن)

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىن ئوغۇللۇق ۋە مەردلىك تۇيغۇسى قاپلىۋالغان شائىرنىڭ بۇ يولدىن قايتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەيلى ئۇ «تۇپرىقى كۆزلەرگە سۈرمە» يۇرتى ئۈچۈن، سۆيۈملۈك خەلقى ئۈچۈن، بۇ يولدا قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت چەكمىسۇن، ھەتتا بېشى كەتمىسۇن، بۇ يول، بۇ ھايات ئۇنىڭغا بەخت، ھەتتاكى خانىنىڭ ھاياتىدىنمۇ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك!

«ئېيتىڭىزچۇ ،ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن» شۇنداق، بۇنداق ھايات ـ ئۇلۇغ ھايات، قىممەتلىك ھايات! شان ـ شەرەپلىك ھايات، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك، بەختلىك ھايات! بۇنداق قەيسەر ئىرادە، روشەن غايىگە ئىگە كۈرەشچى يولىدىن قايتمايدۇ. ئەلنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان قانلىق جەڭگە ئات سېلىپ، قىلىچنى قانغا چوقۇم بويايدۇ. مانا بىزنىڭ ئالدىمىزدا جەڭگىۋار مىسرالار:

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جاندا بولسۇن شۇ خىتاب!»

ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان كۈچ «ھاماقەت دەۋر» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن شائىر ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ھاماقەت دەۋر»گە قارشى قانلىق جەڭ قىلىپ ئۇنى ئاغدۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. قان-

لىق جەڭ ئارقىلىق «ھاماقەت دەۋر»نى ئاغدۇرۇپ، خەلق ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ قەتئىي ھالدا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:

«ئابدۇخالىق قىل پىدا جان، بەلباغنى ئالماپ ئىككى چىڭ،
«جاندىن كەچ، جانانغا يەت»، بۇ بەكمۇ ئەلا چارىدۇر!»
(«ئارمان»دىن)

دېمەك شائىر، ئازادلىققا يېتىشنىڭ ئەلا چارىسى جاننى تىكىپ قانلىق جەڭ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇغان. ئۇ، بۇ خۇلاسىلىك كۆز قارىشىنى شېئىردىلا ئىپادىلەپ قالماي، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتىدىمۇ قانلىق جەڭ يولىغا قەدەم تاشلاپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

شائىرنىڭ قوراللىق كۈرەش ھەققىدىكى كۆز قارىشى، ئەلۋەتتە شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر قايغۇلۇق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. شۇنداقلا، ئۇ بۇ قانلىق كۈرەشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنىمۇ، ئازادلىقنىڭ ئوڭايلا قولغا كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتكەن. پەقەت ئىزبېسىپ، قانلىق كۈرەشنى مەردلەرچە ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئازادلىق دىدارىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى روشەن بىلگەن:

«ھەقىقەت لازىسى ئاچچىق، سەپەر مۇشكۇل، يول ئۇزۇن،
ئاقسا قان، كېسىلسە باش، دىدار تەلەپ قارارىدۇر.»
(«ئارمان»دىن)

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەرىپەتـ
پەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئادەتتىكى تەرەققىيپەرۋەرلىك ياكى ئىلـ
غارلىقتىن ھالقىپ قوراللىق ئىنقىلاب بىلەن چىڭ باغلانغان.
شۇڭلاشقا ئۇنى ئىنقىلابىي مەرىپەتپەرۋەر دېيىشكە تامامەن ھەقـ
لىقمىز! چۈنكى، شائىر ئۆز خەلقىنى ئىلغار پەن - مەدەنىـ
يەتكە ئىگە تەرەققىي تاپقان بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈـ
چۈن، ئالدى بىلەن «يەتتە پاشلىق يالماۋۇز مەھكەم ئورنىـ
شىپ ئالغان» قاباھەتلىك زاماندىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازادلىققا
چىقىرىش كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن.

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى چەڭگىۋار رېئالىزم

## ئابدۇۋەلى كېرەم

ۋەتەنپەرۋەر، تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر فېئوداللىق زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي جاھالەتچىلىك پۈتۈن شىنجاڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان، ھەر مىللەت كەڭ خەلق ئاممىسى سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق تالان - تاراج قىلىنىشقا، مەدەنىيەت جەھەتتە نادانلىققا مەھكۇم قىلىنغان ئەڭ زۇلمەتلىك، ئەڭ ئېچىنىشلىق دەۋردە ياشىدى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

قاتمۇقات زۇلۇم ئەۋج ئالغان بۇنداق دەھشەتلىك رېئاللىق كىچىكىدىنلا پەن - مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىپ، ئەينى دەۋردە شىنجاڭ زىيالىيلىرى ئارىسىدا تارقالغان جەدىتىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شائىردا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك، قۇللۇق جاھالىتى ئاستىدا كۈلپەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن چوڭقۇر خەيرخاھلىق ئويغاتتى.

شائىرنىڭ كىچىكىدىنلا چوڭ دادىسىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇشى ۋە ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى

بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى
تەرەققىياتى ھەققىدە دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى پەيدا قىلىپ
بۇ خىل نامۇۋاپىق تۈزۈمنى شارائىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا
ئىنقىلابىي ئىزدىنىش يولىغا ئېلىپ كىردى. كىشىلەر ئالدى-
دا پەقەت ئىككىلا چىقىش يولى بار ئىدى. بىرى، ياكى جىن
مىلىتارىستلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە تالان- تاراج قىلىشى
ئاستىدا تىز پۈكۈپ، قۇل بولۇپ ياشاش؛ يەنە بىرى ئىن-
سانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇنداق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق-
قا قارشى «جاننى ئالقانغا ئېلىپ» كۈرەش قىلىپ ئازاد-
ئەركىن يېڭى ھايات يارىتىش.

شائىر ناھايىتى كۆپ سانلىق ئامما تېخى غەپلەت ئۇيى-
قۇسىدا ياتقان، بىر ئوچۇم ھۆكۈمرانلار ھەدەپ قاتتىق -يۇ-
شاق ۋاستىلەر بىلەن ھەر مىللەتتىن بولغان يۇقىرى تەبى-
ئەمەلدارلىرىنى، دىنىي روھانىيلارنى سېتىۋېلىپ، خەلقنى تېخىمۇ
قاتتىق ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان، خەلق ئاممىسىنىڭ
ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەتتا رېئال ھايات ھەققىدىكى
ئەڭ تۆۋەن تەلەپلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ دەھشەتلىك باس-
تۇرۇۋاتقان خەتەرلىك سىياسىي ۋەزىيەت ئاستىدا قىلچە ئىك-
كىلەنمەي، قەلىمىنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە مىلىتارىستلار-
نىڭ زوراۋانلىقىنى پاش قىلىشقا قاراتتى. خەلق ئاممىسى
ئىچىدە ئوبيېكتىپ ھالدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان مىللىي زۇم-
ئىپلىكنى تارتىنماي پاش قىلىپ، ئازادلىق - ئەركىنلىك-
كە تەشنا خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بالدۇرراق ئويغىنىپ،
قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شائىر ئىجادىيىتىگە باشتىن ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن بۇن-
داق ئۆتكۈر سىياسىي خاھىش، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەب-

قىدىي رېئالىزملىق سەۋىيەدە چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى بەلكى ئەينى شارائىتتىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى، ئۆزگەرتىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش جەھەتتە ئىنقىلابىي رېئالىزمغا كۆپ دەرىجىدە يېقىنلاشقانلىقىنى نامايان قىلدى. چۈنكى، تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز دەۋرىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر پاش قىلىپ ئىندىۋىدۇئال ئازادلىق – ئەركىنلىك، بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، جەمئىيەتنى يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭ توغرا چارە – تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئىجادىيىتى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ بۇ خىل سەۋىيەسىدىن ھالقىپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇزۇل – كېسىل ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش قىلىش لازىملىقىنى ئىنتايىن روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، قەتئىي ھالدا كۈرەش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى. نەتىجىدە شائىر ئىجادىيىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن لىرىك قەھرىمانلار فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا پۈتمەس – تۈگىمەس ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلاردىنلا بولۇپ قالماستىن، بۇنداق ئادەمخور جەمئىيەتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئارقىلىقلا ئۆزگەرتىش مۇمكىنلىكىنى، ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش لازىملىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن قەھرىمانلار بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ ماقالەمدە، شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى جەڭگىۋار رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبى،

دەپ خاراكتېرلىمەكچىمەن ھەم بۇ خىل يەكۈنگە كېلىشىمىزدىكى ئاساسىمىزنى شەرھلەپ ئۆتمەكچىمەن:

1) شائىر ئىجادىيىتىگە باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن ئۆتكۈر سىياسىي خاھىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ياۋ زېمىنىنىڭ كۆپ قاتلاملىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش ۋە قامچىلاشقا قاراتتى. ئۆز ھاياتىغا كېلىدىغان خىلمۇ خىل تەھدىت ۋە زىيانكەشلىكلەردىن قورقماي، قەتئىي ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن قەلىمىنى قورال قىلىپ، ئاساسىي دۈشمەننىڭ ياۋۇزلارچە قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى:

«بۇ پارىلەرنىڭ بىرى،
يۇرتىمىز ئىدى شىنجاڭ.
ئۇيغۇر ئىدى ئاھالى،
يوق ئىدى ئۇندا بىر ئاڭ.

ھېچ تۇيمىدۇق بۇ ئىشنى،
ئۆتكۈزدۇق يازۇ قىشنى،
جاڭجۇن بولۇپ ياۋ زېمىن،
باشلىۋەتتى قىرىشنى.»

(«يەجوجى - مەجوجى»شېئىرىدىن)

مانا بۇ شائىر ياشاۋاتقان دەۋردىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىپىكلەشكەن قىياپىتى.

شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا مىلىتارىستلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش شۇنچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، فېئوداللىق تۈزۈم، مىللىي زۇلۇم، دىنىي

ئاسارەت بىرلەشكەن مۇستەبىتلىكنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ تۈپ خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ، جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ گىرەلىشىشى، بىرلىشىشى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىشقىچە بولغان چوڭقۇر ماھىيەتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشكىچە يەتتى. بىر تەرەپتىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىكىنى قوغداپ، تېخىمۇ كۆپ تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى قالاقلىق - قاششاقلىق، فېئودال تارقاقچىلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. مىللەتلەرنى - مىللەتلەرگە، يۇرتلارنى - يۇرتلارغا قارشى قويۇش بىلەن «نوختىلاش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش» تاكتىكىسىنى قوللاندى. يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي خۇراپاتلىقنى ھەددەپ يۆلەپ، خەلقنى نادانلىق ئاسارىتىدە قالدۇرۇپ، مىللىي ۋە دىنىي ساتقىنلاردىن ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان بىر ئوچۇم گۇماشتىلارنى يېتىشتۈرۈپ «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» تاكتىكىسىنى ئىشلەتتى. شائىر ئورغۇن شېئىرلىرىدا بۇ تارىخىي چىنلىقنى تارىخىي دىئالېكتىك جەھەتتىكى باغلىنىشلىرى بىلەن ئىنتايىن دەل ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى:

«بار ئىدى قازى - موللا،
ئۈستىدە تۇلۇ سەللا.
زەمىرىنى تۇتماق ۋاجىپ»،
دەپ چىقاردى پەتىۋا.

ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۆرە پاخلان تاپقاندەك،

يۈگۈدىمايلا يەپ كەلدى،»
(«يەجۇجى - مەجۇجى» شېئىرىدىن)

شائىر ئىسلام ئەقىدىلىرىدە ھۆكۈم سۈرگەن «پادىشاھ-
نىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ» دېگەن بۇ ئەقىلىنىڭ ئەك-
سىيەتچىل ماھىيىتىنى رېئاللىقنىڭ روھ بىلەن ئېچىپ بېرىپ،
بىر تەرەپتىن، دىنىي تونغا ئورالغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سات-
قىنلىقىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پاك زېمىننى
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىككى قوللۇق سىياسىتىنىڭ رەزىللىكىنى
قاتتىق قامچا ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭدەك ساختا پەتىۋا ئال-
دىدا تېڭىرقاپ، سۈكۈت قىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ھەر
مىللەت ئاھالىسى ئىچىدىكى قۇللۇق روھىي ھالەتنىمۇ ئاي-
ماي ئېچىپ تاشلىدى.

شائىرنىڭ «بىر پەلەكنىڭ خەمىكى»، «غەزەپ ۋە زار»،
«ئۈزۈلمەس ئۈمىد» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ھەممە بالايى-
ئاپەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى بولغان پاك زېمىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
ئىنتايىن رەزىل ئوبرازىنى سىزىپ — يوقىتىشنىڭ ئامال-
چارىسى ھەققىدە ھارماي- تالماي ئىزدەندى. پۈتۈن خەلقنى
ئويغىتىپ بۇ خىل زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش
ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدىكى ئۆتكۈر سىياسىي خاھىش
ناھايىتى روشەن يېڭى دېموكراتىك خاراكتېر ئالغان بولۇپ،
ئۇلارنى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ۋەكىللىرىدىن تېپىش قى-
يىن بولغان شەۋقىگە يەتكەندى.

2) شائىر يۈكسەك مىللەتپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ،
مىللەتنى ئويغىتىش، مىللەتنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى تىكلەش،

مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شائىر مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئازادلىق ئىشىنى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىم سېپى دەپ تونۇپ، مىللەتنى ئويغىتىش ئىشىنى، مىللەتنىڭ ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ھالىتىنى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى قالاقلىقىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسىدا ئەمەس، مىللىي روھنىڭ ئويغانمىغانلىقى ھۆكۈمران مىللەتلەرنىڭ ئېزىش ۋە قۇل قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاجىزلىق دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى مەنىۋى جەھەتتىكى قۇللۇق روھىي ھالىتىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىقىنى، دىنىي جەھەتتىكى مۇتەئەسسىپلىكىنى ئايىماي پاش قىلدى. ئۇنىڭ مىللىي زەئىپلىكىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشى، لو-شۇننىڭ مىللەتنى ئويغىتىش تەشەببۇسى ھەمدە ئۇنىڭ «چوقان»لىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە يەتتى. ئۇنىڭ «ئىستىمەس»، «ئويغان»، «باردۇر»، «قىل باھار» قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى.

«ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.
ھامىنىڭ ئەۋلادى بۈگۈن قۇللۇقتا بىرسى قالمىدى،
ئويغۇر ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستىمەس.
يەپ زەھەر، بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس.»

شائىر «ئىستىمەس» ناملىق بۇ شېئىرىدا نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىلكىدە، غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان خەلقىنىڭ زەئىپلىكىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى ئويغىنىش يولىدا جان كۆيدۈرگەن بولسا، «ئويغان» ناملىق شېئىرىدا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تېزدىن ئويغىنىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تۈزەشكە ئاتلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدى.

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ ... سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.
كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئوزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرسىتى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.»

شائىرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىدە مىڭ تولغىنىپ، مىڭ بىر كۆيۈشى ئەنە شۇنداق پەخانلىق بولۇپ، يۈرىكى تارس قىلىپ يېرىلغۇدەك دەرىجىگە كەلگەن. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېز سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىشقا ھارماي ـ تالماي چاقىرىق قىلغان. شائىر «ئۇيغۇرۇم» شېئىرىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك، كۈچلۈكلەر ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، ئۆزىنى بەزلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي مەرەزلەرنى بىرمۇ

بىر ئىچىپ تاشلاپ، بۇ خىل زەئىپلىكنىڭ باشقىلارنىڭ
خالىغانچە بوزەك قىلىشى ۋە ئۆمۈرۋايەت خارۇ زارلىقتا
ئۆتۈشىنىڭ بىر مۇھىم ئاساسى ئىكەنلىكىنى پاش قىلىپ
كۆرسەتتى. تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر مىللىي زۇلۇم ئەۋج
ئالغان ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلاردىكى ئېغىر قۇللۇق روھىي
ھالىتىنى ئىنتايىن دەل ئوبرازلاشتۇرۇپ مۇنداق تەسۋىر-
لىگەنىدى:

«مالىڭ كۆزىنى تېڭىپ جوگازغا قوشقان سېرىق ئۇي
تېپىلماس يەر يۈزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىلىك چىدام.»
(«رۇبائىي ۋە پارچىلار»دىن)

قەد كۆتۈرەي دېسەڭ ئورنىڭدىن تۇر، مىللىي غۇرۇرۇڭ-
نى ئاياغ - ئاستى قىلمايمەن دېسەڭ ئويغان، تۇرمۇشۇڭنى
ئۆزگەرتىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت، ئەركىن - ئازادە
ياشايمەن دېسەڭ كۈرەش قىل! — مانا بۇ بىر قاتار كەسكىن
خىتابلار ئۇنىڭ ھەر قانداق شېئىرىغا تولۇق سىڭدۈرۈلگەن
بولۇپ، خەلق ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلالايدىغانلىقىنى، ئازاد-
لىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قوراللىق ئىنقىلاب ئېلىپ
بېرىشلا بىردىنبىر توغرا چارە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش-
تىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ كىشىلىك
تۇرمۇش قارىشىدا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشقا ئىگە ئىكەن-
لىكىنىلا ئەمەس، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، ئۆزگىرىش ۋە
تەرەققىياتى ھەققىدە ھەم تارىخىي چىنلىق ھەم دىئالېكتىك
قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىشتە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

3) شائىر ئىجادىيىتىدە ئىزچىل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر ئىدىيىۋى مەزمۇن دىنىي جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، پەن - مەدەنىيەت ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىلىم - پەننىڭ ئىنساننى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى رولىغا بولغان يۈكسەك ئېتىقاد بولدى.

«يەنە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر - جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ، كەتتى يىراق،
مەن تېخى يالڭاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن.»

شائىر ئورغۇن شېئىرلىرىدا دىنىي خۇراپاتلىقنى كۈچلۈك ھەجۋىي كۈلكىسى بىلەن مەسخىرە قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىگە بولۇشنى يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىدى. بۇ نۇقتىدىمۇ شائىر ئوخشاشلا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى باسقۇچىغا يېتىشىنىلا كۆزدە تۇتقىنى يوق، بەلكى، ئەڭ مۇھىمى، ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاڭنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى توغرا يورۇتۇپ بەردى.

4) شائىر ئىجادىيىتىدە باشتىن - ئاخىر ئەڭ روشەن، ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇنىڭ «كۈرەش» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكى بولدى. ئۇ بارلىق شېئىرلىرىنى مۇشۇ سىياسىي خاھىشى بىلەن تويۇندۇرۇپ، كۈرەش بىلەن يېڭى دۇنيا يارىتىش ھەققىدىكى ئىنقىلابىي جاسارىتىنى تەشۋىق قىلدى.

گەرچە، بىز ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزدە شائىرنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن تونۇشقانلىقى، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن جاننى ئالقانغا ئېلىپ، قوراللىق ئىنقىلابقا ئاتلىنىش، ئىنقىلابنىڭ پارلاق سىناقلىرىغا بولغان تولۇق روھىي تەييارلىقىدىن؛ شۇنىڭدەك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىرقانچە قېتىم زىيارەت قىلىش، بولۇپمۇ شەمەي شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپلا دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بورىنىغا ئۆزىنى ئېتىشتەك ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دۇنيا قاراشتا ۋە ئىنقىلاب داۋلىيالىرىنى چۈشىنىشتە پەقەت بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيەۋى باسقۇچتىلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى، يېڭى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق بىلىمگە، ئىنقىلابىي سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

«قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر، ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ.
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.»

(«ئويغان» شېئىرىدىن)

مانا بۇ شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان دېھقانلار ھەرىكىتىنى قوزغاشتىكى يالقۇنلۇق چاقىرىقنامىسى. شائىر

قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن ئىلھاملىنىپ، «تۆمۈرنى قىزى-
قىدا سوقۇش» ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پىدائىكارلىق
بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئاتلانغان، بىر قولىغا قەلەم، بىر
قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلابنى بالدۇرراق ئەۋج ئالدۇرۇپ،
غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىرىغان:

«دەۋرى جەبرىدىن ئىسسىت ھالىڭغا ئۇيغۇر، ۋايىكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسەن.»

دېمەك، زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇ-
لۇشنىڭ بىرلا يولى بار: ئۇ بولسىمۇ «جاننى ئالقانغا ئېلىپ»
كۆرەش قىلىش يولى، ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

«ئۇيغۇر ئېچىپ كۆزۈڭنى
تونۇتۇپ قوي ئۆزۈڭنى.
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي.»
(«ئويغان» شېئىرىدىن)

شائىر نۇرغۇن شېئىرلىرىدا مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەت قاپلىغان مۇدھىش
ئوبرازىنى سىزىپ، بۇنداق مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
ھايات - ماماتلىق كۈرەشكە جان پىدا قىلغان قەھرىمانلار-
نىڭ باتۇرانە ئوبرازىنى ياراتتى. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا
ئىنقىلابنى بۇرۇنراق باشلىۋېتىشكە بولغان تەقەززاسى، پۇ-
خادىن چىققۇچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدىغان جاسارىتى جۇش

ئورۇپلا قالماستىن، سالماقلىق بىلەن ئىنقىلابنىڭ ھايات-ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان قىيىن سىناقلارنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىق مۆلچەرلىگەن تولۇق روھىي تەييارلىقىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق ھەر جاندا بولسۇن شۇ خىتاب»
(«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» شېئىرىدىن)

«ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما، بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچىنى بوياپ قان بىلەن»
(«كۆڭۈل خاھىشى» شېئىرىدىن)

شائىر ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئىشىنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار، ئەڭ مۇقەددەس ئىش دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان. جەڭگىۋار ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان لىرىكىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايە، جەڭگىۋار تەشەببۇسلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىشقا، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان. شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ خىتابلىرىنى يالغۇز باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى، بۇ خىتابلىرىغا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىپ، ئىنقىلابنى تىكلەش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرگۈچە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئاخىرىدا ھەققانىيەت ۋە ئازادلىق يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى. مانا بۇ شائىرنىڭ

ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىلگىرى سۈرگەن خىتابلىرىغا بەرگەن-
شانلىق جاۋابى. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن
ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى بۇنداق يۈكسەك سەۋىيىسى-
20 - يىللاردىكى شىنجاڭ شارائىتىدا ھەر قانداق ئادەمدە
يېتىشكەن سەۋىيە ئەمەس. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيت-
قاندا، شائىر 20 - يىللاردا تۇرۇپ، 40 - يىللارنىڭ ئىدىيىۋى-
يۈكسەكلىكىگە قول يەتكۈزۈپ، ئۆز دەۋرى چەكلىمىسىدىن-
بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ھالقىپ ئۆتكەن. شائىر
ئاھايىتى توغرا، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ۋەتىنىمىزدە-
ئىجتىمائىي ئازادلىق دولقۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدى-
غانلىقىنى، ئىنقىلاب چەزمەن غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئەركىن -
ئازاد يېڭى جەمئىيەت بەرپا بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.
يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلەرگە ئاساسەن، يېڭى زامان-
دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇشقا
مۇناسىپ بولغان ئىنقىلابىي شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا
باھا بەرگەندە، «جەڭگىۋار رېئالىزم» دېگەن يەكۈنگە كەلدۇق.
بۇنداق ئاتاشتا مۇنداق ئىككى سېلىشتۇرما نەزەردە تۇتۇلغان:
بىرىنچىدىن، شائىر ئىجادىيىتى تەنقىدىي رېئالىزمدىن ئۈس-
تۈن تۇرىدىغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ماركسىزملىق كۆز قا-
راشنى يېتەكچى قىلغان ئىنقىلابىي رېئالىزم، ياكى سوتسى-
يالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىنمۇ پەرقلىنىدى-
غانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا، بۇ خىل باھانى ئوت-
تۇرىغا قويدۇق.
بۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ «يار»نى سىمۋول قىلغان
بىرمۇنچە شېئىرلىرى بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا، ئاساسەن، جۇ-
دالىق زارى بىلەن ۋىسال تەشنالىقى، تۇرمۇشتىن زېرىكىش-

پىغان ۋە زار، يالغۇزلۇق دەرد ـ ھەسرىتى قاتارلىق روھىي ھالەتلەرمۇ ئەكس ئەتكەن. بىراق بۇلار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرىقى ئاساسىي خاھىشلىرىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇنى شائىرنىڭ ئەينى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان تەۋرىنىشلەر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قالدۇرۇپ كەتكەن
# قىممەتلىك مەنىۋى مىراس

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئېسىل پەزىلىتى ۋە يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. شائىر قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى مىراسلارنىڭ قىممىتىنى، تارىخىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، توغرا باھالىغاندىلا، شائىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن غايىسىگە تېخىمۇ ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ھەر قانداق ئىلمىي تەتقىقات ياكى ئىلمىي مۇھاكىمە مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى بىلەن ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىكى تۈپ مەقسىتىمىز زادى نېمە؟ مېنىڭچە، مەقسەت پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، شائىر قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلارنى بۈگۈنكى رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مەن بۇ ماقالەمدە شائىرنىڭ ھاياتىدا، پەزىلىتىدە ۋە ئىجادىيىتىدە ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن خەلقپەرۋەرلىك

توغرىسىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى فېئودالىزم، خۇراپاتلىق، نادانلىق، قالاقلىق، نامراتلىق ۋە جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان يىللاردا ياشىدى ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. زوراۋان ھەم مەككار مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى بىلەن فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھەقىقەتنى سۆيىدىغان بۇ تەرەققىيپەرۋەر شائىرنىڭ قىممەتلىك ياش ھاياتى بىلەن ئىجادىي پائالىيىتىگە قاتتىق زەربىلەرنى بەرگەن ۋە دەھشەتلىك زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالمىدى، ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى، تەپەككۇرىنى تىزگىنلىيەلمىدى، غايە مەشئىلىنى ئۆچۈرەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبىدە خەلققە بولغان ئاجايىپ كۈچلۈك سۆيگۈ ئوتى لاۋۇلدايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پارلاقىنى مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە بېغىشلىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ خەلق دۈشمەنلىرىدىن قىلچە تەپتارتمىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۈكۈلۈشنى، سۈكۈت قىلىشنى، تەخسە كۆتۈرۈشنى، دۇدۇقلاشنى، لاغىلداپ تىترەشنى ۋىجدانسىزلىق ھېسابلىدى. چۈنكى مىللەتنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالى، مىللەتنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرغان سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە نادانلىق تاغلىرى شائىرنىڭ ئويغاق قەلبىنى قاتتىق ئازابلايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتكە، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلدۈرۈش ۋە زۇلۇمغا، فېئودال خۇراپاتلىققا، مەنىۋى قاششاقلىققا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىش خاھىشلىرى بىلەن سۇغۇرۇلدى. چىن ھەم قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ شېئىرلار دەردمەن ھەم كېبەلچان

ئانىنىڭ يېنىدا يۈرىكى پۇچۇلىنىپ ئولتۇرغان ۋاپادار ۋە كۆيۈمچان پەرزەنتىنىڭ ھەسرەتلىك سادasىغا ئوخشايتتى. چۈنكى، ئۇنى ئاشۇ جاپاكەش ئانا بېقىپ چوڭ قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاشۇ جاپاكەش مېھرىبان ئانىنى كېسەلدىن، دەردتىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسى چۇلغىۋالغانىدى. بۇ خىل ئۇلۇغۋار ئارزۇ شائىرنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا، ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۇچرىغان بارلىق توسالغۇلارنى يېڭەلەيدىغان ئاجايىپ جاسارەتكە، خەلق مەنپەئەتىنى، ھەقىقەتنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە قىلدى.

مىللىي زوراۋانلىق سىياسىتىنى ئەسەبىيلەرچە يۈرگۈزۈۋاتقان ھىيلىگەر مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدىن، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ كۈچىيىشىدىن، مىللىي ئاڭنىڭ ئۆسۈشىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى، مىللىي مۇناپىقلارنى جىنىنىڭ بارىچە يۆلەپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى.

ئەكسىيەتچى دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ساختا تەشۋىقاتىغا ئىشەنگەن، ئالدانغان كىشىلەر ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل نىيىتىنى چۈشەنمەيتتى. مەنىۋى قۇللۇق ئۇلارنى كور ھەم پالەچ قىلىۋەتكەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىل روھىي كېسەلنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ، مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زەئىپلىكىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتقان، ئىناقسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان

ئاجىز مىللەتنىڭ نادانلىقتىن، قالاقلىقتىن، نامراتلىقتىن، بولۇپمۇ ئاسارەت ئىلكىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن خەلقپەرۋەر شائىر ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى مىللىي ئاڭنى ئويغىتىشقا بېغىشلىدى:

«ئۆمۈمىنىڭ پايدىسىغا 100 يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.

بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بىرىپ ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر.

ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل كەلسە تاپالماسمىز،
چىقىمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.

ئەخۋان ھەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،
مەگەر دوست بولساتمۇ ئەسلى، بۆلەك مۇددىئايىمىز باردۇر.

خاتا ئەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى تېپىپ قاتقانىمىز باردۇر.

با بالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سىغىنماسمىز،
قىلىپ غەپلەت جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز پو ئاتقانىمىز باردۇر.

..............................................................

ئويۇن - چاقچاق تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا بىئەت بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بايىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلىسى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سىمىز باتقانىمىز باردۇر.

ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
ھىننىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ سەللا، نەپسى بالا موللىمىز، سۇلتانىمىز باردۇر.

قىزىلكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

ئەل ـ يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.»

ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ «باردۇر» ناملىق شېئىرىنىڭ مۇشۇ مىسرالىرى ئارقىلىق مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا قونغان ۋە ئۇنى ئاجىز، كې-سەلمەن قىلىپ قويغان نەپسانىيەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، قۇللۇقچىلىق، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، روھىي غالبىيەت-چىلىك، قالاقلىق، خۇشامەتچىلىك، يالغانچىلىق قاتارلىق مەلۇي چاڭ ـ توزاڭلارنى ھەققىي شائىرغا خاس چىن ھېس-سىيات بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى «روھىي ئىنژېنېر» لىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. چۈنكى، ئۇ شېئىرلىرى

پۇل، مەنسەپ، ئاتاق - ئابروي، راھەت - پاراغەت تاماسىدا يازمىغان. مىللىي ئاڭنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتنى زۇلۇم بىلەن فېئوداللىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى بىردىنبىر مۇددىئاسى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ رېئاللىققا كۆز يۇمۇپ، تۇرمۇشنى بۇرمىلاپ، يالغان گەپ قىلىپ، ئاغرىقنى يوشۇرۇپ، خەلقنى ئالداشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن ئاغرىغان يەرگە ئارام بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى قىلچە يوشۇرماستىن شۇ قەدەر چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىيالىغانلىقى خەلققە بولغان ئاجايىپ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ، خەلقنىڭ ھالىغا چەكسىز كۆيۈنگەنلىكىنىڭ روشەن ئالامىتىدۇر. ئۇ «مىللەتپەرۋەرلىك»، «خەلقپەرۋەرلىك» دېگەن چىرايلىق ئىبارىلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ساتىدىغان كاززاپ، تۈز كورلارغا ئەمەس، بەلكى تۇغقىنىنىڭ كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويالايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆتكۈر ئوپېراتسىيە پىچىقى ئارقىلىق خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان شەپقەتچى دوختۇرغا ئوخشايتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ روھىي ھالىتى توغرىسىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ تىغى ئۆتكۈر بولدى، دەل مۇشۇ ئۆتكۈر تىغ مىللەتنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى چوڭقۇر تونۇشقا ۋە ئۇلارنى يېڭىشكە كۈچلۈك ياردەم بەردى. شائىرنىڭ خەلق ئالدىدىكى شان - شۆھرىتىنى ئاشۇردى.

قەلبى ئىلىم - مەرىپەت ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ نۇرى بىلەن يورۇغان، بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ روھ

سىيە زېمىنىدىكى غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئۆز خەلقىنىڭ ئىچىدە نادانلىق، نامراتلىق ۋە زۇلۇم تاغلىرى ئاستىدا ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەتلىنىدى.

ھامىنىڭ ئەۋلادى بۈگۈن قۇللۇقتا بىرى قالمىدى،
ئۇيغۇر ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستىمەس.

يەپ زەھەر، بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس.

باشقىلار پويىز، پاراخوتتا ساياھەتلەر قىلۇر،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىش ئاسان ئەمەس.

مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىپ ئىڭرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس.

شائىر ئۆزىنىڭ «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرىدىكى مۇ-شۇ مىسرالار ئارقىلىق مىللەتنى خارلىقتا قالدۇرىدىغان بۇ خىل ئېغىر ئۇيقۇنىڭ يەنى ئېچىنىشلىق تەقدىرگە تەن بېرىشنى راۋا كۆرىدىغان روھىي قۇللۇقنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ خىل غەپلەت ئۇيقۇسى ئالدىدا چەكسىز قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۆز مىللىتىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى دۇنيادىكى، جۈملىدىن ياۋروپادىكى قەد كۆتۈرگەن، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ قاتتىق ئازابلانغان

شائىر مىللەتنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇش كېرەكلىكىنى، ئاڭ سەۋىيىسى ۋە بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئوڭايلا باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭلاشقا ئۇ 1926 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا، يېڭىچە ئىلىم - پەننى، ئىلغار مەدەنىيەتنى ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ خەلقنى ئويغىتىشتا، مىللىي ئاڭنى ئۆستۈرۈشتە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىيالايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىشنىڭ زېمىنىنى يارىتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى كۆز تۇتۇپ، تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق قىلدى. لېكىن ئەكسىيەتچى مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى شائىرنىڭ باسما زاۋۇتى قۇرۇشىغا يول قويمىدى. بۇ خىل زوراۋانلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خەلقنى ئويغىتىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ 1927 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتى، پىچاندىكى ئىسكەندەر خوجا قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئىلغار كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» قۇرۇپ، ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش ئىئانە توپلاپ، تۇرپان يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇلڭ دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يېڭى شەھەر ئاقارايدا «ھۆررىيەت مەكتىپى» ۋە كونا شەھەر نەنمىڭدا يەنە بىر مەكتەپ ئاچتى.

يېڭىلىقتىن، مەرىپەتتىن، تەرەققىياتتىن ئۆلگىدەك

قورقىدىغان فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تىل - ھاقارەت ۋە تۆھمەت - شىكايەتنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىنى ياغدۇرۇش ئارقىلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىشكە، شۇ ئارقىلىق ئاقارتىش ھەرىكىتىنى چەكلەشكە ئۇرۇندى. چۈنكى ئۇلار ئويغانغان مىللەتنى ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يېڭى ئىلىم - پەننى ئىگىلىگەن خەلقنىڭ فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنىڭ بۇيرۇقىغا كۆنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار شائىرغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلدى. مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى زەھەرلەپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە يۆلەنچۈك بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسى شائىرنى قىلچە ئۈركىتەلمىدى. ئۆز ئىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەن شائىر فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قاتتىق غەزەپلەندى ھەمدە ئۇلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى. شائىرنىڭ:

«پەنگە ماڭساق كۆز تىكىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىش
بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارمەن.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالڭاياغ، دەسسەپ تىككەن ماڭارمەن.
ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قولدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن.»
(«غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدىن)

«ئېيتقى ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ.»
(«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» شېئىرىدىن)

دېگەن مىسرالىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار بۇ نۇقتى-
نى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ مىسرا-
لىرىدا فېئودال مۇتەئەسسىپلەرگە بولغان ئىنتايىن كۈچلۈك
غەزەپ - نەپرىتىنى، سۇنماس ئىرادىسىنى، ھەقىقەتكە بول-
غان ئىشەنچىسىنى، خەلققە بولغان سۆيگۈسىنى روشەن ئىپا-
دىلىگەن. شۇنىڭدەك ئالدامچى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ رەزىل
ئەپت - بەشىرىسىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

ئەمگەكچىلەر خوجايىنلىقىدىكى تۇنجى سوتسىيالىس-
تىك دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا كەلگەن غايەت
زور تەرەققىياتلارنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان تەڭ-
لىك - باراۋەرلىك ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەت-
لەرنى، خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن
ئاجايىپ يۈكسىلىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىر
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز مىللىتىنى خارلىقتىن، ئاجىزلىقتىن
ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن، جىن
شۇرېن ۋەكىللىكىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چىرىك ھاكىمى-
يىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.
چۈنكى مىللەت ئۇچراۋاتقان بارلىق بالا - قازانىڭ يىلتىزى
ئاشۇ ھاكىمىيەت ئىدى. ئۇنى پاچاقلىماي تۇرۇپ خەلقنى
بەخت - سائادەتكە، خوجايىنلىق ئورنىغا ئېرىشتۈرگىلى
بولمايتتى. تارىخىي رېئاللىق شائىرغا تەقدىم قىلغان بۇ
خىل ھەقىقەت ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر
كۆرسەتتى. ئۇ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىك ماھى-
يىتىنى دادىل ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى ئازادلىق - ھۆرلۈك
يولىدا جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.
شۇنداقلا ئۆزىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ يولغا ئاتىغانلىقىنى، بۇ

يولدا قۇربان بولۇشنى بەخت دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇنۇ يالقۇنلۇق مىسرالارغا قاراڭ:

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلىسەن ئارماندا، بىر كۈن نائىلاج.
..............................

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىگە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرسەتى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەبدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقۇنۇم.
..............................»

(«ئويغان» شېئىرىدىن)

شائىرنىڭ كېچە ـ كۈندۈز خەلقنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىنىڭ،

خەلقنى قىلىچە ئىككىلەنمەستىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرغانلىقىنىڭ ۋە خەلققە، ئىنقىلاب پۈرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى چىددىي ئەسكەرتكەنلىكىنىڭ ئۆچمەس بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان بۇ يالقۇنلۇق مىسرالار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەشھۇر خەلقپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنىڭ پولاتتەك دەلىلى. ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ سەركەردىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە چىددىي داۋالغۇش يۈز بېرىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي قەتئىيلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، شېئىرىيەتنى ئىنقىلابنىڭ مەشئىلىگە ئايلاندۇردى.

ئۇ كۆتۈرگەن نۇرلۇق مەشئەل ھۆرلۈك ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان پىداكارلارنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلداتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ مەشئەلنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆتكۈر ئىسيانكارلىق روھىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئەكسىيەتچىلەر شائىرنى شېئىر يېزىشتىن، خەلقنى بولسا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلىدى. بۇ ھال شائىرنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزەپ ئوتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ:

«ئابدۇخالىق، ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچنى بۇياپ قان بىلەن.»

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك.
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.»

دەپ يېزىپ، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن جېب-ھىنى تىكىپ قويغانلىقىنى، بۇ يولدا قولىغا پەقەت قەلەملا ئەمەس، بەلكى ئەلەمىز ئالىدىغانلىقىنى چاكارلىدى. تىز پۈكمەس روھقا ئىگە شائىر 1932 - يىلى 11 - ئايدا «ئوي-غان»، «ئاچىل» ناملىق شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەت بىلەن يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەي-ۋىسىگە تاقابىل تۇردى ۋە شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا تۈرپاندا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭغا بىۋاسىتە قاتناشتى. شائىرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى بىلەن ئىسىل پەزىلىتى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكىنى، خەلققە سادىق پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىياتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ نەمۇنىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپات-لىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خىسلىتى شائىر دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغان چاغلاردا ئاجايىپ روشەن ئىپادىلەندى.

شائىرنىڭ تۈرمىدە يازغان «ئىچ پۇشۇش» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارغا قاراڭ:

«گۇناھسىز بىز، ئەيىبسىز بىز، بۇ شۇملار ئالدىدا قىلچە،
ۋە ياكى بىز ئۇنۇپ چىققان ئورۇپ تاشلاشقا چاققاقمۇ؟

جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قىلىشمايمىز بۇ شۇملاردىن، ئەمەسمىز ياكى ئاقسامۇ.

بۇلار قىلماقتا بىزلەرگە تۈرلۈك - تۈمەن ھاقارەتلەر،
بىلەلمەيمەن بۇ سۆزلەرنى، قىلىنغان بىزگە چاقچاقمۇ؟

قاتايدۇ بىزنى چەنتۇ دەپ، قوشۇپ ھايۋان بىلەن بىرسەپ
چىداشقا زەررە تاقەت يوق، ھاياتلىق بىزگە شۇنداقمۇ؟»

شائىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ مىسرالىرى ئارقىلىق ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر شىنجاڭ رايونىدا غالجىرلىق بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي كەمسىتىش، مىللىي تەڭسىزلىك، مىللىي زوراۋانلىق ۋە مىللىي ئىناقسىزلىق سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلەرگە قىلچە باش ئەگمەيدىغانلىقىنى ۋە خەلق مەنپەئەتىگە ئەبەدىل - ئەبەد سادىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بويسۇندۇرۇش سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان قانخور شېڭ شىسەي 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شائىرنى سەپداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھىرىدە سازايى قىلدى ھەمدە، جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ مەيدان ھەقىقىي خەلقپەرۋەر بىلەن ساختا خەلقپەرۋەرنى ئېنىق ئايرىيدىغان، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان مەيدان ئىدى. بۇ مەيداندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۇنماس ئىرادىسى، ئۆچمەس ئەقىدىسى تېخىمۇ ئېنىق مەلۇم بولدى. قەيسەر شائىر جاللاتلارنىڭ ھەيۋىسىگە قىلچە پىسەنت قىلماي، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا «ياشىسۇن ئازادلىق!» دەپ ياڭراق شوئار توۋلىدى. جاللاتلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل پەرزەنتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇتلۇق نامى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن بىللە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە.

ئەكسىيەتچىلەر شائىرنىڭ ياش ھاياتىنى نابۇت قىلىۋەتتى. لېكىن ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل مەنىۋى مىراسلىرىنى يوق قىلىۋېتەلمىدى. شائىر قالدۇرۇپ كەتكەن خەلقپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مەنىۋى مىراس، ئەدەبىياتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۈنىلىشى ئىزچىللاشتۇرۇلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تولۇق نامايەن قىلماقتا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئاجايىپ يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن يۈكسەك خەلقپەرۋەر روھ ئۇنى دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلىگە، ئۆلمەس شائىرغا ئايلاندۇردى. شائىرنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بىزگە خەلق ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئىجاد قىلغان ۋە ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەسەرلەردە ئىپادىلىگەن يۈكسەك غايە يولىدا ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلغان شائىرنىڭ خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

مېنىڭچە، ئەدەبىياتنى خەلق ئۈچۈن ۋە سوتسىيال ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرغاندىلا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك روھىغا ھەقىقىي تۈردە ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق ئاممىسى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى سۆيىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئەدەبىياتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ماھىيىتى تامامەن بىردەكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇمۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە سىرتقا

قارىتا ئىشىنىك ئىچمۇچىتىلگەن بىزگىلونكى جۇڭگو زېمىنىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىگە ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئەدەبىياتقا مۇھتاج. خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى بىلەن مۇھەببەت - نەپرىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئەدەبىيات، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغىمۇ ئېرىشەلەيدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىزگە ئىجادىيەتتە ھەر قانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ جىددىي مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇشنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى.

# شېئىرنى قورال قىلغان جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى

مەھەممەت شانىياز

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1920 ـ يىللاردا شىنجاڭدا سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم مىسلىسىز كۈچىيىپ جاھالەتنىڭ قارا پەردىسى ھەممىلا يەرنى قاپلىغان زۇلمەتلىك زاماندا «چاقماقتەك نۇرلۇق، كەلكۈندەك قۇدرەتلىك» شېئىرلارنى يېزىپ، چىرىك كونا دۇنياغا شەپقەتسىز ئوت ئېچىپ، ئېزىلگەن خەلقنى ئويغىتىپ، خەلقنىڭ فېئودالىزم زۇلمىغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىگە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىلھام بەرگەن جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى «كۆڭۈل خاھىشى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق جاكارلىغانىدى:

«تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ئەل ـ يۇرت، زالىمنىڭ زۇلمىدىن،
چىن يىگىتلەر، ئەزىمەتلەر قۇتقۇزۇر ئىمكان بىلەن.
كۈنۈ تۈن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چوقان بىلەن.
ئابدۇخالىق ئۆشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل ھەمدىن خالاس، قىلىچنى يۇياپ قان بىلەن»

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئۆزىنىڭ خۇددى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ تۈندە ۋالىلداپ چاقنىغان چاقماقتەك ئۆتكەن ئىسقا ھاياتىدا بۇ تەنتەنىلىك قەسەمنى ئورۇنلاشقا بېغىشلىدى.

شائىر ئۆزىنىڭ 1920 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يازغان «باردۇر» ۋە «نار»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئەستەمەس» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلىرىدە، خەلقىمىزنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان فېئودال مۇتەئەسسىپلىك، كونىلىق، دىنىي خۇراپاتلىق، نادانلىق، ئىتتىپاقسىزلىقتەك ناچار ئىللەتلەرنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، شەپقەتسىز قامچىلاپ، خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، دۇنيادا ئالغا كەتكەن خەلقلەرنى ئۈلگە قىلىپ يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا كۆچۈشكە چاقىردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆتۈرۈپ چىققان ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش، ئىلغار مىللەتلەردىن ئۆگىنىپ يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا كۆچۈشكە ئوخشاش ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى شىنجاڭدا دەل ئەينى زاماندا خەلق ئاممىسى تەشنا بولۇپ ئارزۇ قىلىۋاتقان، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ شائىرنىڭ نادىر شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ خېلى چوڭ غۇلغۇلا تۇغدۇردى. نەتىجىدە، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى كۈچەپ يۈرگۈزۈۋاتقان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى بۇ ھالدىن قاتتىق چۆچۈپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىپ كېتىشىنى چەكلەپ، تەقىب قىلىشقا باشلىدى. زالىم ئەمەلدارلار، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان مۇتەئەسسىپلەر بولسا، نومۇسسىزلىق بىلەن پىتنە - ئىغۋا توقۇپ شائىرنى

قارىغەي، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنىڭ بىراق دېموكراتىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىپ ئېگىلىق، ئىلغارلىقنىڭ، ئىلىم-پەننىڭ ھەرقانداق يولىنى ئېتىپ تاشلاپ، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇشتەك فېئودال فاشىستىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن تۇرپاندا، جۈملىدىن شىنجاڭدا گېزىت-ژۇرنال، مەتبۇئات بولمىغان ئەھۋالدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىنى ئۇرۇق-تۇغقان، خولۇم-قوشنىلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىگە ئوقۇپ بەرگەن، دۇكان-رەستىلەر، ئاشپۇزۇل، ساتىراچخانا ۋە باشقا خەلق يىغىلىدىغان سورۇنلار شائىر شېئىرلىرىنىڭ نەشر ئەپكار ئورنى بولدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، شائىرنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىۋېتىدىغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق ئىچىگە تارقالدى.

1920-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، فېئودال مىلىتارىستلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئېزىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، باستۇرۇشنى كۈچەيتتى. قەيەردە زۇلۇم كۈچىيىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىقمۇ كۈچىيىدۇ. جەمئىيەتتە چېرىك فېئودالىق تۈزۈم بىلەن زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى يېڭى كۈرەش دولقۇنىنىڭ ئۈندۈرمىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ تارىخىي پەيتتە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشتىن تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق، جۈملىدىن ئىلگىرى ئېلىپ بارغان كۈرەشلەرنىڭ تەجرىبە-سا-

ۋاق ۋە پەكولى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى شائىرنى ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراشتا زور ئىلگىرىلەشكە ئىگە قىلدى. شائىر ۋەتەننى قۇت-قۇزۇش ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن، يېڭىلىق، ئىلغارلىقنى تەشەب-بۇس قىلىشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، فېئوداللىق تۈ-زۈمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئۇيغۇر ئېچىپ كۆزۈڭنى،<br>
تونۇتۇپ قوي ئۆزۈڭنى.<br>
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،<br>
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي.»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن يازغان «يە-جۈجى ـ مەجۈجى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆ-گۈل خامشى» قاتارلىق بىر قاتار يالقۇنلۇق شېئىرلىرى خەلقنى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ياڭ-راق خىتاب بولۇپ، خەلقنى قوزغاش رولىنى ئوينىدى. بو-لۇپمۇ، شائىرنىڭ 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن يازغان «ئاچىل» شېئىرى، تۇرپان، قومۇل خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ-دا تارقىلىپ خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىسىغا ئاي-لىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە، فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. شائىرنىڭ شۇ دەۋردە يازغان «ئاچىل»، «تۇشقاقلار ۋىچىرلايدۇ» ناملىق شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئى-

چىدى. قوزغىلغان تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلار ھاكىمىيىتى بۇ ئىككى ناخشىنى ئېيتىشنى قاتتىق مەنئىي قىلغان.

دېھقانلار قوزغىلىڭى دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەلىمى گويا دۈشمەننىڭ كۆكسىگە سانجىلغان خەنجەردەك تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى.

1932 - يىل يازدا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى دۈشمەن ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتقان، تۇرپاندا قوزغىلاڭ غۇلغۇلىسى كۈچىيىۋاتقان بىر پەيتتە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «قىزىندى» ناملىق شېئىرىنى يازدى. ئۇ شېئىرىدا:

«مەنىسىزدۇر بۇ قىزىشلار قىلچىمۇ نەتىجىسىز،
ئۇيغۇرا، بازغاننى ئال، تۆمۈرمۇ چاپسان قىزىندى.»

دەپ يېزىپ، شۇ چاغدىكى تۇرپان ۋەزىيىتىنى خۇددى قىزىغان تۆمۈرگە ئوخشىتىپ، خەلقنى پەيتنى چىڭ تۇتۇپ دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىش ئۈچۈن تېزدىن قوزغىلىشقا چاقىردى. شۇ يىل 11 - ئايدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئاچىل»، «ئويغان» ناملىق شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە يېزىپ خەلق توپلانغان يەرلەردىكى تاملارغا چاپلاپ، .................. خەلقنى مەنىۋى ياقتىن قوراللاندۇردى.

1932 - يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدا، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى تۇتاشتى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار «ئاچىل» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ يەر - زېمىن-

نى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاپ، تۇرپان يېڭى شەھەرنى ئازاد قىلدى. 1932 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، مىلىتارىست جىن شۇرېن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا جازا قوشۇنى ئە ـ ۋەتكەندە، قوزغىلاڭچىلار يېڭىشەھەرنىڭ غەربىدىكى چاچاڭ قىلىدىغان لەڭگەردە سوغۇقتا توڭلاپ كەلگەن چېرىكلەرنى «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش» ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، بىر يولىلا بىرنەچچە يۈز دۈشمەننى يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئېلىپ دەسلەپكى غەلىبىگە ئې ـ رىشكەن. شائىرنىڭ «مۇزلىدى» ناملىق مەشھۇر شېئىرى شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى، دېھقانلار قوزغىلىڭى ـ نىڭ غەلىبىسىگە ئوقۇلغان تۇنجى مەدھىيە بولدى. شائىر شۇ قېتىمقى ئۇرۇش غەلىبىسىنى بۇ تارىخىي داستاندا مۇن ـ داق تەسۋىرلىگەن:

«جىن شۇرېن غەزەپ بىلەن ھەربىگە بۇيرۇق قىپتىمىش،
«تۇرپانلىق زىيۋازىلار»نى جادۇغا باس دەپتىمىش،
ئەللىك ھارۋا دادوي ـ رىنما جادۇلەرنى ئەپتىمىش،
بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا بەشيۈز چېرىك كەپتىمىش،
ياۋغا قارشى سوغ كۆچەپ نەچچە چەندان مۇزلىدى.

.....................................

تاقابىل تۇرۇشقا بىزدە نەيزە ـ تۇغاق تەييار ئىدى،
جاللاتلارنىڭ ئالدىدا بىزگە ھەقىقەت يار ئىدى،
جان تىكىپ ئاتلاندى يۇرت، توسماق ئۇنى بىكار ئىدى،

«توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ، دېگەن قەدىمكى سۆز بار ئىدى،
ئالدىدۇق دۈشمەننى بىز، ئۇر-ئۇردا چاشقان مۈزلىدى.»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ شېئىرى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

تارىخىي پاكىتلاردىن شۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى پارتلاشتىن بۇرۇن قوزغىلاڭ ئۈچۈن زۆرۈر ئىدىيىۋى تەييارلىق رولىنى ئويناپ كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلاپ، ئېزىلگەن خەلقنى ئويغىتىپ، ئىتىپاقلاشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىش خىتابى بولغان بولسا، قوزغىلاڭ جەريانىدا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مەنىۋى قورال بولۇپ «دۈشمەننىڭ بېشىنى كېسىپ، قېنىنى چېچىش»قا ئىنتايىن كۈچلۈك مەدەت، غەيرەت، شىجائەت بېغىشلايدىغان جەڭگىۋار مارش بولۇپ خىزمەت قىلدى.

ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەشكە قاتناشقان جەڭچى بولۇش بىلەن بىللە، شېئىرنى قورال قىلغان جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى ئىدى.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا

### خالچەم رىشىت

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ شان-
لىق ئىجادىي ھاياتىدا مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن مۇنەۋ-
ۋەر ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. شائىرنىڭ نا-
دىر ئەسەرلىرىدە كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك،
مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئازادلىق ... ئەركىنلىككە ئىنتىلىشتەك
دېموكراتىك ئىدىيىلەر چاقناپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئە-
سەرلەر ئىدىيىۋى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىيلىك جە-
ھەتتىنمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە. شائىر شېئىرلىرى-
نىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى زور مۇۋەپپە-
قىيىتىنى ھەرگىزمۇ تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئاي-
رىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شائىر تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى،
ئوبرازلىقلىقى، ئاممىباپلىقى، ئۆتكۈرلۈكى قاتارلىق جەھەت-
لەردە كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە چوڭقۇر دىققەت - ئېتىبارى-
نى قوزغايدۇ.

فرانسىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى مەشھۇر يازغۇچىسى
مۇپاسسان: «مەيلى باشقىلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى قانداق
ئىش بولسۇن، ئۇنى پەقەت بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە
بولىدۇ. بىر پېئىل ئۇنى جانلاندۇرالايدۇ. بىر سۈپەت ئۇ-

نىڭ خاراكتېرىنى بېكىتەلەيدۇ. شۇڭا بىز بۇ سۆز، بۇ يېشىل ۋە بۇ سۈپەتنى تاپقىچە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ (ئاساسەن بولىدۇ) بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز كې-رەك» دېگەنىدى. بىز شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلىنى مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا ھەقىقەتەن مۇ-پاسان دېگەن تەلەپكە يەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

«ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئويغۇنۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
..............
قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئويغۇنۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ»
(«ئويغان»دىن)

شائىر تىل ئىشلىتىشتە كامالەتكە يەتكىنى ئۈچۈن «پېقىر» دېگەن سۈپەتنى ھەمدە «يېتەر»، «كېتەر»، «قوپ»، «كۆتۈر»، «ئاچ»، «كەس»، «چاچ» دېگەن پېئىللارنى دەل جايىدا ئىشلىتەلىگەن. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتاب-خان، بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىدا باشقا سۆزلەرنى قويغاندا شا-ئىرنىڭ ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ياكى ئۇنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا ئوبرازلىق تىلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىنىڭ قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. خەلق دەرھال چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق تىلدىن پايدىلى-نىپ روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. «چىراغ» دېگەن شېئىرىدا

ئۇ، ئەركىنلىك ۋە يورۇقلۇقتىن ئىبارەت غايىسىنى «چىراغ» بىلەن ئىپادىلىسە، ئەركىنلىك، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش روھىنى «پەرۋانە» سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شائىر ھەممە كىشى ئۈچۈن تونۇشلۇق بولغان «چىراغ» بىلەن «پەرۋانە»نىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىپادىلەپ قالماي، ئەركىنلىك ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان پىداكارانە روھىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرلىرىدا قاراڭغۇ جەمئىيەتتىن بىزار بولۇپ، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان، ئىلىم - پەن ئىشقىدا ئاتەش بولۇپ يېنىۋاتقان روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ، كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالىڭاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن».

شائىر باشقا ئەللەر ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقىنىنى «ئويغىنىپ كەتتى» دەپ ئىپادىلىگەن بولسا، ئەكسىچە مىللىتىمىزنىڭ تېخىچە ئۆز تەقدىرىگە شۈكرى-قانائەت قىلىپ، غەپلەتتە ياتقانلىقىنى «سۇت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن» دەپ ئىپادىلەيدۇ؛ شائىر باشقا ئەللەرنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى «كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ» دەپ ئىپادىلىسە، ئەكسىچە، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقىنى «يالىڭاياغ دەسسەپ تىكەن

ماگارىمەن» دەپ ئىپادىلەيدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ مىسرالى-
رىدا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىپ، خەلقىمىز-
نىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىغا،
مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقىغا ئېچىنىپ، زۇلمەتلىك
جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى «قۇ-
ياش»، «پارلاق تاڭ»، «غۇنچە» قاتارلىقلارغا سىمۋول قىلى-
سا، زۇلمەتلىك جەمئىيەتتىكى زۇلۇمنى «جاھالەت بۇلۇتى»،
«قاراڭغۇ زۇلمەت»كە سىمۋول قىلىدۇ. «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»
ناملىق شېئىرىدا پۈتكۈل ئالەمگە ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق
بىلەن چېچىپ، كىشىلەرنى يورۇقلۇقنىڭ شاراپىتىدىن بەھ-
رىمەن قىلىۋاتقان «قۇياش»قا تەشنا بولۇپ، قۇياش يۈزى-
نى توسۇۋالغان «قارا بۇلۇت»لاردىن بىزار بولغىنىنى
غەزەپ - نەپرىتىنى يازىدۇ. «قۇياش»، «جاھالەت بۇلۇتى»
دېگەن سۆزلەر شائىرنىڭ ئەركىنلىككە، يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ،
چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن نارازى بولغان روھىي دۇن-
ياسىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئاممىباپ تىلنى ئىشلىتىش-
نىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان. ئەينى چاغدا ھۆكۈمران سىنىپ-
لار ۋە ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان ئاز ساندىكى دىنىي
تونغا ئورىنىۋالغان مۇرتەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى
ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە خەلق ئارىسى-
غا ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، خۇشامەتچىلىك ... ئۇ-
رۇقلىرىنى چاچقان شارائىتتا، مىللەتنىڭ روھىدىكى مەنى-
ۋى مەرەزلەرنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەئىنى خەلققە تونۇتۇش
ئۈچۈن ئاممىباب تىل ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىدۇ.

«ئويۇن - چاقچاق تۈپەيلىدىن دوستلار ئارا بىئەپ بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز بارمۇ.
..........
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك - تۆمەن بوھتانىمىز بارمۇ»

شائىر «بىئەپ بولساق»، «ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە»، «ئوت ياققانىمىز» دېگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى ئىپادىلىسە، «ئۈستىمىز ھەم كامدۇر»، «رەھمۇ رەك يالغانىمىز» دېگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، خۇشامەتچىلىك ۋە قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنىڭ پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە «قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك»تىن سۆز ئېچىپ، قىزىل كۆزلەرنىڭ باشقا كىشىلەرگە يەنە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان كىشىلەرگە «تۈرلۈك - تۆمەن بوھتانى» بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز شائىرنىڭ باشقا شېئىرلىرىغا نەزەر سالساقمۇ، بۇنداق سۆزلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. «بوز خالتا»، «بىگىز»، «ئىنچىقارنى»، «يالماۋۇز»، «يۈگىدىماي»، «بۆرە»، «پاقلان»، «قاغاش»، «سايە قىلىش»، «ياستۇقنى قىرلاپ»، «قاخشىما»، «سېغىز چايناش»، «كۆڭۈل تويمىدۇق»، «نەپسى بالا» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئاممىباب خاراكتېرى كۈچلۈك. شائىر ئاممىباب تىلدىن پايدىلانغاندىلا، خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىمارەت بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكىنى ئۈچۈن، شېئىرلىرىنىڭ تىلىنى ئىمكان قەدەر خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىنلاشتۇرغان.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە،

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا مۇقەررەر يوسۇندا شۇ مىللەتنىڭ ئىز تامغىسى بېسىلىدۇ، جۈملىدىن، تىلمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ تىلىغا قويۇق مىللىي تۈس بېرىپ، ئۇنى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. شائىر شېئىرلىرىدا «سەللە»، «ھەج»، «كاپىر»، «جەدىت» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇ سۆزلەر شېئىر تىلىنىڭ مىللىي تۈسىنى باشقا سۆزلەردىنمۇ ئارتۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىستېمال سۆزلىرىدۇر. شۇڭا «سەللە»، «ھەج» توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆلىمالار ۋە تەقۋادارلار ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. بىراق بىز «سەللە»، «ھەج» توغرىسىدا سۆز ئېچىلغان مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۆزىنى دىنىي تون بىلەن پەدەزلىگەن ئاچكۆز، ساقتىپەز، جاھالەتنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. ئەكسىچە، ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى سانىلىپ ۋە «كاپىر»، «جەدىت» دەپ ھاقارەتلەنگەن كىشىلەردىن سۆز ئېچىلغاندا، ئىلىم - پەنگە بارلىقىنى ئاتىغان، خەلقنى خۇراپاتلىقنىڭ كىشەن - زەنجىرلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. شائىرنىڭ «باردۇر» دېگەن شېئىرىدىمۇ تىلنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەنگەن. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەت گەۋدىلەنگەن تىلدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارغا يان تاياق بولغان ئايرىم دىندارلارنىڭ ئەپت - بە-

شېرىنىنى پاش قىلىپ، خەلقنى نادانلىقتىن يىرگەندۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا ئەقلىيە سۆزلەر ۋە مەنتىقىلىقى كۈچلۈك بولغان ماقال - تەمسىللەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، شېئىرىي تىلىنىڭ تەسىرچانلىق كۈچىنى ئاشۇردى. شائىر ئازادلىق، ئەركىنلىككە چوقۇم ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى خەلققە ئەينەن، بىلەن «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دەپ جاكارلايدۇ. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن ماقالىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. خەلقنىڭ چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قان ئاققۇزۇشتىن، ھەتتا جاننى پىدا قىلىشتىن ئايانماسلىق كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. خەلققە پەقەت «جاندىن كەچ» كەندىلا، ئاندىن «جانانغا يەت»كىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بۇ مىسرالاردا گەرچە «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» بولسىمۇ، بىراق جاندىن كەچمىگۈچە جانان ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىندۇ. دېمەك، شائىر ماقال - تەمسىللەرنى ئۆزىنىڭ ئىلغار مۇددىئاسى ئۈچۈن ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلدۇردى. بۇندىن باشقا مىسراللارمۇ ئاز ئەمەس.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆتكۈر ساتىرىك تىلدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ قاتتىق قامچىلايدۇ.

«بار ئىدى قازى - موللا،
ئۈستىدە تونۇ سەللە:

«ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ،
دەپ چىقاردى پەتىۋا.»

ئۇستىگە تون كىيىپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، دىيانەتلىك دىنىي زات سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان قازى ـ موللىلار ئەمەل، بايلىق، دۇنياغا ئېرىشىش تاماسىدا خۇشامەتچىلىك، قۇلچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ ياۋ زېمىنىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش خۇددى خۇدانىڭ «ئەمرىنى تۇتماق»تەك «ۋاجىپ» دەپ جار سالىدۇ. بۇ مىسرالاردا ھۆكۈمرانلارنىڭ دىپىنى چىلىۋاتقان جاھىل دىندارلار قاتتىق قامچىلىنىدۇ.

شائىر يەنە ساتىرىك تىلدىن پايدىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ نادانلىق ئىلكىدە غەپلەتتە ياتقىنىنى پاش قىلىدۇ:

«ئىت ئۇرغاننى تونۇر، — دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلىيى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سىبىمىز باقانىمىز باردۇر.»

بۇ مىسرالاردا خەلقىمىزنىڭ ئۆز شالىسىغا مىنىۋالغان لويى، ئامبال ۋە دارىنلارغا قارشى كۈرەش قىلماقتا يوق، ئەكسىچە زالىملار بوزەك قىلغانسېرى ئۇلارغا ئىتائەتمەن قۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىدۇ. شائىرنىڭ ھۆكۈمرانلار گورۇھى بىلەن خەلققە قارىتا ئىشلەتكەن ساتىرىك تىلىنىڭ خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە ئوپتىن ئوخشىمايدۇ. ساتىرىك تىلدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلار قامچىلانسا، خەلقنىڭ غەپلەتتە قالغان ھالىتىگە ئېچىنىدۇ. بولۇپمۇ شائىر «باردۇر» قاتارلىق شېئىرلىرىدا نا-

دانلىقتا قالغان خەلقنىڭ روھى دۇنياسىدىكى مەنىۋى مەرەزلەرنى پاش قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ھەرگىز دۈشمەنلىك ئۇقتىسىدىن ئۇلارنى نابۇت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماستىن بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا نەنە شۇنداق پاسكىنا ئىللەتلەرنى بىللە ئېلىپ يۈرگىنىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە مىللىتىمىزگە مەنىۋى مەرەزلەردىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا پىكىرنى رەتۈرىك مۇراجىئەت شەكلى بىلەنمۇ ئىپادىلەيدۇ. شائىر خەلقنىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۆز تەقدىرىگە شۈكرى قىلىپ، غەپلەتتە ياتقانلىقىغا بولغان چوڭقۇر ئېچىنىشى ۋە ئۇلارنى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان قايناق ھېسسىياتىنى «ئويغان» ناملىق شېئىرىدا باشتىن ئاخىر نەنە شۇ رەتورىك مۇراجىئەتتىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەيدۇ.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى پاساھەتلىك بولۇش جەھەتتىن نەينى چاغدىلا نەمۇنە بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ نەمۇنە بولالايدۇ.

«بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان بېغىم باھارى گۈلىنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.»

شائىر ئۆزىنىڭ بۇ نەپىس مىسرالىرىدا گۈزەل ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان غايىسىنى «گۈل» سۆزى بىلەن ئىپادىلىسە، ئۆزىنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتىنى گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش پىغان چېكىۋاتقانلىقىغا ئوخشىتىپ، تولىمۇ يار-

قىن ئىپادىلىگەن.

شائىر ئۆز غايىسىنى «يار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىسە، ئۆزىنى «يار» ئىشقىدا كۆيۈۋاتقان «ئاشىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

«لۇتپى قىل، كۆرسەت جامالىڭنى قاچۇرماي ئەي خېنىم،
تاشلىما بىئېتىبار ئەرزىمنى جان قىل ئېتىبار.
مۇددىئايىم شۇ، قىيا بىر باقسا ئۇ ساھىبجامال،
ھىممىتىم نەرخى كۆتۈرۈلسە ئېشىپ ئەندەك بازار»

بۇ نەپىس مىسرالاردا شائىرنىڭ «يار»نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقان روھىي ھالىتى، ئۆز غايىسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا بولغان ئىنتىلىشى ۋە تولىمۇ تەقەززا ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىر ئاخىرلاشتۇرۇشتىكى تىل ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئىستىمەس» شېئىرىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

«ئابدۇخالىق، قىل سۆبات، ئەيلە سىراتىل مۇستەقىم،
بۇ سۇبات بارىندا كۆڭلۈم ئۇ ھۇمانى ئىستىمەس.»

شائىرنىڭ خېلى كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا بۇنداق مىساللارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تىلى بىزنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىشىمىزگە ۋە داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان يۈكسەك بىر نەمۇنە.

# ئىزدىنىش

(ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىش جەريانىدىكى تەسىراتلىرىم)

## ئىسىل ھاسىل

تۇرپاندا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان ۋە ھەممە كىشى سۆيۈپ ئېيتىدىغان، جۈملىدىن مەنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان بىر مەشھۇر ناخشا بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ «گۈل ئاچىل». مەن بۇ ناخشىنى دائىم ئېيتاتتىم ۋە ئاڭلايتتىم. بىر نۆۋەت مۇيەسسەر كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن بۇ ناخشىنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يازغانلىقىنى ۋە شۇ دەۋردىكى ھاياتى ھەققىدە شائىرنى ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن ئەسلەشكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇندىن بېرى شائىرغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە مۇھەببىتىم ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئاغىنەم ئابلەقنىڭ (ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە ئىشلەيدۇ) ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كىچىك ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇندىن بېرى ئۇنىڭدىن شائىرغا ئائىت نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ بىلدىم. ئابلەقنىڭ ئاتىسى ئابدۇساتتار ھاجىم (بۇ يىل 66 ياش) شائىر ئاكىسى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى، يولداش ئابلەق ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، بارا - بارا

شائىرغا بولغان ھۆرمەت ۋە قىزىقىش مېنىڭدە، ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرۈش ئىستىكىنى ئويغاتتى. بىراق، شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن ئۇنىڭ بىرەر پارچە رەسىمىنى تاپالمىدىم. ساتتار ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئاكىسىنىڭ رەسىملىرى بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغانلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن بولۇپ، ھازىرچە بۇ رەسىملەرنىڭ ئىز - دېرىكى تېپىلمىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن گېزىت - ژۇرناللاردا شائىرنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغاندا، ۋۇجۇدۇمدا شائىرغا بولغان ئىشتىياق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. بەزى كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئويلاپ، شائىرنىڭ ئوبرازىنى خىيالەن ئەسلەپ چىقاتتىم. شۇنداق قىزىقىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، مەرھۇم پېشقەدەم شائىرىمىز پەتتارجان مۇھەممەدىنىڭ تۇرپانغا كېلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە ئىزدىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم. پەتتارجان شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تاپقانلىقىنى ۋە شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتى ھەققىدە دەسلەپكى ماتېرىياللارغا ئىگە بولغانلىقىنى ۋە ئۆزى بىلگەن بىر قىسىم قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ كېلىپ، «سىزمۇ تۇرپاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان رەسسام، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ رەسىمى تېپىلمىدى، ھازىر شائىرنى يېقىندىن تونۇۋاتقان ياشلار، كەڭ ئامما ئۇنىڭ ئوبرازىغا قىزىقماقتا. سىز مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرسىڭىز، بۇ ئىشنى باشقا بىرى ئەمەس، سىزلا قىلالىشىڭىز مۇمكىن...» دېدى.

مەن ئىككى - ئۈچ قېتىم بىرقانچە كىشىنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ، خەلققە تونۇشتۇرغانىدىم. ئەمدى بولسا، مەر-

ھەم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ماڭا ھەددىن سىناق بولۇپ قالدى... پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار، ئۇنىڭ تەلەمكەش دوستلىرى شائىرنىڭ ئوبرازىغا تەلمۈرمەكتە، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئوبرازىغا تەلمۈرمەكتە. ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئۇنى ئەسلىمەكتە ۋە سېغىنماقتا. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى سېغىنماقتا ئىدى. شۇڭا مەن ناھايىتى زور تەخىرسىزلىك ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ ئوبرازىنى بىرنەچچە قېتىم سىزىپمۇ باقتىم، ئەمما ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىدىم. قانداق قىلىش كېرەك؟

شائىرنىڭ زامانداشلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرى بويىچە خاتىرە يېزىپ ماڭدىم، شائىرنى كۆرگەن ۋە تونۇيدىغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتىم. شائىر ياشىغان دەۋرلەر بىلەن تونۇشتۇم. تەلىيىمگە، 1984 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئىگىلەش ۋە ئەسەرلىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى تۇرپانغا كېلىپ، كۆپ قېتىم ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە زامانداشلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ زالىدا 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا قاتناشقانلار شائىرنى ئەسلەشتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتى. شائىرنىڭ سىڭلىسى خېلىچەمخان ئايلا (بۇ يىل 64 ياشتا)، شائىرنىڭ ئىنىسى ئابدۇساتتار ھاجى ۋە باشقا يېقىن تۇغقانلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا مەن شائىرنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ئەسلىشى بويىچە، ئۇنىڭ سىڭلىسى

خېلىچەخان ئايلىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدىم ۋە يوشۇرۇنچە خېلىچەخان ئايلامنى دىققەت بىلەن كۆزەتتىم. ھازىرمۇ كۆركىلى بولاتتىكى، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى، توم قارا قاشلىرى، نېپىز لەۋلىرى، يۇمىلاق ئاق پىشما چىرايى ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا گۈزەل قىز بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مەن يوشۇرۇنچە خېلىچەخان ئايلامنى سىزىۋالدىم، بەش ئەزا قىسمىنى ئېسىمگە ئېلىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ بەزىبىر سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى... تۇرپانلىق پېشقەدەم شائىر لىتىپ سەممەدى بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە، ئۇمۇ شائىرنىڭ ئۆز سىڭلىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ۋە قاۋۇل ئادەم ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەردى. يولداش مەھمۇت زەيىدىنمۇ ئىگەللىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شائىرنىڭ ئوبرازى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، مېنى ئىلھاملاندۇردى. ئۇندىن باشقا شائىرنىڭ زامانداشلىرىدىن پېشقەدەم رەھبەرلىرىمىزدىن سەيپۇللايوۋ، شىنجاڭ مېدىتسىن ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق باشلىقى يولداش باۋۇدۇن يۇسۇپ، سەنئەت ئەربابى يولداش سىراجىدىن زۇپەر، پېشقەدەم شائىر ئىبرىز نىياز ئاكا، تۇرپان سىياسىي كېڭەشتىن ئىمىن ھاجى داموللا، ئابدۇرېشىت داموللا، پېشقەدەم زىيالىي ئابدىراخمان باقى... قاتارلىقلار شائىرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، كىيىم - كېچىكى، ئالاھىدىلىكى، باش قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشى، بەش ئەزا قىسمىنىڭ شەكىللىرى، چىرايى، كۆزى، قېشى، بۇرنى، ئاغزى... قاتارلىق مەن ئېنىقلىۋاتقان تەرەپلەرنى ئەسلىرىدە قالغىنىچە سۆزلەپ ماڭا ئىلھام بېرىپ، مېنىڭ دادىللىق بىلەن شائىرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشىمغا چوڭ ياردەم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خېلىچەخان ئايلامغا قاراپ

سىزغان بىرقانچە پارچە رەسىملەردىن پايدىلىنىپ ئۇنى 28 ـ 30 ياش ئەتراپىدىكى ئەرگە ئۆزگەرتىپ سىزىۋىدىم، يۇمىلاق يۈزلۈك، قارا قاش، قارا كۆز كىشىكەن بىر يىگىتنىڭ ئوبرازى شەكىللەندى. مەن يەنە ئىزدەندىم. شائىرنىڭ قەبرىسى يولغا توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن (پىلانلاش-رەتلەش مەزگىلىدە يېڭىشەھەردىكى كونا قەبرىستانلىقتىن باغرىدىكى قەبرىستانلىققا كۆچۈرۈلگەن)، ئۇنى يۆتكەشكە قاتناشقان تۇغقانلىرى ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئالاھىدە يوغانراق ئىكەنلىكىنى، پېشانە چەمبىرىكىنىڭ ئالاھىدە يوغان، كەڭ ئىكەنلىكىنى ۋە يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ سۆزلەپ بېرىشتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن مەن جېجياڭ رەسسام ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا پروفېسسورنىڭ ئۆستىخان تۈزۈلۈشىدىكى قۇرۇلمىلارنىڭ ئادەمنىڭ قىياپىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە بىرقانچە ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى سېلىشتۇرۇپ سۆزلىگەن دەرسى بىردىنلا ئېسىمگە كەلدى. كانسىپكىلىرىمنى قايتا كۆردۈم ۋە بىرقانچە باش سۆڭەكلىرىنى سىزىپ، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرۇپ يەنە سىزىپ كۆردۈم. ئالدىمدا بىرقانچە قىياپەتلەر پەيدا بولدى. مەن تەكرار ئويلاندىم. تۇرمۇشتا ئۇچرىغان ئەنە شۇنداق بىرقانچە كىشىلەرنى تېپىپ، باش قىسمى، بەش ئەزا قىسىملىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتتىم. شائىرنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بۇرۇن چۈشكەن فوتو سۈرەتلىرىنى كۆردۈم. شائىرنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئويلىدىم. شائىرنىڭ ھازىر ھايات بولغان ئۆز سىڭلىسىنىڭ يۈز - تۇرقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىنى ئەسلىدىم. سېلىشتۇرۇش، ئەسلەش ئارقى

لىق تەسەۋۋۇرۇمدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەسلەپكى ئوب-
رازى خىيالەن پىشىپ يېتىلدى. ئاندىن قولۇمغا قەلەم ئې-
لىپ سىزىشقا كىرىشتىم. نۇرغۇن كېچىلەر قاتتىق ئويلىنىش،
سېلىشتۇرۇش، يەنە سىزىش، يەنە ئويلىنىش ئارقىلىق بىرىن-
چى نۇسخىنى تىكلەپ چىقتىم. بىراق، ئۇ رەسىم كۆڭلۈم-
دىكىدەك چىقمىدى، يىرتىۋەتتىم. يەنە سىزدىم، ئىككى كې-
چىدىن كېيىن ئىككىنچى نۇسخىسى چىقتى، بۇ ماڭا بىر-
ئاز ياردى، شائىرنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئوبرازى چىققاندەك
بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇسخىنى پېشقەدەم شائىر ئېزىز
ئاكىمغا كۆرسەتكىلى ئۆيىگە باردىم. ئېزىز ئاكا رەسىمنى
كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ بۇ رەسىمنىڭ
مەرھۇم شائىرغا ئاساسەن، ئوخشىغانلىقىنى، پەقەت قېشى
بىلەن كالپۇكى ئوخشىمىغانلىقىنى، يۈزىنىڭ يۇمىلاق بولمىغان-
لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ماڭا يەنە شائىر بىلەن بىللە
بولغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ، كۆپ ئىلھام بەردى. شائ
نىڭ يۈز-چىرايىنى يەنە بىر قېتىم تەسۋىرلەپ بەرد
قايتىپ كېلىپ، ئۈچىنچى نۇسخىسىنى سىزدىم ۋە بۇ نۇس-
خىنى شائىرنى ياخشى بىلىدىغان سەيپۇللايېۋ، باۋۇدۇن
يۇسۇپلەرگە كۆرسەتتىم. باۋۇدۇن يۇسۇپ: «رەسىم مەرھۇم
شائىرغا خېلىلا ئوخشاپتۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئىنىسى جاپپارغا
ئوخشاپتۇ» دېسە، سەيپۇللايېۋ: «بۇ رەسىم خېلىچىخانغا
بەك ئوخشاپتۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پەقەت سىڭلىسىغىلا
ئوخشايتتى. يەنىمۇ تولۇقلاپ ئىشلەڭ» دېدى. بۇ ئىككى
پېشقەدەم مەرھۇم شائىرغا ئائىت ئەينى يىللاردىكى كۆرۈ-
نۈشلەرنى ۋە شائىرنىڭ تۇرقى، مىجەزىنى يەنە بىر قېتىم
سۆزلەپ بەردى. شۇ بويىچە يەنە بىر كېچە ئۆزگەرتىپ

تۈشادىم. ئەتىسى ئۇ رەسىمنى ئەينى يىللاردىكى شائىر-
نىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىسى سىراجىدىن زوپپەركە
كۆرسەتتىم. ئۇ كۆرۈپ: «ئۇستازىم ئابدۇخالىققا بەك ئوخ-
شاپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ» دەپ ھاياجىنىنى باسالماي كەت-
تى. ئۇ ماڭا: «سىز مۇشۇ بىر بوشلۇقنى تولدۇردىڭىز» دەپ
قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى.

رەسىمنى سىزىشقا كىرىشكەندىن تارتىپلا، مەن قايسى
ئۇسۇلدا سىزىش پىلانى ئۈستىدە، كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئام-
ما ياقتۇرىدىغان سىلىق سىزىش ئۇسۇلىنى تاللىۋالدىم. يىرىك
تەرەپكە ئاجرىتىپ سىزىش ئۇسۇلى كەسپداشلىرىمغا ياققان
بىلەن كەڭ ئاممىغا ياقمايتتى. سىز مىياۋ (بىر خىل رەڭ)
ئۇسۇلى بىلەن سىلىقلاشتۇرۇپ فوتو رەسىمگە ئوخشاش سى-
زىشقا تىرىشتىم. قارا قەلەم، كۆمۈر قەلەم ۋە قارا رەڭ،
ئاق دوغ بوياقلاردىن پايدىلىنىپ، قايتا - قايتا ئۆزگەرتتىم.

مەن دۇچ كەلگەن يەنە بىر مەسىلە شائىرنىڭ كىيىم-
كېچەك مەسىلىسى ئىدى. شائىرنىڭ زامانداشلىرى ۋە يېقىن
تۇغقانلىرىدىن بەزىلەر ئۇنى يازدا قارا تەقيى ۋە چۇچۇنچە
ئاق كاستۇم بىلەن يۈرەتتى، دېيىشتى. بەزىلەر قىشتا قارا
كەمچەت تۇماق ۋە قارا مەخمەل پەرىجە دېيىشتى. يەنە
بەزىلەر، تۇرپان دوپپىسى بىلەن تىزىغا كېلىدىغان ئاق
چۇچۇنچە پەرىجە كىيەتتى، دېيىشتى... بەزىلەر، ئۇ، بۇرۇت
قوياتتى، دېيىشتى. ئەسكە ئالغۇچى زامانداشلىرى ئۇنى
ھەر خىل كىيىنگەن ۋە ھەر خىل ھالەتتە كۆرگەنلىكىنى
سۆزلەپ بېرىشتى. شائىرنىڭ ئوبرازىدىكى مۇھىم تەرەپ
چىققان بولسمۇ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكى ھەققىدىكى تا-
لاش - تارتىش مېنىڭ بېشىمنى قاتۇردى. مەن 30 -، 40-

يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن بەزىبىر زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ شۇ يىللاردا چۈشۈپ ساقلىنىپ قالغان رەسىملىرىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شلەپە، كاستۇم، پەلتۇ كىيىپ، گالستۇك تاقىغان ھالدا ئىدى. بۇ سارغىيىپ كەتكەن رەسىملەردە ئەينى دەۋر چىنلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەشتە، دوپپا بىلەن سىزغاندا، ھازىرقى بىلەن ئۆتمۈشنى، يەنى 50 يىل بۇرۇنقى تارىخىي چىنلىقنى ئىپادىلەش قىيىن بولاتتى. قارا تەقىي بىلەن سىزغاندا قىياپەتكە ئەينەك بولمايتتى، بۇرۇت بىلەن سىزغاندا (شائىر قەتل قىلىنغاندا ئۇنى كۆرگۈچىلەر بۇرۇتنى بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ)، شائىرنىڭ يۇمىلاق چىرايىغا نۇقسان يېتەتتى. مەن شائىرنى بۇرۇت بىلەنمۇ سىزىپ كۆردۈم ۋە بۇ ھال شائىرنى ئون ياش قېرىتىپ قويىدى. توغرا، ئەينى يىللاردا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغا تۇرپاندا بۇرۇت - ساقالسىز يۈرۈش ئەيىپسىز ئىدى. بىراق مەن شائىرنىڭ ھەقىقىي گۈزەل ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بۇرۇتنى ئېلىۋەتتىم.

سارغىيىپ كەتكەن فوتو سۈرەتتىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن، شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى سۈرىتىنى شلەپە، كاستۇم ۋە پەلتۇ كىيىپ، گالستۇك تاقىغان قىلىپ سىزىشقا توغرا كەلدى. شائىرنىڭ رەسىمىنى قايتا سىزىپ چىقتىم ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى يولداشلارنىڭ مەسلىھەت پىكىرلىرىنى ئېلىپ، رەسىمنى دەسلەپكى قەدەمدە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلدىم.

رەسىم گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن كۈندىن كېيىن، مەن شائىرنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىدىم. خېلىچىخان ئايلا باشلىق پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر رەسىمنى گېزىتتىن كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىپ، مەرھۇمنى يەنە بىر قېتىم قايغۇلۇق ئەسلەشكەن ۋە بالا - چاقا، نەۋرىلىرىگە كۆرسىتىپ تونۇشتۇرغان. شائىرنىڭ ئىنىسى بەش كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ شەھەرگە كىرىپ، گېزىت سېتىۋالغان.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەسىمىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ چىقتىم. بۇندىن كېيىن ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ ھاياتىدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قىياپىتىنى ھەمدە جاللاتلار بىلەن كۈرەش قىلىپ مەردلەرچە قۇربان بولغان ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى سىزىپ چىقىش، شائىرنى كۆپلەپ سىزىپ، ئۇنى خەلققە تونۇشتۇرۇش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلىمەن.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىي نەمۇنە

ئىنايەتۇللا قۇربان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن شارائىتتا ئىستىبداتلىق، جاھالەت تۇيۇسىغا تىغ بولۇپ قادالغان ئىنسان؛ ئەدەبىياتنىڭ كۆپ خىل ژانىرلىرى بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ئاساسىدا ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب؛ مىللىتى ھەم خەلقىنى قەلەم بىلەن ئو- تىپ، خەلقنى ئەلەم ئارقىلىق ئۆز ئورنى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت كۈرەش يولىغا يېتەكلىگەن، ئۆزىمۇ شۇ كۈرەشكە ئىشتىراك قىلغان جەڭچى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز نۆۋىتىدە، ئىلغار ئىدىيە بىلەن ئۆز ئىگىسىنى قوراللاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ خىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەۋجۇت تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى بىلەن ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيسى. بۇ نۇقتىدا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ماتارىپ يولى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى ئويغىتىشقا، باشقا تەرەققىي تاپقان ئەللەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا يېتەكلىگەن ئىلمىي

ئەمگىكى، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەش ۋە خەلقنى باشقا مىل-لەتلەرنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسى بىلەن بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك ئۇچراشتۇرۇش ئارزۇسىدا كۆپلىگەن تىللارنى ئۆگىنىشى قاتارلىق جەھەتلەر ئاساس بولغان. بىز يۇقىرىقى نۇقتىلارنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىدە تولۇق ھېس قىلىمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا باشلىدى. مانا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئېچىپ بەردى؛ ئالدى بىلەن، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى شېئىرىي يول بىلەن ئېچىپ بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن، خەلقنىڭ روھىيىتىدىكى ئىللەتلەرنى يەنى قۇللۇق، نادانلىق ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ يەردە شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، شائىر ئۆزىنى خەلقتىن ئايرىپ تەسۋىرلىمىدى، بەلكى لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە شېئىرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ھالدا مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شائىر خەلقنىڭ روھىيىتىدىكى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى بىر قىسىم يارىماس ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلىغاندا، ئۇلارغا ئۆز ئۆزىنى تونۇشنى، ئۆزلىرىنى ئېزىۋاتقان ئېكسپلاتاتسىيە مەنبەسىنى، جاھالەتنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. خۇددى لۇشۈننىڭ ئاكيۇ روھىنى تەنقىد قىلىشى روھىي غالىبىيەتچىلىكىنى يوقىتىشنى، شۇ ئارقىلىق مىللەتنى، خەلقنى ئويغىتىشنى، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغىنىغا ئوخشاش، ئابدۇخالىق

ئۇيغۇرمۇ ئۆز مىللىتىنى، خەلقىنى ئۇيغىتىشتا شۇ چاغنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى بويىچە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى بەزىبىر ئىللەتلەرنى چىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئابىترا شۇئار شەكلىدە، ئەمەس، بەلكى ئوبرازلىق كارتىنا ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش، ئېچىپ تاشلاش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسلۇبىنى قوللاندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇق بولۇشى چىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان بولسا، كىشىلەرگە ئۆزلىرى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەردىن بەدىئىي كارتىنا سىزىپ بېرىشى ئۇلاردا كۈچلۈك تەسىر، جەڭگىۋار كەيپىيات پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىرگە، شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى نەسىھەت شەكلىدە، ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇردى. شۇنىڭدەك بۇ خىل پىكىرلەرنى خەلقنىڭ شۇ دەۋرلىك رېئال تۇرمۇشىدىن ئالدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنى باشلاش بىلەن بىرگە، قىسمەن ئاكتىپ رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ ھال ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكلىرى شەكلىدە يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىپادىلەن-

گەن. بۇ خىل شېئىرلاردا ئاپتور ئىشق - مۇھەببەت تەۋرىنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ سىياسىي لىرىكىلىرىدىمۇ مانا مۇشۇ ئىجادىيەت مېتودىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن شائىرنىڭ بىر قىسىم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئىلغار رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا يېزىلغان شائىرنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش قارىشىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى شەكلىدە يازغان ئەسەرلىرىدە نوقۇل شۇ خىل مەقسەتنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى شۇ بەدىئىي ۋاستە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ھىجران» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«ئايرىلىپ سەندىن ئىست! ۋەيرانە بولدى خانۇمان،
باغلىرىم دەپسەندە بولدى، چەيلەندى، يەندى قاۋان.
ھەممە يەرگە يامرىدان، بەرمەس ئارام يىلان - چايان،
مىسلى بولدى بىر قىيامەت، كۆز ئالدىمدا بۇ جاھان.
كەل جېنىم ھالىمغا باق، نە چارە ۋە نەدۇر ئامال،
قاتتى باشىنىڭ ئىچى - تېشى، ئىشقىڭدىن ئاشغتە① ھال»

بۇ شېئىرىدا ئاپتور دەسلەپتە «پەرى»نىڭ پورترې-

① ئاشغتە — تازا ھاياجانلىنىش، خۇمار بولۇش، ئىشق ئوتىدا كۆيۈش.

تىنى تەسۋىرلىگەن، ئۇنىڭ ئىشقىدا پەرياد ئۇرغانلىقىنى يازغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا كېلىپلا ۋەتەننىڭ — يۇرتىنىڭ ئۈستىدە كۆيۈۋاتقان زورلۇق – زوراۋانلىق ۋە جاھالەت ھۆكۈمرانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، يارنى قەلبىدىكى ھىجران جاراھىتىنى، كۆيۈك ئازابىنى ئەمەس، گۈزەل ئانا ۋەتەننىڭ خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان پاجىئەلىك رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ما مۇشۇ ئۇسلۇبتىكى شېئىرلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك.

بۇنى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭدىكى «پەرى»، «يار»، «نىگار» ۋە باشقىلارنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئىكەنلىكى ھەمدە شائىر ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان، تۇغرىسى شېئىردىكى لىرىك قەھرىمان ئورۇنلىماقچى، يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ ۋاسىتىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز تەسكە چۈشمىسە كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئىجادىيەت مېتودى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن تېما تاللاش ۋە ئۇنى ماھىيەتلىك تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، تىل ئىشلىتىش، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئوبراز يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئوقتىلىق ئىپادىلەنگەن مەسىلە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پىكىر ئىزچىللىقىدا، تېما جەھەتتىكى ئاكتۇئال ۋە سەمىمىيلىقتا ئىگە. تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە شائىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى تاللاپ، زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى يورۇ-

تۈپ بېرىشكە تىرىشتى.

ئېپىك جەھەتتىكى ئىزچىللىق ھەم ئۇقتىلىق تۇرمۇش ساھەلىرىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەش، ئەلۋەتتە شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى ھەم ئىجادىيەت كۆز قارىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلى ئىلمىي، ئەستايىدىل ۋە مۇستەھكەم، شۇنداقلا بەلگىلىك سەنئەت قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، بەلگىلىك تىپنى گەۋدە قىلغان ھالدا سىستېمىلىق ئېچىپ بەرگەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل ئەھۋال، ئادەتتە، ھەۋەسكارلىق باسقۇچىدىن ئىجادىيەتنىڭ پىشقان دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋە ئىدىيە، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە بىر قەدەر كامالەتكە يەتكەن قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي ساۋاتقا ئىگە، شۇنداقلا ئۇنى خېلى سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن شائىرنىڭ شۇ زامان ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مانا مۇشۇنداق باشلانغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، قۇرۇلمىسى مۇنتىزىم، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى چوڭقۇر، رېئاللىق ئاساسى كۈچلۈك، ئىجتىمائىيلىقى، تەسىرچانلىقى زور. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتقا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ياراتقان. بۇ جەھەتتە چەت ئەل ئەدە-

ـــيا تىنىڭ قىسمەن تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى شۇ تارىخىي رېئال-لىقنىڭ بەدىئىي ھۆججىتىدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن شائىرنىڭ شېئىرلىرى 20 - يىللار ۋە 30 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەز-گىلىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە مەلۇم ئاساس بولالايدۇ. ئۇنىڭ «ئىستىمەس»، «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «ياز تۈنى»، «چىراغ»، «مەرسىيە»، «ئىچ پۇشۇش» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلىرى دەل مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە-لىك گەۋدىلەنگەن شېئىرلاردۇر. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى شائىر پىكرىنى شۇ خىل رېئال ۋەقەلىك بىلەن بىۋاستە باغلاپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە بولسا رېئال تۇرمۇشنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي چۈشەنچە ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش شەكلى بويىچە پىكرىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «يەجۇجى - مەجۇجى» ناملىق شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش رېئاللىقى، ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، شۇنداقلا ياڭ زېڭشىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ شېئىر مۇنداق مىسرالار بار:

«يەتتە باشلىق يالماۋۇز
مەھكەم ئورنىشىپ ئالدى.
تىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تىيەنجىندىن جاي سالدى.»

بىز پەقەت مۇشۇ تۆرلاردىكى مەزمۇننى مۇلاھىزە

قىلىنىمىزدىلا، شائىرنىڭ چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىن بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، سىنىپىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن بىللە، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشتەك ئىدىيىسىنى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 2 - سانىدىكى بىر ماقالىدە، ياڭ زېڭشىنىڭ تېيەنجىندە، ئائىلىسى بولغانلىقى، ئۇ ئۇرغۇن مال - دۇنيانى ئەنە شۇ يەرگە يوللاپ تۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. يۇقىرىقى مىسرالار دەل ئاشۇ پاكىتنى ئاساس قىلغان.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى دېموكراتىزملىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى دېگىنىمىزدە، مەزمۇن جەھەتتىكى ئامىللاردىن باشقا يەنە بەدىئىي جەھەتتىكى ئاساسلار مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىي ئىجادىيىتىنى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ راۋاجى، كېيىنكى ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئىجادچانلىق بىلەن ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى، خىلمۇ خىل شېئىرىي شەكىللەردە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتىلا خەلق قوشاقلىرىنى شەكىل جەھەتتە ئەندىزە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بەدىئىي ئوزۇق ئېلىش بىلەن بىللە، بۇ ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ بەدىئىي شەكلى ھەم

ئۆي - پىكىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولغان ھەر خىل تۇر - قۇرۇلمىلىرىدىن ئىجادىي پۇسۇندا ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسىغا ماسلاشتۇرۇپ بەزى غايىۋى ئوبرازلارنى ياراتاتتى. ئوبرازلار خەلق قوشاقلىرى ۋە باشقا ژانىرلىرىدىكى ئەسەرلەردە پەقەت كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئىپادىلەپ، ئۇلار ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتە تەسەللى بولغان ياكى كىشىلەر ئەقىدىسىنى ئىگىلىگەن «ئىلاھ»لارغا ئايلانغاندى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۆزگىچە ئىپادىلەپ «يار»، «پەرى» قاتارلىق غايىۋى ئوبرازلارنى ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن قەلب تۇيغۇلىرىغا تەسەللى بولغۇچى مەنىۋى مەلھەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەشنى ۋاستە قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ يەردە ئەگەر ئۇلارنى يۇقىرىقى ھالەتتىن باشقىچىرەك چۈشىنىشكە توغرا كەلسە، ئۇلار شائىرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە سەپداش، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسىگە سىرداش ۋە مەسلەكداشتۇر. دېمەك، شائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆلگە ئېلىشتا ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى، بېيىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىشنىڭ توغرا يولىنى ئېچىپ بەردى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئارۇز ۋەزنى ۋە بارماق ۋەزنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجادىيەت ئاساسىدا ئېلىپ باردى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئارۇز ۋەزنىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىجادىي ئىزلەنگەن بولسا، بارماق ۋەزنىنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاساسلىق كۈچ سەرپ قىلدى.

شۇنداقلا ئىجادىيەت ئامايەندىلىرىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھىرلىرىدە، بارماق ۋەزنىنىڭ خىلمۇ خىل ۋەزىن تۈرلىرىدە مەيدانغا كەلتۈردى.

شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە خىلمۇ خىل قاپىيە شەكىللىرى شېئىرلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا قوللىنىلغان. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۇ قاپىيە شەكىللىرىگە ئۆلۈك ھالدا ئېسىلىۋالماي، بەلكى ئەتراپلىق، جانلىق پايدىلانغان. بولۇپمۇ بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلاردا شۇنداق. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شەكىل جەھەتتىكى قامالنى بۆسۈشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرغانىدى.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى خەلقچىللىق روھى بىلەن سۇغۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ تىلىنى، تىل ئادىتى ۋە خەلق تىلىغا ئۆزلەشكەن باشقا سۆزلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىپادىلەش قۇرۇلمىسىغا ئېلىپ كىردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە. بۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تۇرمۇش تۈسى، ئۆرپ ـ ئادەت، روھىي ھالەت، پسىخىكا ھەم يەرلىك پۇراققا ئىگە تۇرمۇش رىتىمى، ھاۋا كېلىماتى، جۇغراپىيىۋى شارائىت قاتارلىق تەرەپلەر مۇھىم ۋاستە قىلىنغان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئاممىۋىلىققا ۋە چىنلىققا ئىگە قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرچانلىقىنى، جانلىق ۋە ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. بولۇپمۇ ئۇ ئوخشىتىشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى، سىمۋول، رىتورىك سوئال ...

قاتارلىقلارنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى ۋە يەنىمۇ بېيىتتى. ئۇيغۇر ستىلىستىكىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى ئاھايىتى زور. شائىر بۇ خىل ۋاسىتىلەرنىڭ ھەر قايسى-دىن دەل جايىدا جانلىق پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز شېئىر-لىرىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىخچاملىقىنى، مەزمۇنىدىكى چوڭقۇرلۇقىنى، تېمىدىكى كەڭ دائىرىلىكىنى، جانلىق-ئوبرازلىق تۈسىنى قويۇقلاشتۇردى. ستىلىستىك ۋاسىتىلەر-دىن رىتورىك سوئال ئۇسۇلى شائىر ۋاسىتە قىلغان مەنبە-ئەلەرنىڭ بىرسى. شائىرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈسىدە» ناملىق شېئىرىدا ئەۋلادلارنى ئىلىم - پەن يولىغا باشلاش، مىللەت-نى جاھالەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، ئالدىنقى مىسرالاردا شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى سىزىش ئارقىلىق خەلق-نى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۆرەشكە چاقىردى. خەلقنى ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلى-نىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىدا رىتورىك سوئال شەكلىنى قوللاندى.

«كېرەك بولسا ئەگەر خالتا، بۇ سۆزگە تېز چۈشەنگەيلەر،
تېشىلسە خالتىسى ئاقتۇر، بۆلەك خالتا تاپالغايمۇ؟

چىقار بوران تەرەپپال، ئەگەر ھېچ ئويلىماي تۇرسالا،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە، يېپىپ تۇڭگۈلۈك ئالالغايمۇ؟

ئوقۇتماي باللارنى، ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىست، بۇ باللار ئاخىر يېرىم نانىنى تاپالغايمۇ؟

ئوقۇغۇلار، ئوقۇتقۇلار، ھاۋا ھەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئوخشىتىشتىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ستىلىستىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق تۈس ئېلىپ، ئىدىيىۋى مەز- مۇنىنىڭ جانلىق ھەم چوڭقۇر ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى شائىر نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىلا ئۇنىڭ ئەمۇنىسىنى ياراتتى.

«ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۆرە پاخلان تاپقاندەك،
يۇگرىمايلا يەپ كەلدى.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز،
مەھكەم ئورنىشىپ ئالدى.
تىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تيەنجىندە جاي سالدى.»

شائىر بۇ ئىككى كۇبلېتنىڭ ئالدىنقىسىدا ئېنىق ئوخشىتىش شەكلى ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنىڭ غەپلەتتە- ئادانلىقتا ھەم دىنىي ئىستىبداتلىق ئاستىدا قالغان شىنـ جاڭ خەلقىنى ئۇستىلىق بىلەن خانىۋەيران قىلىش جەر- يانى يېزىلغان بولسا، ئىككىنچى كۇبلېتتا ۋەكىللىك

ئوخشىتىش شەكلى ئارقىلىق ياڭ زېمىننى دەۋرىدىكى چەبر - زۇلۇم، قاقتى - سوقتى قىلىش، بۇلاڭچىلىقتەك ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەم ياڭ زېمىننىڭ ماھىيىتى يىغىنچاقلانغان.

شائىر يەنە سىمۋولىستىكىنىڭ جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئابستراكت ئۇقۇمنى جانلىق، كونكرېت ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېئىرىي تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوي — پىكىرنىڭ جانلىق، تەسىرچان بولۇشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، چىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغانىدى. «باھار چېچەكلىرىدىن بىر تەسىر» دېگەن شېئىرىدا مانا مۇشۇ بەدىئىي شەكىل يىغىنچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس قىلىنغان. ئومۇمەن، شائىر سىمۋولىستىكىنىڭ ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق يالغۇز شېئىرنىڭ ئىخچاملىقىغا يېتىپ قالماستىن، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى بىلەن بىرگە ئوبيېكتىپ خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەردى. بۇ خىل ئەھۋالنى يەنە ئۇز «ئىزىدى» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرىدىن خېلى كەۋدىلىك ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىيوملاردىن كۆپ پايدىلانغان، خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدىغان، تىلنى يىغىنچاق ۋە پىشقان ھالەتكە كۆتۈرىدىغان بۇ خىل ۋاسىتىلەردىن دەل جايىدا، جانلىق پايدىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم يول ئاچقان، تىلنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇ-

رۇش، ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنى پىششىقلاش، ئىخچام قۇرۇلما ئىچىدە چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەش ھەم يوشۇرۇن، ئەگىتمە پىكىر يۈرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ شېئىرىيەت بىلەن ماقال - تەمسىل ھەم ئىدىيوملارنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىخچاملىقىنى، مۇنتىزىملىقىنى ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئىجتىمائىيلىقىنى، پەلسەپىۋىلىكىنى ئاشۇردى. شائىرنىڭ يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە زىددىيەت دراماتىك توقۇنۇش شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ۋە مونولوگى ئاساسىدا بىر ياقلىق قىلىنغان. بۇ يەردىكى دىئالوگ ۋە مونولوگ خۇددى دراما ئەسەرلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدۇ. بۇلاردىن بىز شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پروزا ئىجادىيىتى ۋە دراممىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بەزى شېئىرلىرى يەنى «ئاچىل»، «ئۇيغۇر قىزى»، «قايدىسەن»، «ئۈمىد تەبەسسۇمى» قاتارلىق شېئىرلىرى ناخشا تېكىستى شەكلىدە يېزىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى ۋە ئىجادىيەت سەپىرى جەريانىدا، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن قوراللىنىپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران كۈچلەر دىنىي مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۈزۈل - كېسىل ئىسيانكارلىق روھىنى ئورغۇتتى. ئىجتىمائىي - سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلقنىڭ ئەركىن - ئازادلىقىنى كۆزلىدى ۋە شۇ يولدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىدى. ئىجادىيەتتە تەنقىدىي

رېئالىزم ۋە قىسمەن ئاكتىپ رومانتىزمدىن ئىنقىلابىي رېئالىزمغا كۆچۈش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن، شۇنداقلا تىل جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك يېڭىلاپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۈنۈملۈك راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم بەدىئىي نامايەندىلەرنى يارىتىپ بەردى.

# ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن

ئابدۇساتتار ھاجى ئابدۇراخمان

1932 - يىل 12 - ئاينىڭ باشلىرى قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان قىش كۈنلىرى ئىدى. مەن ئۇ چاغلاردا ئون ياشلارغا كىرىپ ئەقلىمنى تېپىپ قالغان چېغىم بولغاچقا، ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتىم.

بىر كۈنى تۇرپان يېڭىشەھەرگە «پىچانغا قۇمۇلدىن خوجانىيازھاجى چىقىپتۇدەك» دېگەن گەپ تارالدى. ئاردىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئابدۇخالىق ئاكام ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتلارنىڭكىگە كەتتى.

ئۇ يەردىن ئەتىسىلا قايتىپ كېلىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۆيدىن ئەتىگىنى چىقىپ كەتسە، ئاخشىمى كەچتە كېلەتتى، بەزىدە ئاپاملارنى ئەنسىرىتىپ ئۆيگە كەلمەيتتى. بەزى كۈنلىرى بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ نېمىنىدۇر مەخپىي پاراڭلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىز ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ - تارتىپ قالساق، «مېڭىڭلار، پەسكە چۈشۈپ ئويناڭلار» دەپ بىزنى چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئاردىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، «ھىبسامىدىن باي يامۇلدىن 70 تال قورال ئەپچىقىپتۇدەك» دېگەن گەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەنلا پۈتۈن

تورپان تەۋرەپ كەتكەندەك بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ھۆنەر-
ۋەن - كاسىپ، ئوقەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن ئارتىپ
باغرى، بۆيلۇق، يار، چاتقال، تورپان قىر، يەمشى، قوشدۆڭ
تەرەپلەردىن كەلگەن دېھقانلار ئورغاقلىرىنى تۇزلەپ قىلىچ
ياساپ، تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللىنىپ يوپۇرۇلۇپ
كېلىپ تورپان يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى. ئەتىسى ئابدۇخالىق
ئاكامنى «مەخسۇتباي چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئادەم كېلىپ ئېلىپ
كەتتى. ئاكام كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى كۈنى چاي ۋاقتى ئىدى، ئابدۇخالىق ئاكام
ئېغىلدىكى ئاتنى توقۇتۇپ، كىچىك ئاكام ئابدۇقەييۇمنى
چاقىرتتى.

— مانا قورال، ئالغىن، — دەپ ئابدۇخالىق ئى-
كىچىك ئاكامغا يانچۇقىدىن بىر تاپانچىنى چىقىرىپ سۇنا
ئابدۇقەييۇم ئاكام ئابدۇخالىق ئاكامنىڭ قولىدىن تا-
پانچىنى ئالدى. ئابدۇخالىق ئاكام ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ
پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ:

— ئاتقا مىن، جەڭگە ئاتلان! مېنىڭ ئوكام بولساڭ،
ھەرگىز ئارقاڭغا يانما! دۈشمەننى تولۇق يوقىتىپ غەلىبە
بىلەن قايتقىن! — دېدى.

بۇ تورۇق ئات مىجىت ھاجى دادامدىن قالغان ئارغىماق
نەسىللىك ئات ئىدى. بۇ ئاتنى ئائىلىمىزدە ئابدۇخالىق
ئاكامدىن باشقا ھېچكىم مىنمەيتتى. ئابدۇقەييۇم ئاكام چاپ-
چىپ ئۆرەنلەپ تۇرغان ئاتقا ئەپچىللىك بىلەن مىندى-دە،
ئاتنى چاپتۇرغان پېتى جەڭگە چىقىپ كەتتى. كۈن پېتىش
قۇۋۇق تەرەپتىن پاڭىلداپ مىلتىق ئېتىلىپ، بەزىدە ئۆگزىدىن
ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچۇپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئاكام تاقەت-

ـمزلىنىپ ھويلىنىڭ ئىچىدە، قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا تىنماي مېڭىپ يۈرەتتى. ئاردىن ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ ئابدۇقەييۇم ئاكام قايتىپ كەلدى.

ـــ نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى ئابدۇـ خالىق ئاكام ئاچچىقى بىلەن. ئابدۇقەييۇم ئاكام قولىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ سول قولى قان ئىدى. ئابدۇخالىق ئاكام يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يىرتىپ، ئابدۇقەييۇم ئاكامنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان قولىنى تېڭىپ قويدى. ئابدۇـ قەييۇم ئاكام ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

كەچقۇرۇنغا يېقىن ئۇچ ئاۋازى شاڭلاپ، ئاندا ـ ساندا يىراقلاردا ئاڭلىنىپ، نامازدىگەردە پۈتۈنلەي توختىدى. كۆز بىلەن تەڭ ئابدۇقەييۇم ئاكام ئۇستىبېشى توپا ـ چاڭ باسقان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئاكام دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

ـــ قانداق بولدى؟

ـــ چېرىكلەرنى ئۇرتوقماق، سۇر توقماق قىلىپ قوغلاپ يۈرۈپ سېلىپ، قاچقانىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ قىرىپ تۈگەتتۇق، دېدى ئابدۇقەييۇم ئاكام.

ئابدۇخالىق ئاكام بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئابلا رەئىس كېلىپ ئابدۇخالىق ئاكامنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش شتابى جايلاشقان مەدرىستە ئۇنى ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم بابەن مەخسۇت مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، ماشىمىگلارنىڭ كۆتۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى بىرگە ئېلىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئاكام شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە كەلمىدى. ئاتام، ئاپاملار ئەنسىرەپ بىزنىڭ ھارۋىكىشىمىز

ئايۇپ ئاكىنى مەدرىسكە ئەۋەتتى. ئايۇپ: «ئابدۇخالىق شۇيىنىنى قوزغىلاڭچىلارغا سەنئۇجاڭ قىپتۇ. ئىشى بەك ئالدىراش ئىكەن، ئۈيگە بارالمايمەن» دېدى دەپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئاكام ئۈيگە كەم كېلىدىغان بولدى. كەلگەن چاغدىمۇ ئازراقلا ئولتۇرۇپ يەنە چىقىپ كېتەتتى. ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ قوزغىلاڭچىلار تۇرپان كونىشەھەرنىمۇ ئالدى.

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي قۇمۇل تەرەپتىن تۇرپانغا باستۇرۇپ كەلدى. ئادەم تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى. ئاپام، ئانام ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار جەم بولۇپ ئاتنى تەييارلاپ ئابدۇخالىق ئاكامغا «شەھەردىن چەتكە چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدۇ» دەپ كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئابدۇخالىق ئاكام ئۇنداق سۆزلەرگە بىرەر ئىپادە بىلدۈرمەي قاپىقىنى تۈرگەن پېتى گەپ قىلمىدى.

ئانام يىغلاپ تۇرۇپ: «دەرھاللا ئاتقا مىنىپ چىقىپ كېتىڭ!» دېگەندە، ئابدۇخالىق ئاكام:

— مەن ئوغۇل بالا. ئوغۇل بالا ئەل - يۇرتىنى تاشلاپ قاچمايدۇ، مەن قېچىپ كەتسەم، ئەل - يۇرت، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى دۈشمەن قىيناپ ئازابلايدۇ. مەن نېمە بولسام ئەل - يۇرت، خەلق بىلەن بولىمەن. خەلقتىن ئايرىلمايمەن، — دەپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئابدۇراخمان قارى، ئابدۇمېيىن ھاجى، لاۋسۇڭلارنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى كەتمەي قېپقالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي روزى موللا قاتارلىقلارنىڭ مەلۇمات بېرىشى بىلەن شېڭ شىسەي ئابدۇخالىق ئاكام بىلەن بىرگە 400 دىن ئوشۇق بىگۇناھ ئادەمنى قاماققا ئالدى.

ئابدۇخالىق ئاكامنى تۇرپان كونىشەھەردىكى زىندانغا

قالمىدى. مەن ئانام ئەرەمساھاجى بىلەن كۈندە ئاكامغا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتىم.

1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھاۋا تۇتۇق، ئاسماندىن توپا يېغىپ تۇراتتى. مەن ئانام بىلەن ئىشەكلىك ئەتىگەندىلا كونىشەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپ، ئابدۇخالىق ئاكامغا تاماق ئېلىپ باردۇق. بىزنى كونىشەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن چېرىكلەر توسۇپ كىرگۈزمىدى. كوچىدا مىلتىق كۆتۈرگەن، قىلىچ ئاسقان چېرىكلەر ئالدىنقى كۈنلەردىكىدىن جىق ئىدى. بىز ئېلىپ كەلگەن تاماقنى ئامبالنىڭ كاتىپى ئابدۇل جەگەن دېگەن ئادەمگە بېرىپ قويۇپ كەينىمىزگە ياندۇق. بىردەمدىن كېيىنلا كوچىغا ئەسكەرلەر توشۇپ كەتتى. گوباڭ دېگەن خەنزۇنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئۇ ئانامنى ھويلىسىغا چاقىرىۋالدى. ئانام گوباڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. مەن يوچۇقتىن قارىسام كوچىدا مىلتىق-قىلىچ ئاسقان ئەسكەرلەردىن باشقا ئادەم يوق، ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى.

بىردەمدە كوچىدىن يېڭىشەھەر تەرەپكە كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۆتۈپ بولدى. بىز چۈشكە يېقىن ئانام بىلەن ئۆيگە قايتتۇق. يېڭىشەھەرگە بارساق كۈن چىقىش دەرۋازىدا ئورۇس ئەسكەرلەر تۇرۇپتۇ، بىزنى كىرگۈزمىدى. بىز شەھەرنىڭ جەنۇبى بىلەن ئايلىنىپ كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگە «دياڭ زىخۇي 17 ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم.

ئانام ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

مەن «ئابدۇخالىق ئاكام قانداق بولۇپ كەتكەندۇ» دەپ يۈگۈرۈپ، شەھەر ئىچىگە — بۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كوچىنىڭ

بېشىدا تۆت ئورۇس ئەسكەر مىلتىق تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ[illegible]نىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيدان قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ. ئىككى - ئۈچ چامدامدا بىر ئۆلۈك قانغا بويالغان هالدا يېتىپتۇ. هەر بىر ئۆلۈكنىڭ يېنىدا بىر ئەسكەر قوراللىق تۇراتتى. مەن قانغا بويىلىپ ياتقان جەسەتلەرگە سەپسېلىپ، جان - جىگەر ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گەۋدىسى ۋە يوغان بېشىدىن ئۇنى تونۇۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم.

ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ۋەھشىي جاللاتلار ئاكامنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تونۇغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ! ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان تۆمۈر هاجىنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى يۇلۇۋاپتۇ! نەمتۇل هاجىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىپتۇ! مەن ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئۆيگە كېلىپ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئانىملارغا يەتكۈزدۇم. هويلىنىڭ ئىچى يىغا - زارغا چۆمدى ...

بىر دەمدىن كېيىن ئايۇپ شاڭيۇ، هوشۇر هاجىلار ئادەم باشلاپ كېلىپ ئامبىرىمىزدىكى بۇغداي، قوناق ئۇن- لىرىنى يۈز تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتتى. بىزگە ئاران بىر تاغار قوناق ئۇنى قاپتۇ. ئۇنىمۇ ئايۇپ هارۋىكەش ئېلىۋاپتۇ. جاللات ئەسكەرلەر كېلىپ ئىشىكلەرگە پېچەت چاپلاپ تاختاي بىلەن مىخلىۋەتتى. ئۇلار ئابدۇخالىق ئاكامنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ ئۆمۈر بويى يىغقان كىتاب - ماتېرىياللارنى ئالدىدىغانىنى ئېلىپ، يىرتىدىغانىنى - يىرتىپ، كۆيدۈرىدىغانىنى - كۆيدۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە بۇ يىل 54 يىل بولغان بولسىمۇ، ئېنىق ئېسىمدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

جان - جىگەر ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇندىن 54 يىل بۇرۇن ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆكرەك

كىرىپ چىقىپ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ قانلىق تىلىچى ئاستىدا مەردلەرچە قۇربان بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاكامنىڭ نامى ئەسلىگە كېلىپ، ئۇ يازغان ئەسەرلەر يورۇقلۇققا چىقىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئاكامنىڭ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. قەبرىسى يېڭىدىن ياسالدى.

بۈگۈنكى كۈندە مانا مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكتە. مەن ۋە مەرھۇم ئاكامنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۈگۈندىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كۆز ياشلىرىمىزنى توختىتالمىدۇق. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزگە مىڭ رەھمەت!

(مەھەممەت شانىياز ،ەتلىگەن)

# كۆيۈمچان ئاكا، تەلەپچان ئۇستاز

## خىلىچەخان ھاجى ئابدۇراخمان

ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، مېنىڭ كىچىك چاغلىرىم ئىدى. ئاپاملار ئابدۇخالىق ئاكامنى «سوۋېتكە ئوقۇشقا كەتكەن» دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكام قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا بىز تۇرپاندىكى باللار ئۇ چاغلاردا پەقەت كۆرۈپ باقمىغان ئېلىپبە كىتاب، قېرىنداش - قەلەم، دەپتەر سوۋغىلىق ئەكەلگەنىدى. ئاكام بەرگەن سوۋغىنى ئېلىپ خۇشاللىقىمدىن دەرھاللا دوستلىرىمغا كۆرسەتكەنىدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاكام ھويلىدىكى بىر ئۆينى بىكار قىلدۇرۇپ ئۇنى سىنىپ قىلىپ ئۆزى مۇئەللىم بولۇپ بىزنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى. بىز ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، ئۇرۇق - تۇغقان، خولۇم - قوشنىلارنىڭ باللىرى بولۇپ ئوندىن ئوشۇق باللا ئابدۇخالىق ئاكام ئېلىپبە ۋە ھېسابتىن ئۆزى دەرس ئۆتەتتى. ئاكام بىزنى يېشىمىزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ قويغانىدى. بىرىنچى گۇرۇپپىدا بىزدىن يېشى چوڭ بولغان ئابدۇجاپپار ئاكام، توختىخان ئايلام، ئىبراھىم ھەسەن ئاكام، ئابدۇراخمان شامەرەم قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىككىنچى گۇرۇپپىدا بولسا ئابدۇساتتار ئاكام، سىراجىدىن زۇپەر، مەن قاتارلىق باللار بار ئىدۇق.

ئاكام ئىنتايىن تەلەپچان ئوقۇتقۇچى ئىدى. شۇ كۈنى ئۆتكەن دەرسنى شۇ كۈنى ئاخشىمى يېزىپ، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولمىغۇچە بىزگە ئويناشقا رۇخسەت قىلمايتتى. بىزنىڭ ئاكىمىزنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەيتتۇق. ئۇ بىزگە، سىلەر ياخشى ئوقۇڭلار، بىلىملىك بولۇڭلار، بىلىمسىزلىك، نادانلىق قاراڭغۇلۇقتىنمۇ يامان، كۆزى كور ئادەم بىرەر كىشى يېتىلىمىسە ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالمايدۇ. بىلىمسىزلىك خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەر تىرىشىڭلار، سىلەر كېلەچەكنىڭ ئىگىسى، دەپ تەربىيە بېرەتتى. ئاكامنىڭ بۇ گەپلىرى ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ.

ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. توختىخان ئايلام بىز بىلەن بىللە ئوقۇۋاتقان، 13 ـ 14 ياشلارغا كىرگەن چېغى ئىدى. بىر كۈنى ئاتام ئابدۇخالىق ئاكامغا شۇنداق دېدى:

— ئابدۇخالىق، بەس ئەمدى، سىڭلىڭ توختىخانغا رۇخسەت قىل، بولدى، ئۇ ئەمدى ئوقۇيمەن دەپ يۈرمىسۇن، ئۇ چوڭ بوپ قالدى ئەمەسمۇ، ئەمدى ئۇ ئاپاڭدىن كەشتە تىكىشنى، يىڭنە ئىشىنى ئۆگەنسۇن، قىز بالا ئەمەسمۇ.

ئابدۇخالىق ئاكام ئاتامنىڭ گەپلىرىنى جىم تۇرۇپ تىڭشاپ بىرەر نېمە دەپ ئېغىز ئاچمىدى. ئاتام گېپىنى تۈگىتىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئاكام ئاتامنىڭ كەينىدىن قاراپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ بىزگە قاراپ نەسىھەت قىلدى: ئۇكىلىرىم، بىلىم ئېلىشتا ئوغۇل، قىز دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ. مەيلى ئوغۇل بالا بولسۇن، مەيلى قىز بالا بولسۇن، ھەممىسىگە ئوخشاشلا

بىلىم كېرەك. قىز بالا بولسىمۇ بىلىملىك بولغانغا يەتمەيدۇ.
دەرەخنىڭ تۈۋرۈكى بولمىسا دەرەخ قۇرۇپ، قىلىپ كۆكلىمەل-
مەيدۇ. ئادەممۇ بىلىم بولمىسا، بۇنىدىن كېيىنكى جەمئىيەتتە
كۈنى تەس بولىدۇ.
ئاردىن بىرەر يىل ئۆتۈپ ئاكامنىڭ ئىشلىرى ئالدى-
راش بولۇپ كەتتى. بىز نىيازھاجىنىڭ قورۇسىدىكى مەكتەپ-
كە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدۇق.
كۈز كۈنى ئىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئاپام-
غا «مەكتەپكە خەمەك ئېلىپ بارىمەن» دەپ جېدەل قىلى-
ۋېدىم، ئاپام بىر سەر پۇل بېرىپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇر-
غان سېۋەتنى كۆرسىتىپ: «ماڭ، شۇنىڭغا خەمەك سېتىۋېلىپ
كىرىپ، ئالدىنىڭنى ئېلىۋېلىپ مەكتىپىڭگە ماڭ» دېدى.
مەن بىر سەر پۇلنى ئېلىپ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بازارغا بار-
سام بىر باققال ساپلا كىچىك خەمەكلەرنى تاللاپ سېۋىتىم-
نى تولدۇرۇپ بەردى. ھويلىغا كىرىشىمگە ئاپام «خەسلا
كىچىك خەمەكلەرنى ئەكىلىپ پۇلنى زايا قىپسەن، ماڭ،
ياندۇرۇپ ئاچىقىپ بەر» دەپ تىرىكىپ كەتتى. مەن ئاپام-
دىن قورقۇپ خەمەك توشقۇزۇلغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ھوي-
لىمىزنىڭ دەرۋازىسىدىن كوچىغا چىقىپ تۇراتتىم. بازار تە-
رەپتىن ئابدۇخالىق ئاكام كېلىپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:
— بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرۇپسەن؟ نېمىشقا مەكتەپكە
بارمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
مەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋېدىم ئۇ ماڭا:
— ئۇكام، ئوقۇغۇچىنىڭ بىر سائەت ۋاقتى بىر سەر
ئالتۇندىنمۇ قىممەت. ھازىر مەكتەپلەردە دەرس باشلىنىپ
قالدى، ماڭ، يۈگۈر، سېۋەتنى ھويلىغا ئەكىرىپ قويۇپ مەك-

تەپىڭگە ماڭ. بىر سەر پۇل دېگەننىڭ كارى چاغلىق. ئا-
پامنا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، — دېدى.

مەن جىلتەمنى ئېسىپ مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

ئابدۇخالىق ئاكام بىز بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەنە
شۇنداق كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئارىدىن بىر - ئىككى يىل ئۆتۈپ كۆيۈمچان ئاكام-
دىن ئايرىلدۇق. كونا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سەۋەبلەر،
تۇسالغۇلار تۈپەيلىدىن مەن مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇيالماي
قالدىم. ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلىگىنىمدە، ئۆزۈم-
نىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىمغا بەكمۇ ئېچىنىمەن. مەن
بۈگۈنكى ياش ئۆسمۈر بالىلىرىمىزنىڭ ئالتۇندەك قىممەت-
لىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي، مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ
بىلىم ئىگىلەپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇپ
چىقىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ
ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(مەھەممەت شانىياز رەتلىگەن)

# مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن

## ئېزىز نىيازى

1932 - يىل 7 - ئايلار ئىدى، مەن قۇمۇلدىن تىجارەت بىلەن تۇرپانغا كەلدىم. ئۇزۇن ۋاقىتتىن كۆرۈشمەككە مۇشتاق بولغان زامانىمىزنىڭ ئىنقىلابىي مەشھۇر شائىرى — ئىپتىخارىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىزدەپ بېرىپ زىيارىتىگە نائىل بولدۇم.

مېنى خەلقپەرۋەر ياش زىيالىي دوستۇم ئابدۇراخمان ئەئىمى① باشلاپ بارغانىدى.

ئىشىكنى قاققىنىمىزدىن كېيىن شۇ مىنۇتتا ئۆيى ئىچىدىن قىياپىتى گۈزەل بىر يىگىت چىقتى - دە، گويا تونۇش دوستىنى كۆرگەندەك تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئالدىمىزغا كېلىپ بىزدىن ئاۋۋال سالام قىلىپ قىزغىن قول سىقىپ كۆرۈشتى، خوش، قېنى مەرھابا، مەرھەمەت، دەپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەدەپ بىلەن ئۆيگە كىردۇق. ئامانلاشقىنىمىزدىن كېيىن، ئابدۇراخمان مېنى تونۇشتۇردى ۋە كۆرۈشكە ئارزۇمەن ئىكەنلىكىمنى تەرىپلىدى. بۇنى ئاڭلىغان شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت سىزگە، مەنمۇ سىزدەك ئاشىققا مەشۇقمەن، ئەمما مەشۇقلۇق ھۆددىسىدىن

① ئابدۇراخمان ئەئىمى - شۇ يىللاردا ياشىغان شائىر ئىدى.

چىقىش لاياقىتىم يېتەرسىزرەك، شۇنداقتىمۇ مەن سىزگە ئوخشاش دوستلارنى چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن» دېدى.

سۆھبىتىمىز شېئىرىيەت ئۈستىدە باشلاندى. مەن شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىمنى ۋە ئاددىي، ئۇزۇن - قىسقا بىر نەرسىلەرنى يېزىپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. شائىر سۆزۈمنى ئاڭلاپ، «يازغان بىرەر شېئىرىڭىز بولسا ئاڭلاپ باقساق» دېدى. مەن تۇمۇل ۋاڭنىڭ زۇلمى، بەگلەر، تەييار تاپلار توغرىسىدا ۋە ياشلارغا قارىتا 30 - يىلى يازغان بىر ھەجۋى شېئىرىمنى كۆرسەتتىم. ئوقۇپ كۆرۈپ «بولىدۇ، كەلگۈسىدە ياخشى شائىر بولغۇدەكسىز. ھېچكىم تۇغما شائىر بولغان ئەمەس، چەت تىللاردىن ئاز - تولا سەۋىيە بولغاندا، شېئىرىيەت زىننىتى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىدۇ. مەسىلەن، ناۋائى، فۇزۇلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىنى كۆرسەك، بۇنى ئوچۇق ھېس قىلىمىز. ئۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانغا مەلۇم يۇقىرى دەرىجىلىك شائىر ۋە پەيلاسوپلىرى ئانا تىلىدىن باشقىمۇ چەت تىللارنى بىلگەن بولۇپ، ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا زور ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن، مانا مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئوقۇش كېرەك.

ئىجادىيەت يارىتىشتا مەقسەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەدەبىياتتا تىل سەنئىتى - ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەينىكى، بۇ ھەقتە نامۇق كامالنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار:

«دولۇ① قەلبىڭ ئىلەخۇنى جىگەر ئىلە غەزەلىيات،
ئايىنەسىدۇر ھەر مىللەتنىڭ دىل② ئەدەبىيات»

① دولۇ — تولۇ
② دىل — تىل

دېمەك، ياخشى ئەسەر سىزدەك ھەۋەسكارلارغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ، شېئىر بولسۇن، نەسرىي بولسۇن، جانلىق، ئەمەلىي بولسا ئوقۇغانلار قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، پايدىلىنالايدۇ. ئەرەبلەر شېئىرغا بەك يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شېئىر ھەققىدە مۇنداق بىر سۆزى بار: «شېئىرىيەت ھېكمەتنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك، شۇنداقلا ئۇ باشقىلارنى ئۆزىگە سەھىرگەرلىك بىلەن جەلپ قىلالىشىمۇ كېرەك» شۇنىڭدەك بىر ئەزەربەيجان شائىرى شۇنداق دېگەن: «مىسالى، شېئىرىي پىكىر شۇ قەدەر جەزىبىلىك ۋە قۇدرەتلىكدۇركى، ئۇنىڭ يېنىدا باشقىلار سۇنۇق ۋە روھسىز كۆرۈنىدۇ»، ھەقىقەتەنمۇ مىللىي ئەدەبىيات تەشۋىقاتىنىڭ جانلىق قورالى. بۇ ھەقتە گەپ جىق. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق روھىغا باغلىق» دېدى. مەرھۇم ئۇستازنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ تەۋەررۇك سۆزلىرىنى يېزىپ ئولتۇردۇم.

ئاندىن كېيىن سۆھبىتىمىز زامان ئۈستىدە بولدى. ئۇ شۇنداق دېدى: «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زالىملىقى ۋە ياشلارنىڭ غالىپلىقى توغرىسىدا يازغان تەنقىدىي شېئىرىڭىز ئوبدان بوپتۇ. مۇشۇنداقلارنى تازا يېزىش كېرەك. بىزدىكى غەپلەت بالاسىدىن يېتىلىۋاتقان ئېزىلىش، مەھكۇملۇق نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق - ھە! بىچارە مىللەتنى باش كۆتۈرتمەي بولۇۋاتقان ئۇۋالچىلىقلارنىڭ ئاساسىي ئامىلى يۇقىرىسى فېئودال مىلىتارىستلار بولۇپ، يۇرتىمىزدىكىلىرى جاڭجۇڭ، دوتەي، شەنتەي، لويى دارىن، ئۆزىمىزدىن چىققان زالىملاردىن ۋاڭ - بەگ، جىسا، شاڭيۇلارغا ئوخشاش خائىن، قانخورلار. ئەمما بىزدە بۇنداقلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا ئىقتىدارلىق باتۇر، يۈرەك قەھرىمانلار بار بولسىمۇ، باش

كۆتۈرتمىگەنلەر يەنىلا يۇقىرىدىكى سېتىلمىلار. كەلگۈسىدە يۇقىرىقىلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ ھۆرلۈك ـ مۇساۋات كۈنلەرگە يېتىشىدىغان نۇرلۇق كۈنلەر ئالدىمىزدا. بۇ ھەقتە كەلگۈسى ئەۋلاد ئۇلۇغ ئۈمىد تۇغىنى تىكلەشكە ھازىر تۇرۇۋېتىدۇ.

ئەمدى مەدەنىيەتتىن بىخەۋەر شەخسىي مەنپەئەت زىللەتىگە بويالغان بېخىل بايلارغا كەلسەك، ئۇلارغا لەنەت! نەپرەت! بۇلار خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇشتەك خوتۇن قەھرىمانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، 20 ـ 30 لاپ نىكاھ ئىگىسى بولالىغانلىقتىن خۇش بولۇپ سۆزلەيدۇ. بۇلار مەدەنىي مائارىپ، دارىلشىپتام دېگەندىن تامامەن بىخەۋەر، دۇنيادىن بىخەۋەر مۇشۇنداقلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر.

دىنىي ئالىملىرىمىزدىن تېخى ئۈمىد يوق، مۇنەۋۋەر ئەمەس، ئۇلار ئوقۇشتىكى كۆز قاراشلىرىدا، پەقەت دىنىي ئىلىمنى ئاساسىي ئىلىم دەپ، پەن ئىلىمگە تۆۋەن نەزەردە قارايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق زىيانلىق قاراشلىرى نەتىجىسىدە ياش ئەۋلادلىرىمىز ئىلىم ـ پەندىن مەھرۇم قېلىپ، يامان ئاقىۋەتلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، ئىسلام دىنىدا پەننىڭ زىت كېلىدىغان، پەنگە ئىسلام دىنىنىڭ زىت كېلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، بەلكى ئىسلام پەننى قارشى ئالىدۇ» دېدى.

ئاخىرىدا، قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، يېڭىلىقلار بولسا يېزىپ تۇرۇڭ، دەپ مەرھەمەت قىلدى. مەنمۇ قەلبىمدىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى ۋە كۆپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم. بىز تائامدىن كېيىن قايتتۇق.

# ئۇنتۇلماس خاتىرە

## ئابدۇگۈلى ئابدۇللا

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋاپاتىغا 54 يىل بولدى. مەن يېرىم ئەسىر مابەينىدە شائىرنى چوڭقۇر قايغۇ ۋە كۈچلۈك سېغىنىش ئىچىدە دائىم ئەسلەپ كەلدىم.

مەن بۇ يىل 76 ياشتىن ھالقىدىم. بەختكە قارشى مېنىڭ كۆزۈم ئاجىزلىشىپ قالغىنىغا 30 يىلدىن ئاشتى. بىزنىڭ مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئاتا جەمەتىمىزنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش خېلى قويۇق ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن چاغدا مەن 18 - 19 ياشلاردا ئىدىم. مەن ئۇ چاغدا تۇرپان يېڭىشەھەر ئاق سارايدىكى ھەمدۇللا دامولLAMنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇيتتۇم. بۇ چاغلاردا مەنمۇ شېئىرىي كىتابلارنى ناھايىتى قىزغىن ھەۋەس بىلەن ئوقۇيتتۇم؛ ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىنى ئىزلەپ يۈرۈپ تېپىپ ئوقۇپ كېتەتتىم. شۇ چاغلاردا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنى كونا جاھالەتلىك تۈزۈمگە قارشى كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەركىنلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەت ساداسى جاراڭلاپ

تونۇرغان ئۆتكۈر شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ شېئىرلىرى باشقىلار قاتارىدا مېنى ئۆزىگە ئاتتىق جەلپ قىلىپ قىزىقتۇراتتى.

1931 - يىللىرى، شائىر ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىل ئالدىدا شائىر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە چىققانىدى. شائىرنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى قىياپىتى ۋە چەسۇر ئوبرازى مېنىڭ ھېلى ھەم ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بېشىدا شلەپە، بوينىدا گالستۇك، ئۇچىسىدا كاستيۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا ئىبلىت كىيگەن، بېشىغا چاچ قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قوندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

— قالتىس باشقىچىلا كىيىمەرنى كىيىپ، بېشىڭىغا ئۇرۇسچە چاچ قويۇۋاپسەنغۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئابدۇگۈل، — دېدى ئۇ، — بۇنىدىن كېيىنكى ياشلارنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى، كىيىنىشى مۇشۇنداق بولىدۇ.

شۇ كۈنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر داستىخاندىن يېنىپ ھويلىمىزغا چىقىپ، خىيال سۈرۈپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردىتتى. مەن كەينىدىن چىقىپ شائىرنىڭ يېنىغا بېرىشىمغا مېنى چاقىرىپ يانچۇقىدىن بىرنەچچە ۋاراق شېئىر يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ سۇندى. مەن قىزىقىپ ئوققۇدۇم. بۇلار جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمىگىنىگە 60 يىلچە بولغان، بۈگۈنكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سوۋغا قىلىۋاتقان «ھەسرىتىم»، «زۇلۇم تارىخى» ۋە پارىخور روزى موللا ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ئىدى.

مەرھۇم شائىرنى جاللاتلارغا تۇتۇپ بەرگەن روزى موللا بىلەن شائىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تارىخىي زىددىيەت بار ئىدى. روزى موللا ئەسلى بىر ساتقىنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇپ

ئالغۇچىسى بولۇپ، شۇ ئىشنىڭ ئالدىدىكى يىللى ھۆكۈمەت تورپان خەلقىگە 750 دادەن ئاشلىق سېلىق تاپشۇرۇشقا روزى موللىغا يارلىق چۈشۈرسە، ئائىنساپ روزى موللا ئۇ- نىڭغا يەنە بىر ھەسسە چاپلاپ قوشۇپ تالىپ شاگىيۇ، مە- سۇم شاگىيۇ، ئابلىز شاگىيۇ قاتارلىق شاگىيۇلاردىن 1400 دا- دەن ئاشلىقنى دېگەن مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. 700 دادەن ئاشلىقنى ھۆكۈمەت سېڭىغا، قالغىنىنى روزى موللا ئۆزىنىڭ مەخسۇس سالدۇرغان سېڭىغا قۇيدۇ- رۇپ، يىل ئاخىرىدا بۇ ئاشلىقنى دارىن بىلەن ئىككىسى بۆلۈشۈپ ئالىدۇ. خەلقنىڭ ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى چىرىك مۇستەبىت ھۆكۈمەت تارتىۋالغاندىن تاشقىرى، روزى موللا ئۆز قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ كەلگەنلىكىگە چىدىيالماي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ شېئىرنى يازغان:

«روزى موللا سەنمۇ ئادەم، تەۋبە قىل ئەسلىڭگە يان،
چۈنكى بولدى سەن يۆلەنگەن تاش داۋاننىڭ قۇم داۋان.
ئەسكە كەلتۈر، خەلقىمىزگە نى زۇلۇملار ئەيلىدىڭ.
قىلما ئۈمىد، تۇتما ماتەم، ئەمدى كەتتى شۇل زامان.

سەن زالىم بولۇپ خەلققە زۇلۇم ئەيلەپ تىنمىدىڭ،
زار قاقشىتىپ خەلقنى قىلچە رەھىم قىلمىدىڭ.
ھەر كۈنۈڭنى كەچ قىلالماي لالما ئىتتەك قاتراپ،
ئاخىرەتكە بارغىنىڭدا كۆرەرىڭنى بىلمىدىڭ.

جىن شۇرپىندىن كەلسە بۇيرۇق بىرەر خىراجەت توغرۇلۇق،
سەن بىرىنى يۈز قىلىپ ھەر كىمگە مىڭ سەر چاپلىغان.

كىم ئۇنى چاپسان تۈگەتسە چىقار دوزاخ ئاستىدىن،
بولمىسا سەن شەپقەت قىلماي پۇت - قولىنى باغلىدىڭ.»

بۇ ئۆتكۈر مىسرالار نائىنساپ روزى موللىنىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتكەن. شۇندىن بېرى روزى موللا ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن چۆچۈپ ماڭا بالايىئاپەت كەلتۈرگۈدەك دەپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن. قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان شېڭ شىسەي تۇرپانغا كەلگەندە، روزى موللا قاتارلىق ھۆكۈمەت يالاقچىلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى «مۇشۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەشۋىقاتچى رەھبىرى»، دەپ چېقىشتۇرۇپ تۈرمىگە سولىتىۋەتكەن.

شائىر دۈشمەن تۈرمىسىدە يۇمشاق - قاتتىق ۋاستىلەرگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان، سۈيىقەستى ئىشقا ئاشمىغان زالىم شېڭ شىسەي 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شائىرنى سەپداشلىرى بىلەن سازايى قىلىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىققان. شۇ يەردە ئەينى ئەھۋالنى كۆرگەن دۇمڭلىق ئابدۇل مىسكەرچىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، شائىر جازا مەيدانىدا بوينىغا قىلىچ تىرىلىپ تۇرسىمۇ، دۈشمەنگە باش ئەگمەي، ئۆلۈم ئالدىدا يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىگەن ۋە تۆۋەندىكى شېئىرنى ياڭراق ئاۋاز بىلەن ئوقۇغان:

«ئەسىر بولۇپ قالدىمەن دۈشمەن قولىدا،
پۇت - قولۇم باغلاندى ئۆلۈم ئالدىدا.
چېپىلسا قىلىچتا بۇ ئەزىز تېنىم،
تۆكۈلگەي زېمىنغا پاك قىزىل قېنىم.

بىزگە بار ھەر قاچان ئۆلۈم يا كۆرۈم،
ئۆلۈمدىن قورقماقلىق ئۆزى بىر لۆم - لۆم.
كۆتۈرگىن بېشىڭنى تىك تۇت قەددىڭنى،
جەڭ قىلىپ ئۆلسەممەن ئېچىلاي گۈلۈم.»

شائىر بويىنىغا قىلىچ تېگىپ شارىلداپ قان ئېقىپ تۇرغان ھالدا، «ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن زۇلۇم» دەپ توۋلىغىنىچە يىقىلغان. شائىرنىڭ پاجىئەلىك ھالدا قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بىرقانچە كۈنگىچە كۆزۈمدىن ئىسسىق يېشىم تۇرۇمىدى. بىللە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرىم ماڭا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈپلا تۇردى. مانا شۇندىن بېرى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى قارىيلاردەك يادلىۋېلىش ئىشتىياقى پەيدا بولۇپ، يادلاشقا كىرىشىپ كەتتىم. شائىرنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ئورناتقاندەك ئورۇنلىشىپ قان-قېنىمغا سىڭىپ كەتتى. شائىرنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن يازغان بىر قىسىم شېئىر-قوشاقلىرىم تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولالماي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمدە، ساقلىنىپ كەلدى.

مەن شائىرغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزلەپ بۇندىن باشقا شېئىرلىرىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىشقا تىرىشىمەن.

(ياقۇپجان ئۆمەرى رەتلىگەن)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مۇتەللەپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭلۇ كوچىسى №34)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 10.5
1988 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 2,360 —— 1
ISBN 7 — 228 — 00535 — X/I·179
باھاسى: 1.40 يۈەن